# ئۇيغۇر

# خەلق چۆچەكلىرى

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

(2)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت سادىق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ت، يەخمىردىن

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (2)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت سادىق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ ۋۇجاچۈي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 8
1982-يىل 1-ئاي 1-نەشرى
1993-يىل 11-ئاي 4-بېسىلىشى
تىرىژى: 38,301—41,250
ISBN 7-228-00841-3/I·294
باھاسى: 2.10 يۈەن

# مۇندەرىجە


چىن تۆمۆر باتۇر ........ 1
بۇلبۇلگويا ........ 17
مەستان كەمپىر ........ 36
ئىسكەندەر بىلەن ھۇرلىقا ........ 59
ئالتۇن كوكۇللۇق بالا ........ 77
ھۇۋەي باتۇر ........ 90
ئەقىللىك بالا ........ 97
ۋىجدانلىق مەلىكە ........ 106
يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ........ 116
ئۇچ مىڭ تىللالىق ئۇچ سۆز ........ 123
ئالتۇن شەمشەر ........ 129
ئەپچىلەم ........ 137
ھېكمەتلىك ساندۇق ........ 142
قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ ........ 147
كەنجى باتۇر ........ 153
باي بىلەن مەسۇم تاز ........ 158
چېچەن تاز ........ 163
ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشۈر ........ 173
ئانار ........ 176
چېچەن قىز چىمەنخان ........ 178
دانىشمەن قىز ........ 184
چوكان ........ 188
كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن ........ 190
چېچەن كېلىن ........ 193

سەۋەبنى تېپىپتۇ ........................ 197
كۆرەڭ بايۋەچچە بىلەن پەملىك ئايال ........................ 200
پادىشاھ بىلەن باققال ........................ 205
گوموش شاھزادە ........................ 207
ئىككى ئالدامچى ........................ 209
ئىككى ھورۇننىڭ ئۆلۈمى ........................ 214
ۋاپاسىز بالىلار ........................ 217
بۆرى، تۈلكە ھەم بۆدۈنە ........................ 222
موماي بىلەن بۆرى ........................ 237
تۆت دوست ........................ 241
ھىيلە ـ مىكىر ........................ 245
پاشا نېمە ئۈچۈن غىڭشىيدۇ؟ ........................ 248
ماختانچاق پاشىلار ........................ 250

# چىن تۆمۈر باتۇر

قەدىمكى زاماندا ئىلى ئىقلىمىدا چوڭ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىككى خوتۇنى بولسىمۇ، ئەمما پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام ئىكەن. ئۇ، خاپىلىقىنى بېسىش مەقسىتىدە ھەر دائىم شىكارغا چىقىپ تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

ئاي، كۈنلەر ئۆتۈپ، پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنى ھامىلدار بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ شىكارغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ كەتكەندە، كىچىك خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىراق، پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى ئىچى تارلىق قىلىپ، بالىنى كۆلگە تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا ئىتنىڭ كۈچۈكىنى ئەكىلىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كەلگەندە چوڭ خوتۇنى ئالدىغا چىقىپ:

— ئى پادىشاھىم، كىچىك خوتۇنلىرى كۈچۈك تۇغدى، — دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ كىچىك خوتۇنىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا چوڭ خوتۇنى ھىيلىگەرلىك بىلەن:

— ئۆلتۈرمىسىلە، پادىشاھى ئالەم. بۇ نۆۋەت مەن بىر قوشۇق قېنىنى تىلىۋالاي، — دەپ يالۋۇرغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كىچىك خوتۇنىنى بىر قېتىمغا ئامان قالدۇرۇپتۇ.

ئاردىن يەنە بىر قانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ

كەچمەك خوتۇنى يەنە ھامىلدار بولۇپتۇ. پادىشاھ يەنە بۇ-
رۇنقى ئادىتى بويىچە شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن، بۇ
قېتىم كەچمەك خوتۇنى قىز تۇغۇپتۇ. چوڭ خوتۇنى بۇنىمۇ كۆلگە
تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا مۈشۈك بالىسىنى ئەكىلىپ قويۇپتۇ.
پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، چوڭ خوتۇنى پادى-
شاھنىڭ ئالدىغا مۈشۈك بالىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ قېتىم كەچمەك خوتۇنلىرى
مۈشۈك تۇغدى، يۇرت ئىچىدە يۈزىمىزنى يەر قىلىۋەتتى،
بۇ نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق، — دەپ يالغاندىن يىغلاپ
ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ. ئاچچىقلانغان پادىشاھ كەچمەك
خوتۇنىغا ئېغىر جازا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى بالىلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى:

چوڭ خوتۇنى كۆلگە تاشلىۋەتكەن ھېلىقى بالىلارنى
بىر ئېيىق سۇدىن ئاچىقىپ، جاڭگالغا ئېلىپ كېتىپ بې-
قىپتۇ. بالىلار ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ. ئەقىلگە كەلگەندە ئۇلار
بىر - بىرىگە ئات قويۇشۇۋاپتۇ: ئوغۇلنىڭ ئېتى چىن تۆمۈر،
قىزنىڭ ئېتى مەختۇمسۇلا بوپتۇ. بۇ بالىلار سەھرانىڭ ساپ
ھاۋاسىدا ساغلام، كۈچلۈك ھەم بەك چىرايلىق بولۇپ ئۆ-
سۈپتۇ. كېيىنچە ئۇلار ئېيىقتىن ئايرىلىپ، جاڭگالنىڭ
بىر چېتىگە ئۆي ياساپ، شۇ ئۆيدە ياشاشقا باشلاپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر كەچمەك چېغىدىلا ئوۋ قىلىشنى ئۆ-
گەنگەچكە، تۇرلۇك جان - جانىۋارلارنى تۇتىدىغان ئاجا-
يىپ باتۇر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا چىققاندا
ئالغۇر بۈركۈتنى قولىدىن، ئارغىماق ئېتى ئاستىدىن، كاپ-
كاپ كۈچۈكى يېنىدىن ئايرىلمايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىپ
كېتىۋېتىپ سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىڭلىم مەختۇمسۇلا، مەن ئۇۋدىن قايتىپ كەلگۈچە ئۆگزىگە چىقما، ئوتنى ئۆچۈرمە، سۇنى كۆچۈرمە، توخۇنى «تاخ» دېمە، مۈشۈكنى «پەش» دېمە، ئوت ئۆچۈپ قالسا، تۈتۈن چىققان ياققا ئوت سوراپ كېتىپ قالما.

شۇ گەپلەردىن كېيىن چىن تۆمۈر باتۇر مىسران قىلىچىنى ئېسىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، كاپ - كاپ كۈچۈكىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئالغۇر بۈركۈتىنى قولىغا قوندۇرۇپ ئۇۋغا مېڭىپتۇ.

ئارىدىن بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەختۇمسۇلا يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ، ئۆگزىگە چىقىپ بېشىنى تاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مۈشۈك بىلەن توخۇسىمۇ ئۇنى ئەگىشىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ. مۈشۈك مىياۋلاپ، توخۇسى قاقاقلاپ مەختۇمسۇلانىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپتۇ، مەختۇمسۇلا مۈشۈكنى «پەش»، توخۇسىنى «تاخ» دەپ قوغلاپتۇ. مۈشۈكى بىلەن توخۇسى ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مۈشۈك ئوچاق يېنىغا كېلىپ چۆگۈنىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. توخۇ كۈلنى تاتىلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆيگە كىرىپ ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ناھايىتى قايغۇرۇپ يەنە ئۆگزىگە چىقىپتۇ. «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ يىغلاپ ئولتۇرسا، ئوڭ تەرىپىدە ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، سول تەرىپىدە تۈتۈن كۆرۈنۈپتۇ. مەختۇمسۇلاغا ئوت تېپىش قايغۇسى چۈشۈپتۇ. «نېمە بولسا بولسۇن، پېشانەمدىن كۆرەي» دەپ ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتقان بىر ئەسكى تام ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە بىر قېرى موماي ئولتۇرغۇدەك. مەختۇمسۇلا «ئەسسالام» دەپ، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. موماي ئۇنىڭدىن كىملىكىنى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى

ئالغۇر بۈركۈتنى ئۇرنىدا يوقتۇر،
كاپ - كاپ كۈچۈكنى ئىشىكتە يوقتۇر، —

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن موماي يەتتە باشلىق يالماۋۇز سۈرىتىدە ئۆيگە كىرىپ، ئاۋۋال قازاندىكى گۆشنىڭ ھەممىسىنى يەپتۇ، ئاندىن مەختۇمسۇلانىڭ ئۇزۇن چېچىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ، تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى شوراپتۇ. كېتەر چېغىدا مەختۇمسۇلاغا:

— مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ھېچكىمگە ئېيتما، ئەگەر ئېيتىدىغان بولساڭ، مېنىڭدىن زادى قۇتۇلالمايسەن، — دەپ پوپوزا قىپتۇ. مەختۇمسۇلا قورققىنىدىن ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. ئاكىسى چىن تۆمۈرنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. ئەتىسى، كۈن كەچ بولۇشى بىلەن، ھېلىقى يالماۋۇز موماي يەنە كەپتۇ، ئۆيدە بار نەرسىلەرنى يەپ بولۇپ، ئىلگىرىكىدەك مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شوراپتۇ. بۇ ئەھۋال بىرنەچچە كۈن شۇ خىلدا داۋاملىشىپتۇ. مەڭزى ئاناردەك، ھۆسنى گۈلدەك مەختۇمسۇلا كۈندىن - كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ، زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كېتىپتۇ.

يەتتىنچى كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ سىڭلىسىنى كۆرۈش بىلەن ھەيران بولۇپتۇ، كۆڭلىگە گۇمان تولۇپتۇ، چۈنكى سىڭلىسى مەختۇمسۇلا بىر يىل كېسەل بولغان ئادەمدەك سارغىيىپ كەتكەنىكەن.

— ھەي مەختۇمسۇلا، يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە شۇنچە ئورۇقلاپ، سارغىيىپ، ھالىڭدىن كېتىپسەن، نېمە بولدۇڭ؟ كىمدىن ساڭا ئازار يەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ چىن تۆمۈر باتۇر. مەختۇمسۇلا يىغلاپ تۇرۇپ، يالماۋۇز مومايىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاكىسىغا بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چىن تۆمۈر باتۇر ناھايىتى غەزەپلىنىپ:

سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا ھەممىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. موماي مەختۇمسۇلانىڭ ئىككى قولىغا كۈل بىلەن تېرىق سېلىپ بېرىپتۇ ۋە بىر تال تېزەكنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى ياغاچقا سانجىپ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇپتۇ. ئاندىن مەختۇمسۇلاغا:

— ئىككى قولۇڭدىكى كۈل بىلەن تېرىقنى ئۆيۈڭگە بارغۇچە چېچىپ بارغىن، ئارقاڭغا قارىمىغىن، — دەپتۇ.

مەختۇمسۇلا موماينىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. شۇندىن كېيىن موماينىڭ ئۆيىدىن مەختۇمسۇلانىڭ ئۆيىگىچە ھېلىقى تېرىقلار ئۈنۈپ بەلگە بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ موماي ئەسلىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەن، مەختۇمسۇلا ئۇنى بىلمەپتۇ. مەختۇمسۇلا ئوتنى ئېلىپ كېلىپ دەررۇ ئوت يېقىپ، بىر قازان گۆش پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ، كەچ كىرىشى بىلەن ھېلىقى يەتتە باشلىق يالماۋۇز موماي ئىشىككە كېلىپ:

— چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بارمۇ؟ —

دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا موماينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپ:

— چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە يوقتۇر،
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا يوقتۇر،
مىسران قىلىچى قوزۇقتا يوقتۇر،

ئالغۇر بۇركۇتى ئۇرنىدا بارمۇ؟
كاپ ـ كاپ كۇچۇكى ئىشكتە بارمۇ؟
دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا:

— چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە يوقتۇر،
ئارغىماق ئىتى ئېغىلدا يوقتۇر،
مىسران قىلىچى قوزۇقتا يوقتۇر،
ئالغۇر بۇركۇتى ئۇرنىدا يوقتۇر،
كاپ ـ كاپ كۇچۇكى ئىشكتە يوقتۇر، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. موماينىڭ يۈرىكى توختاپ، يەتتە بېشىنىڭ ھەربىرىدىن تۈرلۈك سادالارنى چىقىرىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك كىرىپ كەپتۇ، لېكىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرمەي:
— ھەي مەختۇمسۇلا! ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەنگە ئوخشايدۇ، ئۆيۈڭدە ئادەمنىڭ پۇرىقى بارغۇ، — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا تەمكىنلىك بىلەن:
— ئاكام تېخى كەلمىدى. ئەگەر كەلگەن بولسا، ئارغىماق ئىتى ئېغىلدا، مىسران قىلىچى قوزۇقتا، ئالغۇر بۈركۈتى ئۇرنىدا، كاپ ـ كاپ كۇچۇكى ئىشىكتە بولماسمىدى، — دەپتۇ.
— سەن يالغان ئېيتىسەن، چىن تۆمۈ باتۇر ئېنىق كەلگەنگە ئوخشايدۇ، ئادەم پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇ يوشۇرۇنۇۋالغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ يالماۋۇز موماي.
— بۈگۈن ئاكامنىڭ كۆينەك، تامبىلىنى يۇيۇپ، سۈيىنى ئۆيگە تۆككەنىدىم، شۇنىڭ پۇرىقى بولسا كېرەك، — دەپتۇ مەختۇمسۇلا.
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يالماۋۇز موماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپتۇ. ئادىتى بويىچە، مەختۇمسۇلانى ئۇزۇن چېچىدىن

«ئەگەر مەن شۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرمىسەم، چىن تۆمۈر باتۇر بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ ۋە مەختۇمسۇلاغا قاراپ:

— ھەي سىڭلىم، مېنىڭ كەلگىنىمنى ھېچ كىشى بىلمىسۇن. مەن ئىشىكنىڭ كەينىگە ئورا كولاپ مۆكۈپ ياتىمەن. ئەگەر يالماۋۇز كېلىپ مېنى سورىسا، «كۈندىكىدەك كەلمىدى» دەپ جاۋاب بەرگىن، — دەپتۇ. ئاندىن ئېتىغا، بۆركۈتىگە ۋە كۈچۈكىگە قاراپ:

— ھەي، ۋاپادار جانۋارلىرىم، ئەگەر يالماۋۇز موماي كەلسە، ھېچ ئۈن چىقارماڭلار، بىر ئامال قىلىپ ئۇنى قولغا چۈشۈرەيلى، — دەپتۇ. بۇ جانۋارلار چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ گېپىنى ئۇقىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇر مەيدىسىگە يەتتە قات ساۋۇتنى تېڭىپ، بېشىغا دوبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچنى تۇتۇپ ئورىدا مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ.

بىر كەمدىن كېيىن يالماۋۇز موماي كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بەدىنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ: «بۈگۈن چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەنگە ئوخشايدۇ، قايتىپ كەتمىسەم بولماس» دەپ يېنىپتۇ، لېكىن نەپسى قايتىپ كېتىشكە قويماپتۇ. موماي: «چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىر سوراپ كۆرەي. ئەگەر كەلگەن بولسا، قايتىپ كېتەي، كەلمىگەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ بەختىم» دەپ ئويلاپ، ئىشىككە يېقىن كېلىپ:

— چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟

قالغان يالماۋۇز موماينىڭ ئا[illegible]سىدىن قوغلاپتۇ. مەختۇم-
سۇلا باغلاقلىق كاپ - كاپ كۈچۈكنى قويۇۋېتىپتۇ. چىن
تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز مومايغا يېتىشىپتۇ. يالماۋۇز موماي
نائىلاج چىن تۆمۈر باتۇرغا ئېسىلىپتۇ. ئۇلار كەچ كىرگۈچە
ئېلىشىپتۇ. ئاڭغىچە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كاپ - كاپ
كۈچۈكى يېتىپ كېلىپ، يالماۋۇز موماينىڭ پاقالچىكىدىن
چىشلەپ تارتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن يالماۋۇز موماي هال-
سىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. كاپ - كاپ كۈچۈك ئۇنى تالاپ ئۆل-
تۈرۈپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز موماينىڭ يەتتىنچى
بېشىنى ئېلىپ، ئۆيگە خۇشال قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەنە بىر نەچچە ۋاقىت خۇشال -
خورام ئۆتۈپتۇ. مەختۇمسۇلانىڭ رەڭگىرويى ئاستا -
ئاستا ئوڭلىنىپ، ئاۋۋالقى هالىتىگە كەپتۇ. ئۇ، ئاي يۈزلۈك،
خۇمار كۆزلۈك، شىرىن سۆزلۈك، سۇمبۇل چاچلىق، قارا قاش-
لىق، نازۇك بەدەن بىر گۈزەل بوپتۇكى، ئۇنى كۆرگەن
هەر قانداق كىشى ئەقلى - هوشىنى بىلمەي قالىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر زېرىكىپ،
يەنە ئوۋغا چىقماقچى بولۇپتۇ ۋە مەختۇمسۇلاغا:

— هەي سىڭلىم، مەن يەنە ئوۋغا چىقىمەن. سەن
هەرگىز ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىن، سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ
بېشىڭنى تارىمىغىن، — دەپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسى بىلەن خوشلىشىپ ئوۋغا
چىقىپ كېتىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ نەسىھىتىنى يادىدا
تۇتۇپ بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماپتۇ. لېكىن، كۈن-
لەر ئۆتكەنسېرى زېرىكىپتۇ. ئاقىۋەت تالاغا چىقىپ، ئىشىك
ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا، سۈزۈك سۇنىڭ ئېقىشىغا قى-
زىقىپ چېچىنى تاراشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن، سۇمبۇل
چاچلىرىدىن بىرنەچچە تال سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ

تۇرۇشقا ئىسىپ، ئەمدىلا قىنىنى شوراي دەپ تۇرۇشىغا چىن تۆمۈر باتۇر ئوردىدىن چىقىپ، مىسران قىلىچى بىلەن بىر ئۇرغانىكەن، يالماۋۇز موماينىڭ بىر بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. يالماۋۇز موماي «ئاھ» دەپتۇ ـ دە، چىن تۆمۈر باتۇرغا قاراپ:

— بىر بېشىمنىمۇ ئالدىڭ، قالغان ئالتە بېشىمغا قانداق جاۋاب بېرىسەن؟! — دەپ قەھر بىلەن ئېلىشىشقا كىرىشىپتۇ.

ئېلىشىش بىر كېچە ـ كۈندۈز بوپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ يەنە بىر بېشىنى چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇز موماي ئۆيدىن قېچىپ چىقىشنىڭ ئامالىنى تاپالماي، چىن تۆمۈر باتۇرغا يەنە ئېسىلىپتۇ، يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر بۇ قېتىم يالماۋۇز موماينىڭ يەنە بىر بېشىنى چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئۈچ بېشىدىن ئايرىلغان يالماۋۇز تېخىمۇ غەزەپ بىلەن تۇتۇشۇپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ يەنە بىر بېشىنى ئۈزۈپ چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇز موماي ئۇياقتىن ـ بۇياققا قېچىشقا باشلاپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ بەشىنچى بېشىنى كېسىپ چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇز موماي ئەمدى ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپتۇ، ئىشىكتىن قېچىپ چىقاي دېسە، مەختۇمسۇلا قىلىچ بىلەن چېپىپ چىقارماپتۇ. ئاخىر چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز موماينىڭ ئالتىنچى بېشىنىمۇ چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئەمدى يالماۋۇز موماينىڭ «يەل مۆڭگۈز» دەپ ئاتالغان بىرلا بېشى قاپتۇ. ئۇ ئامالسىزلىقتىن قويۇنغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— ھەي مەختۇمسۇلا، خەپ توختا! خەپ توختا! — دەپ بەدەر قېچىپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ بىر بېشى

— ھەي مەختۇمسۇلا، ئۆزۈڭنى ماڭا بىر بول ئىملاك
قىل، بولمىسا سېنى زورلۇق بىلەن ئالىمەن! مەختۇمسۇلا
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، غەزەپ بىلەن يەرگە چۈشۈپتۇ. ئاكىسى
چىن تۆمۈر باتۇر ئۇۋغا كېتىشىنىڭ ئالدىدا: «ناۋادا بې-
شىڭغا كۈن چۈشسە، بۇ قۇشنى قويۇۋەتكىن، مەن قەيەردە
بولسام، شۇ يەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ بارىدۇ» دەپ تاپىلاپ،
ئالغۇر بۈركۈتىنى قويۇپ كەتكەنىكەن. مەختۇمسۇلا چۈمۈ-
لىدەك قورشاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆرۈپ قۇشنى
قويۇۋېتىپتۇ. ئۆزى قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، بولاڭچىلار بى-
لەن ئۇرۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى يوقىتىپتۇ.
ئاڭغىچە چىن تۆمۈر باتۇر خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەپتۇ.
ئۇ مىسران قىلىچىنى ئوينىتىپ، بىر ئۆزى نەچچە مىڭ
لەشكەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. تەڭ كېلەلمىگەن لەشكەر-
لەر ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇزمۇخ
قېچىپ كېتىۋاتقان لەشكەرلىرىگە:
— سىلەر ئىككى كىشىدىن شۇنچە قاچامسىلەر؟ قاچساڭلار
مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسىلەر! — دەپ پىتىراپ كەتكەن
لەشكەرلىرىنى ئۆزى باشلاپ يەنە ئۇرۇش ئېچىپتۇ.
ئۇزمۇخ چىن تۆمۈر باتۇرغا بىر قانچە ئون پالۋان-
لىرى بىلەن بىراقلا ھۇجۇم قىپتۇ. نەيزە - قىلىچلارنىڭ
بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چاقماق چاققاندەك ئوتلار چاق-
ناپتۇ. بىراق، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ.
مەختۇمسۇلا بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ:
«ئاكامغا زەخىم يەتمىگىدى، ئۇنىڭ ھېيىپ بولغىنىدىن
مېنىڭ يوق بولغىنىم ياخشى» دەپ ئويلاپ، ئاكىسىغا
مۇنداق دەپتۇ:
— جېنىم ئاكا، دۈشمەنلەر سان - ساناقسىز ھەم
رەھىمسىز. شۇڭا، سىز جەڭدىن يېنىڭ، ئۆلسەم مەن

چاچلار ئېقىپ بېرىپ سانجۇ پادىشاھىنىڭ ① ئوردىسىدىكى كۆلگە چۈشۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا سانجۇ پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئوزمۇخ نەۋكەرلىرى بىلەن كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىكەن. شاھزادە ئوزمۇخ كۆل بويىغا كېلىپ باش - كۆزىنى يۇيۇۋاتسا، ئۇنىڭ قولىغا ھېلىقى چاچلار ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بۇ چاچلارنىڭ ئۇزۇن ۋە سۇمبۇللۇقى شاھزادىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئوزمۇخ نۆكەرلىرىدىن:

— بۇ نېمە دېگەن ئۇزۇن چاچ؟ كىمنىڭ چېچى؟ — دەپ سوراپتۇ. نۆكەرلەر:

— ھەي شاھزادە، بۇ، ئىلى ئىقلىمىنىڭ گۈزىلى مەختۇمسۇلانىڭ چېچىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ چىن تۆمۈر باتۇر دېگەن ئاكىسى بار، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئەر تېخى چىققىنى يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئوزمۇخ مەختۇمسۇلانى كۆرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ۋەس - ۋەسگە چۈشۈپتۇ. دەرھال قول ئاستىدىكى بەگلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت ئاپتۇ. نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ، مەختۇمسۇلانى ئېلىپ قايتىش ئۈچۈن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ ئەتراپىنى قورشاپتۇ. مەختۇمسۇلا بۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆكزىگە چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي لەشكەرلەر، بۇ نېمە دېگەن ئۇياتسىزلىق! يالغۇز بىر ئاجىز قىزغا شۇنچە لەشكەرلەرنىڭ كېلىشى نامەردلىك! ئاكام چىن تۆمۈر باتۇر كەلسە، قانداق جاۋاب بېرىسىلەر؟!

ئوزمۇخ مەختۇمسۇلانى كۆرۈپ ئوتتەك كۆيۈپ، مۇنداق دەپتۇ:

---

① سانجۇ پادىشاھلىقى — موڭغۇل پادىشاھلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەختۇمسۇلادىن ئاڭلايلى:

ئۇزمۇخ ساھىبجامال مەختۇمسۇلانى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئوردىسىغا ئاپىرىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ بۇلاڭچىدىن ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە كېچە - كۈندۈز ئاكىسىنى كۆرۈشنى خىيال قىلىپ، قانداقلا بولمىسۇن بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەختۇمسۇلا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دەريا بويىغا بېرىپ سەيلە قىلىپ كېلىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشاھ ئۆز كۆڭلىدە: «ھە، ئەمدى ئىككى بالىلىق بولغاچقا بىزگە رام بولدى» دەپ ئويلاپ، رۇخسەت قىلىپتۇ. سانجۇ پادىشاھلىقىنىڭ بىر تۇلپارى بولۇپ، بۇ تۇلپارغا پادىشاھنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىشىنىڭ مىنىشى مەنئىي قىلىنغانىكەن. مەختۇمسۇلا ئەنە شۇ تۇلپارغا مىنىپ، قىرىق كېنىزەك ھەم قىرىق نۆكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە دەريا بويىغا قاراپ يول ئاپتۇ. بۇلار ئىلى دەرياسى بويىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. قاتار - قاتار چېدىر - بارگاھلارنى تىكىپ، ھەر خىل تائاملارنى پىشۇرۇپتۇ. سۈتتىن قىلىنغان شارابلارنى تۇلۇم تۇلۇمى بىلەن تىكلەپ قويۇپتۇ. چوڭ زىياپەت باشلىنىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆز قولى بىلەن ياغاچ ئاياغلارغا سۈت ھارىقىنى تولدۇرۇپ، كېنىزەك، نۆكەرلەرگە بىر - بىرلەپ سۇنۇپ، بىردەمدە ھەممىسىنى مەست قىلىۋېتىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۇلارنىڭ مەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، چاققانلىق بىلەن تۇلپارغا مىنىپتۇ - دە، ئىلى دەرياسىنى كېچىپ ئۇ قاتقا ئۆتۈۋاپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا بېشى كېتىشتىن قورققان نۆكەرلەر دەرھال ئارقىدىن قوغلاپ دەريا لېۋىگە

ئۆلەي، سىز ئامان قېلىڭ!

شۇ چاغدا چىن تۆمۈر باتۇر مەختۇمسۇلاغا قاراپ:

— سىڭلىم، ئېنىڭدىن تەشۋىش قىلما. چىن تۆمۈر دەپ ئېتىم بار، ماڭا دۈشمەن ئالدىدا باش ئېگىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ. سەن جان - جىگەر سىڭلىمدىن ئايرىلالمايمەن. شۇڭا، جەڭدىن يانمايمەن! — دەپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

دۈشمەننىڭ لەشكەرلىرى ئۆلۈپ تۈگەشكە ئاز قالغاندا، ياردەمگە ئەۋەتىلگەن سانجۇ لەشكەرلىرى نەرە تارتىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قىلىچ - نەيزىلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئوقيالىرىنى چەللەپ، چىن تۆمۈر باتۇرغا قارا قاغىدەك يېپىشىپتۇ. دۈشمەن پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مەختۇمسۇلانى تۇتۇۋېلىپ، پۇت - قولىنى مەھكەم باغلاپ ئېلىپ قېچىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر قەھر - غەزەپكە تولۇپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ ھەممە بۇلاڭچىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ. كېيىن قارىغۇدەك بولسا، مەختۇمسۇلا ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، مەختۇمسۇلانى ئىزلەپ دەشتى - چۆللەرنى كېزىپتۇ. ئىزلەپ - ئىزلەپ ئاخىر ئىلى دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، تېكەس تېغىنىڭ كۆك تۆپە دېگەن يېرىگە كەپتۇ. كىشىلەر داڭقى داستان بۇ باتۇرنى ناھايىتى خۇشال قارشى ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىن تۆمۈر باتۇر ئۇ يەرگە جايلىشىپ قاپتۇ. چارۋىچىلىق قىلىپ يۈرۈپ تېزلا باي بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ مال - دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە زادى كۆرۈنمەپتۇ. پۈتۈن ئوي - خىيالى سىڭلىسى مەختۇمسۇلادىلا قاپتۇ. كۆزى كېچە - كۈندۈز ياشتىن قۇرۇماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇر تېزلا يىغلاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ

قارىغۇدەك بولسا، ئۇرغۇن تۆگىلەر يايراپ يۈركۈدەك. مەختۇمسۇلا تۆگىچىلەردىن:

— بۇ كىمنىڭ تۆگىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگىچىلەر:

— چىن تۆمۈر قارىغۇنىڭ تۆگىلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇ نېمە بولۇپ قارىغۇ بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ مەختۇمسۇلا. تۆگىچىلەر:

— ئۇنىڭ بىر سىڭلىسىنى بۆلاگچىلار بۇلاپ كەتكەنىكەن، شۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالدى، — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا يەنە:

— هازىر ئۇ قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگىچىلەر:

— قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، — دەپتۇ.

مەختۇمسۇلا يەنە مېڭىپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇرغۇن يىلقىلار ئۇچراپتۇ. يىلقىچىلاردىن سوراپتىكەن، ئۇلارمۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇرغۇن كالا، قوي پادىلىرىنى كۆرۈپتۇ. قويچىلاردىن سوراپتىكەن، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىرىدا مەختۇمسۇلا ئەڭ چەتتە مۇزاي بېقىۋاتقان بىر پادىچى بالىدىن:

— جېنىم ئۇكام، چىن تۆمۈر باتۇر هازىر قەيەردە؟ ئېيتىپ بەرسەڭ، — دەپ يېلىنىپ سوراپتۇ. پادىچى بالا تەسلىكتە:

— چىن تۆمۈر قارىغۇ هازىر ئالتۇن ئارىشاڭ دېگەن يەردە، — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— مەن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى بولىمەن، مېنى ئاكامنىڭ قېشىغا باشلاپ بارساڭ، — دەپتۇ. پادىچى بالا:

كەتتۇ. بىراق ھېچقايسىسىنىڭ ئېتى دەرياغا كىرەلمەپتۇ. ئەسلىدە پادىشاھنىڭ تۇلپارىدىن باشقا ھەر قانداق جانىۋار بۇ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتەلمەيدىكەن. ئامالسىز قالغان نۆكەرلەر مەختۇمسۇلاغا قاراپ:

— ھەي مەختۇمسۇلا! ئىككى بالاڭنى يېتىم قىلماي، كەينىڭگە يانغىن، — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا:

— ئىككى ئوغلۇمنى ئېلىپ كەلسەڭلار يېنىپ ئۆتىمەن، — دەپتۇ.

نۆكەرلەر دەرھال پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ ئىككى ئوغلىنىڭ چوڭىنىڭ ئېتى «ئاقار»، كىچىكىنىڭ ئېتى «چۆكەر» ئىكەن. مەختۇمسۇلا نۆكەرلەرگە قاراپ:

— چوڭ بالامنى دەرياغا تاشلاڭلار، ئۇنىڭ پىراقىغا چىدىماي ئۇياققا ئۆتۈپ قالارمەن، — دەپتۇ.

نۆكەرلەر «ئاقار» بالىسىنى دەرياغا ئاققۇزۇپتۇ، بىراق مەختۇمسۇلا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. نۆكەرلەر «مەختۇمسۇلا كىچىك ئوغلىنى ئوبدان كۆرىدۇ. شۇنى دەرياغا تاشلىساق، ئوغلىنى تۇتۇۋالىمەن دەپ دەرياغا چۈشەر» دېيىشىپ، «چۆكەر» نى دەرياغا تاشلاپتۇ، بالا شۇ زامان سۇغا غەرق بولۇپتۇ. مەختۇمسۇلاغا بۇ ناھايىتى ئېغىر كەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ سۆيۈملۈك ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇرنى تېپىش ئارزۇسىدىن يانماپتۇ. ئۇ نۆكەرلەرگە قاراپ:

— ھەي ئىنسابسىز بۇلاڭچىلار! سىلەرگە نەسلىمنىمۇ قالدۇرمىدىم، ئەمدى مۇرادىم ھاسىل بولدى، — دەپتۇ-دە، ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇلاڭچىلار دەريادىن ئۆتەلمەي ئامالسىز قايتىپتۇ.

مەختۇمسۇلا شۇ يۈرگىنىچە دەشتلەرنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كەپتۇ.

# بۇلبۇلگويا

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ كۈنلەردىن بىر كۈنى بېغىنى ئارىلاپ، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن بەھرىلىنىپ سەيلە قىپتۇ ۋە ھارغاندىن كېيىن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەتراپى رەڭمۇ رەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان باراڭدا دەم ئېلىپ يېتىپتۇ، پادىشاھ ھەر خىل گۈللەرنىڭ خۇشپۇراقلىرى ۋە تۈرلۈك تۈمەن قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن مەست بولۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ:

بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بىر باغ، باغدا خىلمۇ خىل مېۋىلەر پىشىپ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغۇدەك. قۇشلارنىڭ ئارىسىدا بەكمۇ چىرايلىق بىر قۇش ئالايىتەن بىر يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ھەممە قۇشلاردىن چىرايلىق سايرىغۇدەك، ئۇنىڭ ھەر بىر سايرىشىدا ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈللەر ئېتىلىپ چۈشكۈدەك. بۇ قۇشنىڭ ئېتى — بۇلبۇلگويا ئىكەن.

پادىشاھ «ئاھ، بۇلبۇلگويا» دەپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، ئۆز بېغى، ھەر قاچاندىكى مەنزىرە: گۈللەر ئېچىلىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان. «شۇ مەنزىرىگە بىر بۇلبۇلگويا بولارمىدى؟!» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھنىڭ ئىشقى - پىراقى ھېلىقى، چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگوياغا چۈشۈپ قاپتۇ.

پادىشاھ «ئاھ، شۇ بۇلبۇلگويانى بىر كۆرسەم، ئۇنىڭ سايراشلىرىنى بىر ئاڭلىسام!» دېگەن ئارزۇ - ئارمانلار

— پادىدىن ئايرىلالمايمەن، مۇزايلار يېتىپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟ — دەپ ئۇنىماپتۇ. مەختۇمسۇلا:

— ئۇنداق بولسا، پادىلىرىڭغا مەن قاراپ تۇراي. قولۇڭغا مۇنۇ ئالمىنى ئال، ئەگەر چىن تۆمۈر باتۇر سۆزۈڭگە ئىشەنمىسە، ئالمىنى كۆزىگە سۈرتسەڭ، كۆزى ئېچىلىدۇ، — دەپ قولىغا بىر ئالمىنى بېرىپتۇ.

پادىچى بالا ئالمىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. ئۇ، چىن تۆمۈر باتۇرغا بېرىپ مەختۇمسۇلانىڭ خەۋىرىنى ئېيتقانىكەن، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. شۇ ھامان پادىچى بالا:

— ئالمۇتىيارنىڭ ئالمىسى،
مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى.
مەختۇمسۇلا بولمىسا
قايدىن كېلۇر خالتىسى؟!

دەپ ئالمىنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۈركىگەنىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ زامات ئېچىلىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر پادىچى بالىغا چوڭ رەھمەتلەرنى ئېيتىپتۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە مەختۇمسۇلانىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئاكا - سىڭىل قېرىنداشلار بىر - بىرىنى كۆرۈپ يىغلىشىپتۇ، ھال - ئەھۋال سوراپ مۇڭدىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار خۇشال - خۇرام، تىنچ ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.

ئاخىرىدا:

— مەيلى، ئىزلەسەڭلەر ئىزلەپ كۆرۈڭلار، تېپىپ كەلسەڭلار ئەجەب ئەمەس. بالىلىرىم، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ، سايرىشىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن بىر ئاڭلاپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق، — دەپ رۇخسەت بېرىپتۇ.

شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى:

— ئاتا، مەنمۇ باراي، — دەپ رۇخسەت سوراپتۇ.

ئاكىلىرىنىڭ: «قوي، ئۇكام، يول ئۇزۇن ۋە قىيىن، سەن بولساڭ تېخى كىچىك، قىينىلىپ قالىسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئالدىدا ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈۋەرگىن» دېگىنىگە، ئاتا - ئانىسىنىڭ: «ياق، بالام، سەن تېخى سەپەرگە چىقىپ باقمىغانسەن، ئاكىلىرىڭ بارسۇن، سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئويۇنۇڭنى ئويناپ يۈرۈۋەرگىن» دېگىنىگە كۆنمەي:

— ياق، بارىمەن دېدىم بارىمەن، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ:

— نەسىھەتكە كۆنمىسەڭ، مەيلى بارىۋە، بالام، كۆرگۈلۈكۈڭ بولسا كۆرەرسەن، — دەپ بۇنىڭغىمۇ رۇخسەت بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكىلار سەپەرگە تەييارلىنىشقا باشلاپتۇ. يول ئۇزۇقى ئۈچۈن ياغلىق توقاچلارنى ياقتۇرۇپ، سۇر گۆشلەرنى پىشۇرۇپ، ئۈچ خۇرجۇنغا تولدۇرۇپ ساپتۇ. تاغدىكى يىلقىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ ياخشى ئۈچ ئاتنى تاللاپ ئاپتۇ، ئۇلارغا يول - ئۇزۇقلىرىنى ئارتىپ ۋە ئاتا - ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كۆنلەرنىڭ كەينىدىن كۆنلەر، ھەپتىلەرنىڭ كەينىدىن ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. كۆپ دەريالارنى كېچىپ، ئۇزۇن يوللارنى

بىلەن كۆندىن - كۈنگە خىيالغا چۆكۈپ، كېكەردىكىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، چىرايى سارغىيىپ، مەيدىسىنى زەي يەرگە يېقىپ ياتىدىغان بوپتۇ.

ئاتىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن بالىلىرى ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمىش ئۈچۈن:

— ئاتا، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە بۇنچە خىيالغا چۆكۈپ، چىرايىڭىز سارغايدى؟ نېمە ئارزۇ - ئارمانىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. لېكىن پادىشاھ:

— قويۇڭلار بالىلىرىم، مېنىڭ دەردىمنى سوراپ نېمە قىلىسىلەر، سىلەر سورىماڭلار، مەن ئېيتمايمەن، — دەپ زادى ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ.

لېكىن بالىلىرى ئاتىسىغا تىنچلىق بەرمەي ھەر كۈنى سوراۋېرىپتۇ. ئاخىر ئاتىسى ئۆزىنىڭ باغدا يېتىپ كۆرگەن چۈشىنى ۋە شۇ چۈشىدە كۆرگەن بولبۇلگوياغا ئىشقى-پىراقى چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ ئەنە شۇ بۇلبۇلگويانى كۆرۈش، ئۇنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاش ئارزۇ - ئارمانىدا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ، شۇ ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ تۇنجى ئوغلى:

— بۇنىڭغىمۇ شۇنچىۋالا خىيال سۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلامسىز، ئاتا، مەقسىتىڭىز شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا شۇ چاغقىچە بىزگە ئېيتمايسىز؟ مانا بىز — بالىلىرىڭىز، ئەلۋەتتە ئۇ بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىپ، سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەلەيمىز، — دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ شۇنداق دەپتۇ. كېيىن بالىلىرى بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتىلىرىدىن رۇخسەت سوراپتۇ.

پادىشاھ «بۇلبۇلگويانىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ئۇنى تاپالامدۇ ياكى تاپالمامدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۆتۈپتۇ، يول ئۇزۇقلىرى تۈگەپتۇ، ئېتىنىڭ تاقىلىرى ئۇپراپ چۈشۈپ، ئېتى ئېشىقاپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر بۈك بوستانلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ بالا «ئاشۇ يەردە ئادەم بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ توپتوغرا شۇ بوستانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ. يەنە خېلى ماڭغاندىن كېيىن بوستانلىققا يېتىپ كېلىپ ئېتىنى لاڭقاغا باغلاپتۇ-دە، ئۆزى باغقا كىرىپتۇ. قارىسا، سالقىن باغ، خىلمۇ خىل مېۋىلەر پىشىپ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، تۈرلۈك-تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغۇدەك. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولۇپ، ئۇنىڭدا بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگۈدەك، كۆلگە تۆت تەرەپتىن كۈمۈشتەك سۈزۈك سۇلار قۇيۇلۇپ تۇرغۇدەك، لېكىن يا سۇنىڭ ئايىغى چىقمىغۇدەك، يا كۆل تاشمىغۇدەك. باغنى ئارىلاپ بىر يەرگە كەلسە، لىق بىر قازان تاماق پىشىپ تۇرغۇدەك. لېكىن، باغدا ئادەمزاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم نان ئالماي قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كەنجى بالا قازاندىكى تاماقتىن ئۇسۇپ ئىچمەكچى بولۇپ، قولىنى چۆمۈچكە ئۇزارتقانىكەن. چۆمۈچ «تاق» قىلىپ بالىنىڭ ماڭلىيىغا تېگىپتۇ؛ پىشىپ تۇرغان ئالمىلاردىن يېمەكچى بولۇپ قولىنى شاخقا ئۇزارتقانىكەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى «شاق» قىلىپ كاچىتىغا ئۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان بالا ئېتىنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى كۆل بويىدىكى گۈللەرنىڭ ئارىسىدا دەم ئېلىپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ: ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپئاق كىيىنگەن، ئاق سەللە ئورىغان، ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ھاسا تايىنىپ كېلىپ:

— بالام، سەن خەتەرلىك جايغا — دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا كېلىپ قالدىڭ. نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە ئىزلەپ بۇ

بېسىپتۇ، تاغلاردىن ئېشىپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپتۇ. بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئۇلارغا ئۈچ ئاچا يول ئۇچراپتۇ. بۇ ئۈچ ئاچا يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر تاش بولۇپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىلغانىكەن. خەتتە ئوڭ تەرەپتىكى يول « بارسا كېلەر »، ئوتتۇرىسىدىكى يول « بارسا كېلەر، يا كەلمەس »، سول تەرەپتىكى يول « بارسا كەلمەس » دەپ يېزىلغانىكەن.

ئەنە شۇ يەردە بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا « ئەمدى ھەر قايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا باشقا - باشقا ماڭايلى، ئىزلىگەن بۇلبۇلگويانى بىرىمىز تاپالمىساق، يەنە بىرىمىز تاپارمىز» دېگەن پىكىر بىلەن ئۈچى ئۈچ يولغا چۈشۈپ ماڭماقچى بولۇشۇپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ «بارسا كەلمەس» يولغا ماڭغۇسى كەلمەپتۇ. ئاكىلىرىنىڭ مۇشۇ ئويى بىلەن قىينىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەيلى ئاكىلار، بولمىسا، «بارسا كەلمەس» يولغا مەن چۈشەي، سىلەر باشقىلىرىغا چۈشۈڭلار، — دەپتۇ كەنجىسى.

— بولمىسا، مەن «بارسا كېلەر، يا كەلمەس» يولغا مەن چۈشەي، — دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

— ئۇنداق بولسا، مەن «بارسا كېلەر» يولغا چۈشەي، — دەپتۇ تۇنجىسى.

ئۇلار قايسى بىرىنىڭ قايتقان، قايسى بىرىنىڭ تېخى قايتمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەگەر كىم ئىلگىرى قايتقۇدەك بولسا، ئەنە شۇ تاشقا ئۆز ئىسمىنى ۋە قايتقان كۈنىنى يېزىپ كېتىشى ھەققىدە شەرتلىشىپتۇ - دە، ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئۈچ يولغا چۈشۈپ، ئۈچ تەرەپكە راۋان بوپتۇ.

بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى شۇ كېتىشى بىلەن كۆپ يول يۈرۈپ، چۆل باياۋانلارنى، تاغ - ئېدىرلارنى بېسىپ

شۇ چاغدا بالا سەزدۇرمەي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە، كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قىزلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋاپتۇ. قىزلار يالىڭاچ بولغانلىقتىن ئىزا تارتىپ كۆلدىن چىقالماپتۇ ۋە كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپ يالۋۇرۇشۇپتۇ. لېكىن، بالا ئۇ قىزلارغا:

— ئۆزۈڭلارنى بەرسەڭلار قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ. قىزلار يالۋۇرۇپ-يېلىنىپ كىيىملىرىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى قولىدىكى ئۈزۈكىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. بالا ئۈزۈكنى ئاپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى گۈللەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ تۇرۇپتۇ. بالىمۇ قەددى-قامىتى كېلىشكەن، ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن.

قىزلار كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ تۇرۇپ ھەر قايسىسى ئۆز ئىچىدە «بۇ يەرگە كەلگەن ھەر قانداق ئادەمزات تىرىك كەتمەيتتى. لېكىن، بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ قورقماسلىقى ۋە ئەقىللىكلىكى بىلەن بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشمەستىن، بىزنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. دېمەك، بۇ يىگىتتىن ئايرىلماسلىق كېرەك» دەپ ئويلاپ، ھەر ئىككىسى بالىنىڭ جامالىغا زوقلىنىپ ئاشىق بوپتۇ، ئۇنىڭغا تاماق بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئالما ئۈزۈپ بېرىپتۇ. باغنى سەيلە قىلدۇرۇپتۇ. ئېگىچە-سىڭىلىنىڭ ھەرقايسىسى يىگىتنى ئۆزىگە قارىتىۋالماقچى بولۇپ، تالىشىپ قاپتۇ. ھەدىسى:

— مەن سىڭىلىمدىن چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىگىت مېنىڭ بولۇشى كېرەك. ئولجا دېگەن ئاۋۋال چوڭىغا، كېيىن كىچىكىگە تېگىدۇ، — دەيدىكەن. سىڭلىسى بولسا:

— ياق، ئۇنى سېنىڭدىن ئاۋۋال مەن كۆرگەن، ئولجىمۇ ئاۋۋال تاپقاننىڭ بولىدۇ، — دەپ تالىشىدىكەن.

يەرگە كىرلىپ يۇرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا بۇلبۇلگو-يانى ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھەي، بالام، — دەپتۇ بوۋاي، — قىيىن نەرسىنى ئىزلەپ كەپسەن، چۈنكى ئۇ، دىۋىلەر پادىشاھسىنىڭ يان بېغىدا، سەن ھازىر ئۇنىڭ چەت بېغىدا تۇرىسەن. ئۇنى ئالماقچى بولۇپ كەلگەن ناھايىتى كۆپ ئادەملەر دىۋىلەر-نىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن. لېكىن، سەن بىر ئىلاجىنى قىلىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قىل: ھەر كۈنى كۈن قىزىغان ۋاقىتتا يېنىمىدىكى شۇ كۆلگە ئىككى كەپتەر ئۇچۇپ چۈشۈپ چۆمۈلۈپ ئوينايدۇ، بۇلار ئەنە شۇ دىۋى-لەر پادىشاھىنىڭ قىزلىرى. سەن سەزدۈرمەي ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋال - دە، قولىدىكى ئۈزۈكلىرىنى سېراپ تۇرۇۋال. ئۈزۈكنى ئالماي تۇرۇپ كىيىمىنى قايتۇرۇپ بەر-مىگىن، بولمىسا ئۈزۈك ھالاك بولىسەن. خوپ، بالام، مەق-سىتىڭگە يەتكىن، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر.

بوۋاي دۇئا قىپتۇ - دە، غايىب بوپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بالىنىڭ قۇلىقىغا بىرى «كۆزۈڭنى ئاچ!» دېگەندەك قىپتۇ، بالا چۆچۈپ ئويغانسا ھېچكىم يوق، پەقەت ئاسماندا ئىككى كەپتەر بىر - بىرىنى قوغلاپ ئوينىشىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بالا ئۆزىنى دال-دىغا ئېلىپ مۆكۈپ تۇرۇپتۇ، ھېلىقى كەپتەرلەر كۆلنىڭ بويىغا چۈشۈپ بىر قانات قاققانىكەن، ئاي دېسە ئاي ئە-مەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس چىرايلىق قىزلارغا ئايلى-نىپتۇ. كېيىن باغنى بىردەم ئايلىنىپ سەيلە قىلىشىپتۇ، ئالمىلاردىن ئۈزۈپ يېيىشىپتۇ، قازاندىكى تاماقتىن قويۇپ ئىچىشىپتۇ. ئاندىن كۆلگە كەپتۇ - دە، كىيىملىرىنى يې-شىپ قويۇپ چۆمۈلۈشكە، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئوي-ناشقا باشلاپتۇ.

— ھاي، قىزىم، ۋارقىرىماڭ، ئۇلجا سىزنىڭ، گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە يىگىتنى كىچىكىگە بۇيرۇپ بېرىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى ئاتىسىغا ئېيتىپ قويسا، جېنى تېنىدىن جۇدا بولۇشتىن قورققان ھەدىسىمۇ:

— جېنىم سىڭلىم، ئاغزىڭنى يۇم، مەيلى، يىگىت سېنىڭ بولسۇن! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

يىگىتنى ئۆزىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇپ ئالغان سىڭلىسى خۇشال بولۇپ:

— مەيلى بولمىسا، سىلەرنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، — دەپ يۈگۈرگىنىچە يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپتۇ ۋە يىگىتتىن بۇ يەرلەرگە نەدىن ۋە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ نەدىن ۋە نېمە مەقسەتلەر بىلەن كەلگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئاھ، يولۇڭ يىراق، مەقسىتىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس ئىكەن. سەن ئىزلەپ كەلگەن بۇلبۇلگويا مېنىڭ دادامدا. ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ باغرىدا! ناھايىتى چىرايلىق يان بېغىمىز بار، — دەپ قولىنى سوزۇپ تاغنى كۆرسىتىپتۇ قىز، — بۇلنۇلگويا شۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللەرنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن قەپەزدە تۇرىدۇ. ئۇ باغقا ئادەم بالىسى ئاياغ باسمايدۇ. ئەگەر بىر ئىلاجىنى تېپىپ كىرەلىگەن تەقدىردىمۇ تىرىك چىقالمايدۇ. بۇ يولدا تالاي - تالاي ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەن. لېكىن، بۇلبۇلگويانى ئېلىش ئۈچۈن مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن. بۇ ئىشنى پەقەت جۈمە كېچىسىلا ئورۇنداش مۇمكىن، چۈنكى جۈمە كۈنى دادام ئوۋغا چىقىپ، كەچ قايتىدۇ ۋە ئاخشىمى ھاراق - شاراب ئىچىپ، ئۇزاق ئويۇن - تاماشىلاردىن

شۇنداق قىلىپ، ئېگىچە - سىڭىل ئىككىسى تـالىشا - تالىشا ئۆزئارا كېلىشەلمىگەندىن كېيىن: « بولمىسا، قـازىغا بارىمىز، قازى قايسىبىرىمىزگە بۇيرۇپ بەرسە يىگىت شۇنىڭ بولسۇن » دەپ دۆلەتلەرنىڭ قازىسىغا بېرىپتۇ.

قازىنىڭ ئالدىغا ئاۋۋال ھەدىسى كىرىپ:

— قازى بېگىم، بىز ئېگىچە - سىڭىل ئىككىـمىز بىر ئولجا تېپىۋالـغـانىدۇق، لېكىن ئـۇنى ئىكـكـىگە بـۆلۈپ بولمايدۇ. سىڭلىم بولسا: مەن ئاۋۋال كۆرگەنمـەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئالىمەن، دەيدۇ. مەن بولسـام: چوڭ بـولغانـدىن كېيىن مەن ئالىمەن، دەيمـەن. شۇ سـەۋەبتىن ئالدى-لىرىغا كەلدۇق. شۇ ئۆلجىنى قايسىمىز ئېلىشىمىز كېرەك؟ — دەپتۇ.

قازى بولسا، قىزنىڭ ھـۆسنى - جـامـالـىغا مەپـتۇن بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ — دە، پۇرسـەتـتىن پايـدىلىنىپ:

— توغرىسىنى ئېيتقاندا ئولـجا ئاۋۋال كـۆرگـەننىڭ بولىدۇ. ئەگەر سىز ئولجىنى ئېلىشقا شۇنچە قىـزىقىپ كەتـكەن بولسىڭىز، ئاۋۋال مېنى بىر سۆيۈپ قويۇڭ، ئـۆلجىنى سىزگە بۇيرۇپ بېرىمەن، — دەپ شەرت قويۇپتۇ.

قىز يىگىتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچـۈن قازى-نىڭ شەرتىگە ئىلاجىسىز رازى بوپتۇ، قازى قىزنى مـەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈشكە باشلاپـتۇ. شۇ چـاغدا ئـىشىـكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان سىڭلىسى بۇ ئىشـنى كۆرۈپ قې-لىپ دەررۇ يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ - دە:

— ھاي شەرمەندىلەر، بۇ قانداق ئىش؟! سىلەرنى دا-دامغا ئېيتىمىسام، توختاڭلار! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ئەگەر بۇ گەپ پادىشاھقا يەتسە، كـالـلـىسى كېسىلـ-دىغانلىقىدىن قورققان قازى:

ئاستا شورىدىن باغقا كىرىپتۇ. باغنى ئايلىنىپ يۈرگەن يولۋاس ۋە شىرلار يىگىتكە قاراپ ئېتىلىپتۇ. لېكىن يىگىت قولىدىكى ئۈزۈكنى شوندا كۆرسىتىشى بىلەنلا ئۇلار جىم بولۇشۇپتۇ ۋە تەزىم قىلغاندەك باشلىرىنى ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ.

يىگىت ئاستا گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن بۇلبۇلگويانى تېپىپتۇ — دە، ھېلىقى قىزنىڭ جېكىگەن سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ «بۇلبۇلگويانىمۇ تاپتىم، ئەمدى قەپەزنى ئېچىپ بۇنى بىر كۈلدۈرەيچۇ» دەپ قەپەزنى ئېچىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەنىكەن، بۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئۇيقۇدىكى ھەممە دىۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ، باغقا قاراپ يۈگۈرۈشۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزمۇ كۆڭلى ئەنسىرەپ باغقا ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە دەررۇ كېلىپ يىگىتنى يوشۇرۇپ، قەپەزنى ئۆز قولىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ. كېيىن يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن دىۋىلەرگە:

— بۇ مەن، بۇلبۇلگويانى كۈلدۈرۈپ كۆڭۈل ئېچەۋاتىمەن، بۇ يەرگە مېنىڭدىن باشقا كىممۇ كىرەلەيتتى؟ خاتىرجەم بولۇپ، ئۇيقۇڭلارنى ئۇخلاۋېرىڭلار، — دەپ قايتۇرۇپتۇ.

دىۋىلەر قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز جايلىرىغا كېتىشىپتۇ. قىز بولسا بۇلبۇلگويانى جايىغا قويۇپ، بۇ ئىشنى كېيىنكى جۈمەگە قالدۇرۇپتۇ. سەۋەبى، بۇ ھەپتىدە يىگىت بۇلبۇلگويانى ئېلىپ كەتسە، ئۇنى قىزدىن كۆرۈشى تۇرغان گەپ ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، يەنە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. قىز بىلەن يىگىت كۆلگە چۆمۈلۈپ، باغدا ئوينىشىپ يۈرۈپ جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ.

بۇ قېتىم قىز يىگىتكە راسا قاتتىق جېكىپ:

— ئەگەر قەپەزنى يەنە ئاچىدىغان بولساڭ، ئەمدى

كېيىن ئۇخلاپ قالىدۇ، باغنىڭ ساقچىلىرىمۇ مەستلىكتە قاتتىق ئۇخلاپ قالىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا باغقا كىرىش مۇمكىن. لېكىن، باغنىڭ ئىچىدە يولۋاس ۋە شىرلار بار. ئۇلار ناھايىتى خەۋپلىك. قولۇڭدىكى مانا بۇ ئۈزۈكنى باغدىكى يولۋاس ۋە شىرلار تونۇيدۇ. ئۇلار بۇ ئۈزۈكنى كۆرۈشى بىلەنلا ساڭا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. بۇلبۇلگويانى پەقەت قەپىزى بىلەنلا ئالغىن، بىراق قەپەزنى ئېچىپ سالمىغىن، ئەگەر قەپەزنى ئاچساڭ، بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدۇ — دە، لەشكەر ۋە ساقچىلار ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار گۆشۈڭنى پارچە - پارچە قىلىپ يولۋاس، شىرلارغا تاشلاپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قىز يىگىتنى پىنھان بىر يەرگە جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى بىللە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ، خۇددى شۇ جۈمە كۈنى سەھەردە دىۋىلەر پادىشاھى تاغقا ئوۋغا كېتىپتۇ. كۈن بويى تاغمۇ تاغلارنى كېزىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، ھېرىپ - چارچاپ كەلگەندە، ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تاماشا ئويۇشتۇرۇپتۇ. تاماشىغا دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى توپلىنىپتۇ.

خۇددى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھېلىقى يىگىت بۇلبۇلگويا تۇرغان باغقا قاراپ مېڭىپتۇ، باغقا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ، دىۋىلەرنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ.

دىۋىلەرنىڭ ئويۇن - تاماشىسى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلىپتۇ، ھەممىسى مەستلىكتىن ئۆزلىرىنى بىلمەي ئۇخلىشىپ قاپتۇ.

ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلغاندىن كېيىن يىگىت: «دىۋىلەر ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلدىغۇ»، دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە باغقا يېقىن كېلىپ ئۇ ياق - بۇياققا قاراپتۇ. ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن

كەپتۇ ۋە ھېلىقى تاشقا «مەن ئۇكاڭلار بۇلبۇلگويانى تېپىپ قايتقانىدىم، لېكىن سىلەر قايتمىغىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى ئىزلەپ كەتتىم. ئەگەر بىر - بىرىمىز بىلەن ئۈچرىشالماي قايتقۇدەك بولساق، مۇشۇ تاشقا يېزىپ كېتىڭلار، مەن كەينىڭلاردىن يېتىپ بارىمەن» دەپ يېزىپ قويۇپ، ئوتتۇرانچى ئاكىسى كەتكەن «بارسا كېلەر، يا كەلمەس» دېگەن يولغا راۋان بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ يىگىت چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ئوتتۇرانچى ئاكىسى بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ، قاپقارا كۈيىگە مىلىنىپ ئولتۇرغان. سەپسېلىپ قارىسا، كىيىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن، ئۆزى جۇدەپ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن.

ئۇكىسى ئاكىسىنى كۆرۈش بىلەنلا دەررۇ تونۇسىمۇ، ئاكىسى ئۇكىسىنى تونۇماپتۇ.

بۇ يىگىت ئۆزىنى تونۇتماستىن ئۆتۈپ بېرىپ، بىر سارايغا چۈشۈپتۇ - دە، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاستا ئاشپۇزۇلغا كەپتۇ ۋە ئاشپەزگە: «مەن پالانى دەڭدە تۇرىمەن، ئاۋۇ ئوت ياقارىڭىزدىن مەن تۇرغان سارايغا مانتا ئەۋەتىپ بېرىڭ» دەپ پۇلىنى تۆلەپ كېتىپتۇ.

ئاشپەز بىردەمدىن كېيىن بىر لەڭگەنگە مانتىنى سېلىپ، ياخشىلاپ ئوراپ، ھېلىقى ئوت ياقاردىن ئەۋەتىپتۇ. ئوت ياقار مانتىنى ئۇكىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قايتماقچى بولۇپ بۇرۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇكىسى:

— توختاڭ، بۇ ياققا كېلىڭ، مانتىنى گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ بىللە يەيمىز، — دەپتۇ. ئوت ياقار بولسا خىجالەت بولۇپ:

— ياق، ياق، رەھمەت، بۇ جۇل - جۇل كىيىملىرىم

ھەر ئىككىمىز ھالاك بولىمىز. قولىقىڭدا تۇتقىنىڭنى، قەپەزنى زادى ئاچما! — دەپتۇ.

دۆۋلەر پادىشاھى يەنە ئوۋغا كېتىپتۇ، كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ ئۇلتۇرۇش قىپتۇ. ئويۇن - تاماشا، ئىچكىلىك باشلىنىپتۇ، يەنە ھەممىسى مەست بولۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا يىگىت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، تونۇش يول بىلەن باغقا قاراپ كەپتۇ. ئۇياق-بۇياققا قاراپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن شورىدىن باغقا چۈشۈپتۇ. ئۆزىگە قاراپ ئېتىلغان يولۋاسلارغا يەنە ھېلىقى ئۈزۈكنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپتۇ - دە، گۈللەرنى ئارىلاپ بېرىپ، بولبۇلگويانى ئاپتۇ. ئۆتكەن جۈمە كېچىسى قىلغان خاتاسىنى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسكە ئېلىپ، قەپەزنى ئاچماستىن توپ - توغرا ئۆزى تۇرغان باغقا كەپتۇ.

قىز يىگىتنى نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بېشىڭغا بىرەر ئېغىر كۈن چۈشكۈدەك بولسا، مانا بۇ چاچنى كۆيدۈرسەڭ، شۇ زامات مەن ھازىر بولىمەن، — دەپ بىر تال چېچىنى يۇلۇپ يىگىتكە بېرىپتۇ.

بۇ ئىككى ئاشىق بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىگىت تاغلاردىن ئېشىپ ئۇزاق يول بېسىپتۇ؛ ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ؛ يىگىت بىر تالاي دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ؛ ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىگىت نۇرغۇن چۆل - باياۋانلارنى بېسىپ، ئاكىلىرى بىلەن ئايرىلىشقان ھېلىقى ئۈچ ئاچا يولغا يېتىپ كەپتۇ.

يېتىپ كېلىپ تاشقا قارىسا، ھېچبىر خەت يېزىلمىغان. يىگىت «ئاكىلىرىم تېخىچىلا قايتماپتۇ، ئۇلارنى تاشلاپ كەتسەم بولماس، ئۇلارنى ئىزلەي، بولسا بىللە كېتەرمىز، بولمىسا بىر خەۋەرىنى ئېلىپ كېتەرمەن» دېگەن ئويغا

ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تونۇشلۇق بەرمەي، ئۆزلىرى چۈشكەن سارايغا بېرىپتۇ - دە، سارايۋەنگە ئىلتىماس قىلىپ:

— بىز بۈگۈن بازاردا ساپايى سوقۇپ، ناخشا ئېيتىپ تۇرغان بىر قەلەندەرنى كۆردۇق. ئۆزىمىز مۇساپىر بولغىنىمىز ئۈچۈن شۇ قەلەندەرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ قالدۇق. سىز شۇ قەلەندەرنى چاقىرىپ ئەكىلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. سارايۋەن بازارغا بېرىپ قەلەندەرنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— هاي قەلەندەر، بۇياققا كەل، ئىككى كىشى سېنىڭ ناخشاڭغا خۇشتار بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار سودىگەرلەرمۇ ياكى سەيلە قىلىپ يۈرگەن بايۋەچچىلەرمۇ بىلمەيمەن. ئۇلار بىزنىڭ سارايغا كېلىپ چۈشكەن، سېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يۈر مەن بىلەن، — دەپ ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ.

قەلەندەر سارايغا كېلىپ:

— هەر قايسىلىرىنىڭ هۇزۇرلىرىغا نېمىكى خىزمەتلىرى بولسا بەجا كەلتۈرۈشكە كەلدىم، — دەپ تىز پۈكۈپ تەزىم قىپتۇ.

«كېلىڭ، كېلىڭ!» دېيىشىپ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قەلەندەرگە جاي كۆرسىتىپتۇ ۋە:

— بازاردا سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ خۇشتار بولۇپ قالدۇق، بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلىپ كىشى ئەۋەتكەنىدۇق. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ناخشىڭىزنى بىر ئاڭلىساق، — دەپ قەلەندەرنى ئۆز يانلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. قەلەندەر:

— ئەگەر مېنىڭ ناخشامغا خۇشتار بولساڭلار، سىلەردەك ياخشىلارنىڭ سادىغىسى بولۇپ كېتەي، — دەپ ئۆزىنىڭ قەدىمىنى رۇسلاپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ، بىردىن

بىلەن سىزدەك بىر بايۋەچچە بىللە ئولتۇرۇپ، بىرلىگەندە تاماق يېيىشىم كېلىشمىگەن بىر ئىش، — دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ. لېكىن ئۇكىسى ئۇنىماي:

— ياق، بۇياققا كېلىڭ، مەن زادىلا تاماقنى يالغۇز يېيەلمەيمەن، ماڭا ھەمراھ بولمىسىڭىز بولمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

كېيىن ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىپتۇ. ئاكىسى بۇ يىگىتنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىپتۇ، لېكىن قەيەردە كۆرگەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرەلمەپتۇ.

ئۇكىسى ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭ قىلىپ، ئاخىر ئۆزىنى تونۇتۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. ئاكىسى ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى، قانداق قىلىپ بۇ كۈنلەرگە دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى بىر - بىردىن سۆزلەپ بېرىپتۇ. كېيىن ئۇكىسى بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئاكىسىنى كىيىندۈرۈپتۇ ۋە ئاشپۇزۇلدىن چىقىرىۋاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى «ئەمدى چوڭ ئاكىمىزنى تاپايلى» دېيىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بۇلار چوڭ ئاكىسىنى ئىزلەپ كۆپ يېزا ۋە شەھەرلەرنى كېزىپتۇ. كۆرۈنگەن كىشىلەردىن سوراپتۇ، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالماي يەنە بىر چوڭ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بازارلارنى قاراپ يۈرۈپ، بىر يەردە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى شۇ يەرگە بېرىپتۇ. قارىسا ئوتتۇرىدا جۇل - جۇل كىيىملىك، قولىدا ئۇزۇن ھاسا تۇتقان بىر قەلەندەر ساپايى سوقۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. بۇلار ياخشىراق سەپسېلىپ قارىسا، خۇددى ئۆزلىرى ئىزلەپ يۈرگەن چوڭ ئاكىسى ئىكەن. لېكىن

بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، كېيىن كەنجى ئوغلىنى سو-
راپتۇ. ئۇلار كېلىشىۋالغان گېپى بويىچە:

— بىز بۇ يەردىن چىققىش بىلەنلا ئۇ بىزدىن ئايرى-
لىپ باشقا ياققا كەتكەن، شۇنىڭدىن بېرى ئۇنى كۆرمىدۇق،
بىز بۇلبۇلگويانى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى كۆپ ئىزلىدۇق،
بىراق ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق... — دەپ جاۋاب
بېرىشىپتۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ دەردىدە ئاتا - ئانا كۆپ قايغۇ -
ھەسرەت چېكىپتۇ، بۇلبۇلگويامۇ ھېچ سايرىماستىن موڭغا
پېتىپ يېتىپتۇ.

«ئاھ، — دەپتۇ ئاتىسى، — بۇلبۇلگويا تېپىلدى،
دەپ خۇشال بولسام، ئەمدى كۆز قارىچۇقۇم، كەنجەم يوق.
ھەممىدىن كەنجە بالامنىڭ دەردى مېنى يوقاتتى» دەپ يەنە
ھەسرەتكە چۆكۈپتۇ. كەنجى بالىسىنىڭ دەردىدە يىغلاپ
يۈرۈپ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ كۆز نۇرلىرىدىن ئايرىلىپتۇ...

پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئاكىلىرى تەرىپىدىن قۇ-
دۇققا تاشلانغاندىن كېيىن بىر نەچچە ۋاقىت ھوشسىز يې-
تىپتۇ، كېيىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، قاراڭ-
غۇ قۇدۇقنىڭ تېگىدە ياتقۇدەك. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى
چۈشىنىپ، قۇدۇقتىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆرۈپتۇ، لې-
كىن چىقالماپتۇ. ھېلىقى قىز بەرگەن بىر تال چاچنى كۆي-
دۈرەي دەپ چاقماقنى چېقىپ كۆرسە پىلتىسى ھۆل بولۇپ
كەتكەنلىكىدىن يانماپتۇ. تەلەيگە يارىشا شۇ ئارىدا قۇدۇق
يېنىغا بىر نەچچە كارۋان كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئاتلىرىنى سۇ-
غىرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن بىرى قۇدۇقتىن سۇ تارتىشقا چې-
لەك چۈشۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا يىگىت چېلەككە ئېسىلىۋاپتۇ.
كارۋان چېلەكنى تارتسا كۈچى يەتمەپتۇ. كېيىن ئىككى -
ئۈچى بىر بولۇپ تەسلىكتە تارتىپ چىقارسا، بىر يىگىت

خىيالى بۆلۈنۈپ «بۇ كىشىلەر كۆزۈمگە خويمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدىغۇ، قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەن» دەپ ئويلاپ يادىغا كەلتۈرەلمەپتۇ.

كېيىن كەنجى ئۇكىسى ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭ قىلىپ، ئاستا ئۆزلىرىنى تونۇتۇپتۇ. بىر - بىرلىرىنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن كېيىن كەنجىسى بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئاكىسىنى كىيىندۈرۈپتۇ ۋە ئۇزاق مۇڭدىشىپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتىشىپتۇ.

بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار ئۇزاق يول مېڭىپ ئۆز شەھىرىگە يېتىشكە يەتتە كۈنلۈك يول قالغاندا، چوڭ ئاكىسى بىلەن ئوتتۇرانچىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن توختاپتۇ. تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ دەم ئېلىپ ياتقاندا ئىككى ئاكىسى يوشۇرۇنچە «بىز ئۆيگە بارغاندا، ئۇكىمىز بۇلبۇلگويانى مەن تاپتىم دېسە، دادىمىز ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئاشپۇزۇلدا ئوت قالاپ، مېنىڭ قەلەندەرلىك قىلىپ يۈرگىنىمىزنى ئېيتىپ قويسا، بىز ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ يامانراق ئۇيات بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بۇلبۇلگويانى ئۆزىمىز ئېلىپ بارايلى. ئەگەر ئۇكىمىزنى سوردىغۇدەك بولسا، ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا كەتكەن ئۇنى ئىزلەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق دەيلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار كەنجى ئۇكىسىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلاپتۇ. ئۆزلىرى بۇلبۇلگويانى ئېلىپ، يەنتە كۈندىن كېيىن ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بالىلىرىنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن ئاتا - ئانا ئۇلار

ئاكاڭلار سىنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ كەلگەنىدى، دەردىگە يىغلاپ يۈرۈپ كۆز نۇرلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق بالام — دەپ يىغلاپ بالىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ.

خۇشاللىقلىرىدىن ئاتا - ئانىنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاستا-ئاستا ئېچىلىپتۇ ۋە:

— ۋاي بالام، سىنىمۇ كۆرىدىغان كۈن باركەنغۇ، — دەپ ئوغلىنى يېڭى-باشتىن باغرىغا بېسىپ يىغلىشىپتۇ. كەنجى ئوغلى ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، ئاكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاخىر ئۇلارنىڭ قىلغان قەستلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتا - ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستى بىلەن ئاتا - ئانىلىرىنى تونۇشتۇرۇپتۇ، بۇلبۇلگويا بۇلارنى ئالقىشلىغاندەك قاقلاپ كۈلۈپتۇ. ھەر كۈلگەندە ئۇنىڭ ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈللەر ئېتىلىپ چۈشۈپتۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئاتا:

نۆكەرلىرىگە چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلىنى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

جاللاتلار ئىككى ئاساۋ ئاتنى تۇتۇپ كېپتۇ - دە، ئىككى چوڭ ئوغلىنى بۇ ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، سۆرىتىپ قويۇۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلبۇلگويانى بىر كۆرۈشكە ئارمان قىلغان پادىشاھ ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالايىتەن جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى ئۇنىڭ سايرىشىدىن زوقلىنىپ، مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنىكەن.

چىقىۋاتقۇدەك.
يىگىت قۇدۇقتىن چىقىپ ۋەقەنى كارۋانلارغا ئېيتىپ
بېرىپتۇ. كېيىن چاقمىقنىڭ پىلتىسىنى قۇرۇتۇپ ھېلىقى
چاچنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ چاغدىلا ئاسماندىن بىر كەپتەر ئۇ-
چۇپ كېلىپ قۇدۇقنىڭ ئەتراپىغا قونۇپتۇ. بىر قانات قې-
قىپلا قىزغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، يىگىتتىن:
— بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ.
يىگىت بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، شۇنىڭدىن
كېيىن قىز قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككى قېتىم چاۋاك
چالغانىكەن، توقۇقلۇق ئىككى تۇلپار كىشنىگىنىچە يېتىپ
كەپتۇ.
ئاندىن ئىككىسى ئىككى تۇلپارغا مىنىپتۇ ـ دە،
«چۇھ» دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار يەتتە كۈنلۈك يولنى يې-
رىم كۈندە بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆيگە يېتىپ بېرىپتۇ. قىز بىلەن
يىگىت ئىشىكتىن شۇنداق كىرىشى بىلەنلا، نەچچە كۈنلەر-
دىن بۇيان كۈلمەستىن غەمكىن بولۇپ ياتقان بۇلبۇلگويا
قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەنىكەن، ئۇنىڭ كۈلكىسى پۈتۈن ئۆي-
نى چاك كەلتۈرۈپتۇ. ئۇكىسىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى-
نى كۆرگەن ئاكىلىرى قورقۇپ كېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىل-
مەي قاپتۇ.
كۆز نۇرلىرىدىن ئايرىلغان ئاتا بىلەن ئانا بۇلبۇلگو-
يانىڭ كۈلۈشىنى ئاڭلاپ خۇشال بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە
ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەپتۇ.
كەنجى ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— سالام مېھرىبانلىرىم، سالامەتمۇ سىلەر؟ مەن كې-
چىك ئوغلۇڭلار! — دەپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قۇچاقلى-
شىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانا:
— ۋاي جېنىم بالام، بارمۇ سەن؟ نەلەردە يۈرسەن؟

ئۇنى يوقلاپ كېلىلى» دەپ پادىشاھنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قا-رىسا، پادىشاھ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان. دوست - يارەنلىرىنى كۆرگەن پادىشاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— كېلىڭلار، دوستلىرىم، كېلىڭلار! — دەپ تۆرگە تەكلىپ قىلىپتۇ. دوستلار ئولتۇرۇپ تىنچ - ئامانلىق، ھال-ئەھۋال سورىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر ھەس-رەت ئۇتىنى كۆرگەن دوستلىرىدىن بىرى:

— پادىشاھى ئالەم، كەم دىدار بولۇپ قالدىلا، بىر ھەپتىدىن بېرى تالا - تۈزگە چىقماي قويدىلا، چىرايلىرى-مۇ ھەسرەتلىك كۆرۈنىدۇ ياكى تاۋىلىرى قېچىپ قالدىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ بىر ئۇھ تارتىپتۇ - دە، دۈزىنى قايغۇ - ھەسرەتكە سالغان دەردىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

— ئېھ دوستلىرىم، ئۆزۈم پادىشاھمەن، تالاي - تا-لاي ئەل - يۇرت قول ئاستىمدا، دۆلىتىم - بايلىقىم ھەد-دى - ھېسابسىز، ھەر نېمە قىلسام ئەركىم ئۆزۈمدە، بۇ تە-رەپتىن ئارمىنىم يوق. لېكىن، پەرزەنتسىزلىك مېنى ھەس-رەتكە سالدى، يۈرەك - باغرىمنى كاۋاپ قىلدى، — دەپتۇ.

— توغرا ئېيتتىلا، پادىشاھى ئالەم، پەرزەنت دېگەن ئاتا - ئانىنىڭ توگىمەس - پۈتمەس بەخت - دۆلىتى. پەرزەنتسىز ھاياتنىڭ لەززىتىمۇ، ھۇزۇرىمۇ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە ئەل - يۇرتنى سوراپ تۇرغان، خۇسۇسەن، سىلىدەك بىر پادىشاھنىڭ پەرزەنت كۆرۈشى شەرت، — دەپ-تۇ دوستلىرىدىن يەنە بىرى.

— مەنمۇ ئەنە شۇ توغرىدا ئويلايمەنۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈۋىگە يېتەلمەيۋاتىمەن. بۇ توغرىدا دوست - يارەنلىرىم

# مەستان كەمپىر

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈچ خوتۇنىنىڭ ھېچقايسىسى تۇغماس ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پادىشاھ بالىغا زارىكەن.

ئۇ ھەر جۈمە كۈنىدە ۋەزىرلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ كۆڭلىنى ئېچىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. لېكىن، ئوۋغا چىقىش ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولسا، ئوۋدىن قايتىش شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز بولىدىكەن. چۈنكى، ھەر قاچان ئوۋغا چىققاندا تاغ - تاشلار، يەلپۈنۈپ تۇرغان گىياھلار، شارقى-راپ ئېقىپ تۇرغان تاغ سۇلىرى ۋە سايراپ تۇرغان تۈر-لۈك قۇشلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچسا، ئوۋدىن قايتقان ۋا-قىتتا ۋەزىرلىرىنىڭ باللىرى ئاتىلىرىنى «دادا، دادا!» دەپ چاقىرىشلىرى، پادىشاھنىڭ ئالدىغا «دادا!» دەپ چىققۇدەك بالىسىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىدى-كەن. شۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆيىگە كى-رىدىكەن - دە، تاماقمۇ يېمەي، تالا - تۈزگىمۇ چىقماي يېتىۋالىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ يەنە شۇنداق ئوۋدىن قايتقاندا، ۋەزىرلىرىنىڭ ئالدىغا «دادا، دادا» دەپ يۈگۈ-رۈشۈپ چىققان باللارنى كۆرۈپ، يۈرەك - باغرى كاۋاپ بولۇپ ئۆيىگە كىرىپتۇ - دە، بىر ھەپتىگىچە ھېچ يەرگە چىق-ماي يېتىۋاپتۇ. بىر ھەپتىدىن بېرى پادىشاھنى كۆرمىگەن دوست - يارەنلىرى: «پادىشاھى ئالەم بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈنمەي قالدى، ئاغرىپ - ياتىپ قالدىمىكىن،

يۇرتنى چاقىرىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز چوڭ توي - مە-رىكە قىلىپ، ئايجامالنى ئاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئايجامال ئېغىرئاياغ بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ «مانا ئەمدى مەنمۇ پەرزەنت-لىك بولىدىغان بولدۇم» دەپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئايجامالنى باشقا خوتۇنلىرىدىن ياخشى كۆرۈشكە، كۆپرەك ھۆرمەت قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ بۇنىڭغا تازا ئىچى كېلىپ «خەپ توختا، سەن توقالنىڭ بىر ئەدىبىنى بەرمىسەك» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرۈپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، پا-دىشاھ ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن يەنە ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئايجامالنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى مەرەزلىك قىلىپ: «ئەگەر بۇ توقال ئامان - ئېسەن تۇغۇپ قالسا، پادىشاھ پۈتۈنلەي ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، بىزدىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ تۇغقان بالىسىنى پادىشاھنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلى-نىپ يوقىتىۋېتىش كېرەك» دېگەن پىكىرگە كېلىشىپتۇ ۋە بۇ قارا نىيەتلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن شۇ شەھەردىكى جا-دىگەر مەستان كەمپىرنى ياردەمگە چاقىرىپ:

— ۋاي موما، جان موما، كىشىنى ھاجىتىدىن چىقار-سا ساۋاب بولىدۇ، دەيدىغان. شۇ تاپتا بىزنىڭ سىلىگە نا-ھايىتى چوڭ بىر ئىشتىن ھاجىتىمىز چۈشتى، ئۇنى پەقەت ئۆزلىرىلا ئورۇندىيالايلا. ھازىر توقالنىڭ تولغىقى تۇتۇپ ياتىدۇ، ئۇ تۇغقان چاغدا بىر ئامال قىلىپ بالىسىنى يوقى-تىشنىڭ يولىنى قىلسىلا، بىز سىلىگە نېمە دېسىلە شۇنى بېرەيلى، — دەپ ئۆز نىيەتلىرىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جادىگەر مەستان كەمپىر بۇ ئىش-نى ئورۇنداپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپ، كۆپ ئالتۇن ئاپتۇ ۋە

قانداق مەسلىھەت بېرىدىكىن؟ — دەپتۇ پادىشاھ دوستلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ.
— ئۇنداق بولسا، پادىشاھى ئالەم، بىزنىڭ سىلىگە بېرىدىغان مەسلىھەتىمىز شۇكى، سىلى يەنە خوتۇن ئېلىشلىرى كېرەك. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەل بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ ئۇچىنچىسى.
پادىشاھنىڭ دوستلىرى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەقسەتكە يېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قايتىشىپتۇ.
پادىشاھ شۇ كۈندىن باشلاپ شەھەر قىزلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۆزىگە لايىق تاللاشقا باشلاپتۇ. بۇ شەھەردە كۆپ باللىق بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ ئايجامال دېگەن چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن، پادىشاھ ئەنە شۇ قىزنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.
پادىشاھ لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، شۇ قىزنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. لېكىن، پادىشاھنىڭ يېنىدا تۇرغان دوستلىرى:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، قول ئاستىلىرىدىكى پۇقرالار ئىچىدىن كۆڭۈللىرىگە ياققان ھەر قانداق قىزنى خالىغان ۋاقىتتا ئۆز ھوزۇرلىرىغا ئالالايدىلا. ئەمما، كۆڭۈللىرىدىكى ئارزۇ - ئارمانغا يېتىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى پەرمان بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ رەسمىي يوسۇنى بويىچە ئەلچى ئارقىلىق قىلسىلا ئوبدان بولارمىكىن. — دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ماقۇل قىپتۇ، توي كۈنىنى بەلگىلەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق

— ئەگەر بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتاي، پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ خىزمەتكار.

پادىشاھ ئاڭلاشقا تاقەتسىزلىنىپ:

— خوپ، كەچتىم، ئېيتقىن، — دەپتۇ.

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، كىچىك خوتۇنىڭىزنىڭ كۆزى يورۇپتۇ، تۇغقىنى ئادەم ئەمەس، ئىككى كۈچۈك ئىكەن، بۇنى تېخى ھېچ كىمگە بىلدۈرمەپتۇ. چوڭ خوتۇنلىرىڭىز مېنى دەررۇ سىزگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى، — دەپتۇ خىزمەتكار.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ: «ئاھ، بۇ نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق» دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ - دە، خىزمەتكارغا:

— ئاتنى قانداق چاپتۇرۇپ كەلگەن بولساڭ، شۇنداق چاپتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارغا ئېيت: توقالنىڭ چاچلىرىنى قىرقىپ، ئۇنى ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كاتەك ياساپ شۇنىڭغا سولاپ قويسۇن، كۈچۈكلىرى ئالدىدا تۇرسۇن، لېكىن بۇ ئىشلارنى باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن، — دەپتۇ.

ھېلىقى خىزمەتكار يەنە ئېتىنى قارا تەرگە چۈشكىچە چاپتۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئىزھار قىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى «مانا ئەمدى بىز مەقسىتىمىزگە يەتتۇق، پادىشاھ يەنىلا بىزنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى» دەپ، ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىر كاتەك ياسىتىپتۇ، ئايجامالنى چاچلىرىنى قىرقىپ، ئۇنىڭغا سولاپتۇ، ئالدىغا ھېلىقى كۈچۈكلەرنى تاشلاپتۇ. يېنىغا يۇندا تولدۇرۇلغان بىر يالاقنى قويۇپتۇ.

ئايجامال ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ئۆزى ئېغىلدىكى كاتەك ئىچىدە ياتقۇدەك، چاچلىرى قىرقىلغان، ئالدىدا ئىككى كۈچۈك، بىر يالاقتا يۇندا تۇرغان، ئۇ ۋەقەنىڭ

ئايجامالنىڭ تۇغۇشىغا ياردەم قىلىدىغان كىندىك ئانا سۇ-پىتىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئايجامالنىڭ ۋاقتى - سائىتى يېتىپ، ئىككى كېزەك — بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپتۇ. لېكىن، بىرىنچى تۇغۇتتىلا ئىككى كېزەك تۇغقان ياش ئايجامال ئەس - ھوشىدىن كېتىپ ھېچنەرسىنى بىلمەي يېتىپ قاپتۇ. بۇ، مەستان كەمپىرگە راسا ئوڭ كەپتۇ. ئۇ دەررۇ يېڭى تۇغۇلغان ئىككى كۆچۈك تېپىپ كەپتۇ - دە، ئايجامالنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ تۇغقان بالىلىرىنى دەرياغا تاشلىۋېتىش ئۈچۈن لاتىغا ئوراپ ئېلىپ كېتىپتۇ. دەرياغا يەتمەستىنلا مەستان كەمپىر ھېرىپ قاپتۇ ۋە «ئوۋۋاي، دەرياغا قاچان يېتىپ باراي، ئاۋارە بولۇپ يۈرگۈچە مۇشۇ يەرگىلا تاشلىۋەتمەيمەنمۇ» دەپ بىر قىرنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى قارا نىيەتلىرى ئورۇندالغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەررۇ بىر خىزمەتكارىنى چاقىرىپ، ئۇنى:

— پادىشاھنىڭ زاتى پەس، گاداي توقىلى كۈچۈك تۇغدى، دەررۇ پادىشاھنىڭ ئوۋ قىلىپ يۈرگەن يېرىگە ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ خەۋەر قىل، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ھېلىقى خىزمەتكار «كۈچۈك تۇغدى» دېگەن سۆز ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ، پادىشاھنىڭ خوتۇنى قىلغان ئەمىر بولغانلىقى ئۈچۈن، دەررۇ ئاتنى ئېگەرلەپ مىنىپتۇ - دە، چاپتۇرغىنىچە تاغقا قاراپ كېتىپتۇ. ئۇ، تاغمۇ تاغلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ پادىشاھنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، مەن سىزگە چوڭ خوتۇنلىرىڭىزنىڭ ئەمرى بىلەن بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، لېكىن ئېيتىشقا قورقىمەن، — دەپتۇ.

— قانداق خەۋەر، سۆزلە تېز! — دەپتۇ پادىشاھ.

قايتىپ كېتىپتۇ.

ئۆيىگە كەلگەندە غىزامۇ يېمەستىن، خوتۇنلىرى بىلەن گەپلەشمەستىن، خاپا بىر هالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەتىسىمۇ پادىشاهنىڭ شۇنداق خاپا بىر هالدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن خوتۇنلىرى:

— ئىككى كۈندىن بۇيان باش كۆتۈرمەي خىيالغا چۆكۈپ كەتتىلىغۇ ياكى بىرەر نەرسىدىن خاپا بولدىلىمۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

— هەي خوتۇنلار، چۆل-باياۋانلارغا بەرگەن بالىنى ماڭا بەرسە بولماسمىدى. خۇدايىم! — دەپ ئۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ئوۋغا چىققاندا كۆرگەن بالىلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاهنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان خوتۇنلىرى ئىچىدە: «ئاھ، هېلىقى بالىلارمىكىن، قانداق تەقدىر بىلەن ئۆلمەستىن هايات قالدىكىن؟ ئەمدى سىرىمىز ئېچىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا چوڭ خوتۇنى:

— قويسىلا، يوقلا نەرسىگە كۆڭۈللىرىنى بۇزۇپ، ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلمىسىلا. خۇدايىمنىڭ ۋاقتى-كۈنى كۆپ، سىلىمۇ پەرزەنتلىك بولۇپ قالالا، — دەپ پادىشاهنىڭ كۆڭلىنى ياساپتۇ.

بۇ خوتۇنلار پادىشاهتىن خالىي بىر يەرگە توپلىنىپ ئۆز ئارا مەسلىهەتلىشىپتۇ بۇلارنىڭ بىرى:

— پادىشاهنىڭ كۆرۈپ كەلگىنى تەقىق شۇ بالىلار بولسا كېرەك، ئۇلار بولمىسا، چۆل-باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرگەن بالىلار ئۇ، — دەپتۇ. ئىككىنچىسى:

— ئەگەر شۇلار بولسا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سىرىمىز ئېچىلىپ قالىدۇ، چۈنكى پادىشاه ئوۋغا چىققاندا

نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي هاڭ- تاڭ بولۇپ، يىغلاپتۇ، قاق-
شاپتۇ، لېكىن ئىلاج قىلالماپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئايجامال-
نىڭ ماكانى كاتەك، غىزارى قالغان - قاتقان يۇندا بولۇپ
قاپتۇ.

مەستان كەمپىر تاشلىۋېتىپ كەلگەن بالىلارنى دەريا-
دىن سۇ ئىچىپ كېلىۋاتقان بىر ئانا كىيىك كۆرۈپ قېلىپ
تاغقا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە بىر غار تاشنىڭ ئۆڭكۈرىگە جاي-
لاشتۇرۇپ ئۆز سۈتىنى ئەمگۈزۈپ بېقىشقا باشلاپتۇ.

ئاي، كۈن ھەتتا يىللارمۇ ئۆتۈپتۇ. ئاكا-سىڭىل بالىلار
ئۆسۈپ چوڭ بولۇپتۇ ۋە ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئەتراپتا كۆڭۈل
ئېچىپ ئويناشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ شۇ تاغقا ئوۋ ئوۋلاپ بېرىپ قاپتۇ.
پادىشاھ ھېچقانداق ئوۋ ھايۋىنى ئۇچرىتالماي ھېرىپ- ئې-
چىپ يۈرگەندە، ئالدى تەرەپتىكى بىر قىرنىڭ كەينىدىن
بىر كىيىك چىقىپتۇ - دە، جىم قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ
«ھە مانا، ئەمدى خۇدايىم بەردى» دەپ ئوقياسىنى تەڭ-
لىمىشىگە ھېلىقى كىيىك لىپ ئېتىپ قېچىپتۇ، نېرىراق بې-
رىپ يەنە قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ پايپاسلاپ يېقىنراق
بارسا، يەنە نېرىراق قېچىپ بېرىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قى-
لىپ پادىشاھ ئەنە ئاتىمەن، مانا ئاتىمەن دەپ كىيىكنى
ئەگىشىپ خېلى يەرگە كېتىپ قاپتۇ. كىيىك پادىشاھنى مې-
لىكە قىلىپ ھېلىقى ئويناپ يۈرگەن ئىككى بالىنىڭ يېنىغا
ئەگەشتۈرۈپ كەپتۇ - دە، ئۆزى بىر قىردىن ئېشىپ غايىب
بوپتۇ. بۇ ئەنە شۇ بالىلارنى بېقىپ يۈرگەن كىيىك
ئىكەن.

بالىلار پادىشاھنى كۆرۈشى بىلەنلا قېچىپتۇ. پادىشاھ
بولسا، «ئاھ، خۇدايىم، شۇ تاغۇ - چۆللەرگە بەرگەن بالى-
نى ماڭا نېمىشقا بەرمەيسەن؟» دەپ يەنە دەردكە تولۇپ

كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، «ھە، مانا تاپتىم» دەپ قىزغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. لېكىن قىزمۇ بۇ مومايىنى كۆرۈپ، ئۆڭكۈرگە قېچىپ كىرىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋاپتۇ.

قىزنى قوغلاپ ئۆڭكۈرگە كىرەلمىگەن موماي ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا قانچە ئۇرۇنۇپ كۆرۈپتۇ، زادىلا ئاچالمىغاندىن كېيىن:

— ھاي قىزىم، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئاچ، بۇياققا چىققىن، مەن ساڭا تاتلىق ئېلىپ كەلدىم، مە، ئال، — دەپ ئالداپ بېقىپتۇ.

لېكىن، قىز ئاكىسىنىڭ ئوۋغا چىقىپ كېتىش ئالدىدا: «بىرەر كىشىنى كۆرسەڭ ئۆڭكۈرگە قېچىپ كىرىپ، ئاغزىنى ئېتىۋال، ئالدىسا ئىشەنمە، ئۆڭكۈرنى زادى ئاچما» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ، مەستان كەمپىرگە ئالدانماپتۇ ۋە ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

— نەدىن كەلگەن بولساڭلا شۇياققا كەتسىلە، موما. ھازىر ئاكام ئوۋدىن كەلسە سىلىنى تىرىك قويمايدۇ، — دەپتۇ.

مەستان كەمپىر ئۆزىچە، «راست بۇنىڭ ئاكىسى چوڭ بولۇپ قالغاندۇ، مەن بولسام قېرىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ھالۇ ـ دەرمانىمدىن كەتتىم، يەنە ئۆلۈكۈم مۇشۇ چۆل ـ باياۋانلاردا قېلىپ قالمىسۇن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بۇلارنى باشقا يول بىلەن — دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

— قىزىم، بولمىسا سەن ماڭا قۇلاق سال! مۇشۇ تاغنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئۈچ كۈنلۈك يولدا، بىر بۇلاقنىڭ بويىدا بىر تۈپ دەرەخ بار. ئاكاڭ ئەنە شۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئېلىپ كېلىپ تىكسە كارامەت يەل ـ يېمىشلىك

ئۇلارنى يەنە كۆرۈشى مۇمكىن — دەپتۇ. ئۇچىنچىسى بولسا:

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى، سىردىمىز ئېچىلىپ قالغۇچە ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، شۇڭا يەنە مەستان كەمپىرنى شۇ تاغقا ئەۋەتىپ شۇ باللارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتەيلى، — دەپتۇ. بۇلار شۇ مەسلىھەت بىلەن مەستان كەمپىرنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سادىغىڭىز بولايلى موما، بىزنىڭ قىلغان ئىشىمىز چالا قالغانىكەن، سىلى تاشلاپ كەلگەن باللار نېمە سەۋەبتىندۇر ئۆلمەستىن، تاغدا ئويناپ يۈرۈپتۇدەك. پادىشاھ ئوۋغا بېرىپ كۆرۈپتۇدەك. ئىككى كۈندىن بېرى خاپا، شۇلارنى خىيال قىلىپ، باش كۆتۈرمەي ئولتۇرىدۇ. يەنە ئوۋغا چىققاندا ئۇ باللارنى يەنە كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەردە سىردىمىز ئېچىلىپ قالسا، بىزنىڭمۇ، سىلىنىڭمۇ جېنىمىز تېنىمىزدىن جۇدا بولىدۇ. شۇڭا ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىر ئىلاجىنى قىلايلى. سىلى تاغقا چىقىپ شۇ باللارنى تېپىپ، ئۇجۇقتۇرۇپ كەلسىلە. ئېتەكلىرىنى توشتۇرۇپ ئالتۇن، يامبۇ بېرىمىز، — دەپتۇ.

مەستان كەمپىر «خوپ» دەپ ئېتىكىنى توشتۇرۇپ ئالتۇن - يامبۇلارنى ئاپتۇ - دە، ئۆيىگە بېرىپ بىر بولۇڭغا كۆمۈپتۇ، كېيىن تاغقا راۋان بولۇپتۇ.

باللارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىگەن مەستان كەمپىر تاغمۇ - تاغلارنى ئېشىپ، قىرمۇ - قىرلاردىن ئۆتۈپ، سايمۇ - سايلارنى كېزىپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى تىكەنلەرگە ئىلىنىپ، تەنلىرى تىلىنىپ كېتىپتۇ. ئاياغ كىيىملىرى يىرتىلىپ پۇتلىرىغا تىكەن كىرىپ، تاپانلىرى تېشىلىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئېگىز ھاك تاشلارنى ئارىلاپ كېتىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئويناپ يۈرگەن بىر قىزنى

كېلىشكە كېتىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ھەي، بالام، خەتەرلىك سەپەرگە چىقىپسەن. خەير، مەيلى، «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس» دېگەندەك، شۇنچە يول بېسىپ كەپسەن، ئەمدى بارىۋەرگىن. لېكىن، بالام، قۇلىقىڭدا تۇتقىنكى: سەن دېگەن ئۇ دەرەخ دىۋىلەرنىڭ ماكانىدا. ئۇ يەر دىۋىلەردىن كېچە - كۈندۈز خالىي بولمايدۇ. ئۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئالماقچى بولۇپ بارغان قانچە - قانچە ئادەملەر دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن. سەن يەنە بىر يېرىم كۈندىن كېيىن يېتىپ بارىسەن. يېتىپ بارغاندىن كېيىن يىراق بىر يەردە مۆكۈپ تۇرغىن. كۈن چۈش بولۇپ تازا قىزىغان چاغدا دىۋىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشلۈك غىزاغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا شاختىن سۇندۇرۇپ قاچ. ئەگەر دىۋىلەر تۇيۇپ قېلىپ قوغلاپ چىققۇدەك بولسا، كەينىڭگە قارىماستىن قاچىۋەرگىن. ئالتۇن بېرىمەن دېسىمۇ، يامبۇ بېرىمەن دېسىمۇ، يالۋۇرسىمۇ، دوق قىلسىمۇ كەينىڭگە قارىماي قاچ. كەينىڭگە قارىساڭ تۇتۇلىسەن. قارىمىساڭ قۇتۇلىسەن. ئاق يول بولسۇن، ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولسۇن، مەقسىتىڭگە يەت بالام. ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ بوۋاي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ساقىلىنى سىلاپتۇ — دە، كېتىپتۇ. بالا:

— ئېيتقانلىرىڭ كەلسۇن، ئاتا! — دەپ ئۆز يولىغا قاراپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر يېرىم كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كەڭ بىر سايغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا سايىنىڭ ئىچى ئاپئاق ئۇستىخانلارغا تولۇپ كېتىپتۇ. بۇلار شۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئېلىشقا كېلىپ دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۇستىخانلىرى ئىكەن. سايىنىڭ ئۇ قاپتىلىدا پارقىراپ ئېقىپ تۇرغان بىر بۇلاق، ئۇنىڭ بويىدا يوغان،

بىر باغ بولىدۇ. ئاكاڭ كەلگەندە ئەنە شۇ دەرەخنىڭ شې-
خىدىن ئېلىپ كېلىشنى ئېيتقىن. ئۇنىمىسا يىغلاپ تۇرۇۋال-
غىن. ئەگەر ئاكاڭ كىمدىن ئاڭلىدىڭ دېسە، چۈشۈمدە كۆر-
دۈم دېگىن، — دەپتۇ – دە، ئۆزى قايتىپ كېتىپتۇ.

خېلىدىن كېيىن قىزنىڭ ئاكىسى قايتىپتۇ. ئاخشىمى ئاكا – سىڭىل ئىككىسى گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا سىڭلىسى:

— ئاكا، مۇشۇ تاغنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە ئۈچ كۈنلۈك يولدا بىر بۇلاق بارىكەن، ئۇ بۇلاقنىڭ بويىدا بىر تۈپ دەرەخ بارىكەن. ئەگەر شۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئېلىپ كېلىپ تىكسە، دۇنيادىكى تۈرلۈك – تۈمەن يەل – يېمىشلەرنىڭ ھەممىسى بار بىر باغ بولغۇدەك. جېنىم ئاكا، ئەنە شۇنىڭ شېخىدىن ئېلىپ كېلىپ تىكىپ بەرسىڭىزچۇ، — دەپتۇ.

سىڭلىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئاكىسى:

— قوي، بۇنداق بولمىغۇر گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دەپتۇ. سىڭلىسى بولسا:

— چۈشۈمدە كۆردۈم، جېنىم ئاكا، مېنى سىڭلىم دېسىڭىز، ياق دېمەيسىز، — دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

سىڭلىسىنىڭ تەلىپىنى قىيالماستىن ئاكىسى «خوپ» دەپتۇ ۋە ئەتىسى يولغا راۋان بوپتۇ. ئارىدىن بىر يېرىم كۈن ئۆتۈپ يولنىڭ تەڭ يېرىمىغا كەلگەندە، بالىنىڭ ئالدىدىن ئاپئاق ساقاللىق ۋە ئۇزۇن ھاسا تايانغان بىر بوۋاي چىقىپ قاپتۇ. بالا سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، بوۋاي بالىنى توختىتىپ:

— يول بولسۇن بالام، نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا شۇ كۈنپېتىش تەرەپتىكى بۇلاق بويىدىن دەرەخ شېخى ئېلىپ

كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ يەنە شۇ تاغقا ئوۋغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە ھېلىقى كىيىك پەيدا بوپتۇ - دە، بۇرۇنقىدەك قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئاتماقچى بولۇپتىكەن، نېرىراق قېچىپ بېرىپ يەنە قاراپ تۇرۇپتۇ، يەنە ئاتاي دېسە، يەنە نېرىراق قېچىپ بېرىپ پادىشاھنى ھېلىقى باغقا ئەگەشتۈرۈپ ئاپىرىپتۇ - دە، ئۆزى غايىپ بوپتۇ. ئاكىسى ئوۋغا كېتىپ، سىڭلىسى باغدا ئويناپ يۈرگەنىكەن. قىز پادىشاھنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ دەنە خاپا بولۇپ قايتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ خاپا بولۇپ قايتقانلىقىنى كۆرگەن خوتۇنلىرى يەنە ھال سوراپتۇ. پادىشاھ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ كۆرگەنلىرىنى يەنە سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بالىلارنىڭ ئېخىچىلا بار ئىكەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى دەررۇ مەستان كەمپىرگە نۇرغۇن ئالتۇنلارنى بېرىپ، ئۇنى يەنە ئەۋەتىپتۇ.

مەستان كەمپىر بۇ قېتىم ئۆزى كۆرگەن يول بىلەن توپ - توغرا ھېلىقى ئۆڭكۈرگە كەپتۇ. لېكىن ئۆڭكۈرگە كىرىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاكىسىنىڭ بار- يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن بىر يەردە ماراپ يېتىپتۇ.

قىزنىڭ ئاكىسى خۇددى شۇ كۈنى ئوۋغا كېتىپ، سىڭلىسى يالغۇز قالغانىكەن. قىز مەستان كەمپىرنى كۆرۈپ قېلىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ - دە، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋاپتۇ. كەمپىر بۇنىڭدىن ئاكىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۆڭكۈرگە كېلىپ، ئۇنى ئېچىش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلىپ كۆرۈپتۇ، لېكىن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا توسالغان

بۈك، ياپيېشىل بىر توپ دەرەخ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن نۇرغۇن دىۋىلەر كۆرۈنۈپتۇ. بالا: «مەن ئىزلەپ كەلگەن دەرەخ شۇ بولسا كېرەك» دەپ، ھېلىقى بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپتۇ — دە، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ.

كۈن چۈش بولغاندا تاغ — تاشلارنى تىترىتىپ قاتتىق جاراڭلىغان بىر ئاۋاز چىقىپتۇ — دە، ئۇياق — بۇياقتىن دىۋىلەر كېلىپ بىر تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. تاشقىرىدا ھېچكىم قالماي جىمجىتلىق باسقاندا — بالا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ — دە، بىر تال شېخىنى سۇندۇرۇۋېلىپ قېچىپتۇ، لېكىن سەزگۈر دىۋىلەر شاخنىڭ «چارس» قىلىپ سۇنغانلىقىنى ئاڭلاپ چىقىپ بالىنى قوغلاپتۇ.

— ھاي، ئادەمزات، توختا! مە ساڭا ئالتۇن، مە ساڭا يامبۇ، توختا! ھېچبولمىسا كەينىڭگە بىر قارا، — دەپ دىۋىلەر قوغلاپ مېڭىپتۇ، ئالداپ بېقىپتۇ، دوق قىلىپ بېقىپتۇ، لېكىن بالا ھېچ توختىماي ۋە كەينىگىمۇ قارىماي قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ.

بالا ئۇياققا ئۈچ كۈن، بۇياققا ئۈچ كۈن — ئالتە كۈن يول مېڭىپ، يەتتىنچى كۈنى ئۆز ئۆڭكۈرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئاخشىمى ئاكا — سىڭىل ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، شاخنى بىر تۈزلەڭگە تىكىپتۇ. ئەتىسى ئۆڭكۈردىن چىقىپ قارىسا، شاخ تىكىلگەن تۈزلەڭدە شۇنداق بىر باغ — بوستان پەيدا بولۇپتۇكى، خىلمۇ خىل بەل — يېمىشلەر پىشىپ تۇرغان، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، تۈرلۈك — تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلدە بېلىقلار ئۈزۈشۈپ ئويناپ يۈرگەن. بۇنى كۆرگەن ئاكا — سىڭىل ئىككىسى باغدا خۇشال سەيلە قىلىپ،

سېپىلگەن ئىككى تال كەمپۈتنى ئۆگكۈرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۆزى قايتىپ كېتىپتۇ.

شۇ ئارىدا بۇ باللارنى بېقىپ چوڭ قىلغان ھېلىقى كېمىك يۈگۈرۈپ كەپتۇ - دە، كەمپۈتلەرنى ئېلىپ، ئۇزاق بىر دەرياغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن قىزنىڭ ئاكىسى كەپتۇ. ئاكا - سىڭىل ئاخشىمى گەپلىشىپ ئولتۇرغاندا، سىڭلىسى:

— ئاكا، مۇشۇ تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر ئۆگ- كۈر باركەن. شۇ ئۆگكۈردە ھۈرلىقاخان دېگەن بىر قىز ياشايدىكەن. ئەنە شۇ قىزنى ئەكەلسىگىز. ماڭا ھەدە بو- لاتتى، سىز ئوۋغا كەتكەن چاغلاردا مەن ئۇننىڭ بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ، زېرىكمەي يۈرەتتىم، بولمىسا ناھايىتى زېرىكىپ كېتىمدىكەنمەن، — دەپتۇ.

— بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ بولمىغان گەپلەرنى قويساڭچۇ، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى.

— چۈشۈمدە كۆردۈم، ئاكا، — دەپتۇ سىڭلىسى.

— ئۇنداق نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلما، سىڭلىم، — دەپ- تۇ ئاكىسى.

— ئەنىغۇ، دەرەخنىڭ شېخىنى ئەكىلىپ تىكىۋىدۇق قانداق ياخشى باغۇ - بوستانلىق بولۇپ قالدۇق. ئەمدى ئەدىلىك بولۇپ قالساق، نېمە بولاتتى؟ — دەپتۇ سىڭلىسى.

— ھەي، سىڭلىم، ئۇ دەرەخنىڭ شېخىنى ئېلىپ كەل- گۈچە ئېغىر خەتەرلەرگە يولۇقتۇم، ئۇنى سەن بىلمەيسەن، ئۆلۈكۈم دىۋىلەرنىڭ قولىدا قېلىشقا ئاز قالدى. قوي، سىڭ- لىم، بۇ ئارزۇيۇڭنى تاشلا! دەپتۇ ئاكىسى.

— ئەگەر مېنى سىڭلىم دېسىڭىز، شۇ قىزنى ئەكې- لىپ بېرىڭ، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ سىڭلىسى.

ئېغىر تاشلارنى كۆتۈرۈشكە كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن:

— قىزىم، ئۆڭكۈرنى ئاچ، مانا ساڭا ياخشى كېيىملەر ۋە ئالتۇن ئۈزۈكلەر ئېلىپ كەلدىم، — دەپ قىزنى ئالداپ كۆرۈپتۇ.

قىز ئۇنىڭ ئالدىغىنىغا كۆنمەپتۇ ۋە ئۆڭكۈرنى ئاچماپتۇ.

— ماڭا سىلىنىڭ ھېچنېمىلىرى كېرەك ئەمەس. قاياقتىن كەلگەن بولسىلا شۇ ياققا كەتسىلە. بولمىسا ھازىر ئاكامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ كېلىپ قالسا، سىلىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھەر قانداق ئالداشلار بىلەن قىزنى ئۆڭكۈردىن چىقىرالمىغان ۋە چىقىرىشقا كۆزى يەتمىگەن مەستان كەمپىر ئىلاجسىز، ئۇلارنى باشقا يول بىلەن ئۆلتۈرۈش پىكرىگە كەپتۇ-دە:

— قىزىم، مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈم راستمىكەن؟ مەن دېگەن دەرەخنىڭ شېخىنى ئەكېلىپ تىكىپسىلەركەن، ياخشى باغۇ-بوستانلىق بولۇپ قاپسىلەر. ئەمدى بىر مەسلىھەت بېرەي، ئاڭلىغىن: مۇشۇ تاغنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە، ئۈچ كۈنلۈك يولدا بىر ئۆڭكۈر بار. ئەنە شۇ ئۆڭكۈردە ھۆرلىقاخان دېگەن بىر قىز ياشايدۇ. ئاكاڭ كەلگەندە، ئەنە شۇ قىزنى ئەكېلىپ بېرىڭ، دەپ سورىغىن. ئۇنىمىسا، يىغلاپ تۇرىۋال. ئەگەر كىمدىن ئاڭلىدىڭ دېسە، چۈشۈمدە كۆردۈم دېگىن. ئەگەر ئۇ قىزنى ئېلىپ كەلسەڭلار، ساڭا ھەدە بولىدۇ، ئاكاڭ بىر ياقلارغا كەتكەندە، سەن زېرىكىپ قالمايسەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا ئىككى تال كەمپۈت قويۇپ كېتىمەن: ئاكاڭ كەلگەندە ئىككىڭلار يەڭلار، — دەپ ئۇغا

بالا يولىنى داۋام قىپتۇ. ئارىدىن بىر يېرىم كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر يەرلەرگە كېلىپ قارىسا، ئادەمگە ئوخشىشىدىغان نۇرغۇن تاشلار تۇرغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇرلىقاخانىنى ئالىمىز دەپ كېلىپ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەر ئىكەن.

بالا ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ھۇرلىقاخان!» دەپ ۋارقىراپتۇ، بىردەم تورغاندىن كېيىن «ھۇرلىقاخان!» دەپ يەنە ۋارقىراپتۇ. ئۇچىنچى قېتىم يەنە بىر ۋارقىراپ، جىم-جىت تۇرۇۋاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن: «ۋارقىرا، ۋارقىرا، ۋارقىرا!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، لېكىن بالا بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەسلەپ زادىلا ۋارقىرىماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۇرلىقاخان: «مېنىڭ سىرىمنى بىلىدىغان بۇ قانداق ئەقىللىق ئادەمزات» دەپ ئۆڭكۈردىن چىقىشى بىلەنلا، بالا ئۇنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا قىز:

— مەقسىتىڭنى ئېيتقىن، ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

بالا ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ھۇرلىقاخان رازىلىق بىلدۈرۈپ بالا بىلەن مېڭىپتۇ.

شۇ ئارىدا تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يەنە ئەسلىگە كەپتۇ - دە، بالىغا نۇرغۇن رەھمەتلەرنى ئېيتىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا راۋان بولۇپتۇ.

بالا ھۇرلىقاخاننى ئۆزى تۇرغان ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچى ئويناپ - كۈلۈپ ياشاشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ يەنە ئوۋغا چىقىپ، شۇ تاغدا ئوۋلاپ يۈرگەندە ئالدىدىن يەنە ھېلىقى كىيىك

ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قىيالماستىن، يەنە «خوپ» دەپتۇ ۋە ئەتىسى يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ماڭا - ماڭا بىر يېرىم كۈن ئۆتكەندە، يەنە ئۇنىڭغا ئۇزۇن ھاسا تايانغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي يولۇقۇپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا، — دەپ سالام بېرىپتۇ بالا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، يول بولسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مۇشۇ تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە ھۇرلىقاخان دېگەن بىر قىز بارمىش، مەن شۇ قىزنى ئالغىلى كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— يامان يولغا مېڭىپسەن، بالام، ئۇ قىزنى ئالىمەن دەپ تالاي - تالاي ئادەملەر تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن مەيلى بالام، يولغا چىققاندىن كېيىن يولۇڭدىن قايتما لېكىن، مېنىڭ سۆزلىرىمنى قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت. يەنە بىر يېرىم كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئۆڭكۈرگە يېتىپ بارىسەن ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ: «ھۇرلىقاخان!» دەپ بىر قېتىم ۋارقىراپلا جىمجىت تۇرۇۋال. بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن يەنە شۇنداق ۋارقىرىغىن - دە، جىمجىت تۇرۇۋال. ئۈچىنچى قېتىم يەنە ۋارقىراپ، يەنە جىمجىت تۇرۇۋال. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن «ۋارقىرا، ۋارقىرا، ۋارقىرا» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، لېكىن سەن زادىلا ۋارقىرىمىغىن. كېيىن ئۇ قىز ساڭا قارىماقچى بولۇپ ئۆڭكۈردىن چىقىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغىن. ئاق يول بولسۇن، ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولسۇن، بالام، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ بوۋاي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ساقىلىنى سىلاپتۇ - دە، كېتىپتۇ.

بېغـىغـا تـوغـرا كېلىپ قالدىم. ئۇلار مېنى راسا مېھمان قىلدى، بۇ نەرسىلەرنى شۇلار بەردى. مەن ئۇلارنى جۇمە كۈنىگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ياخشىراق تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

خـوتۇنـلار شۇ كـۈنـدىن بـاشـلاپ تـەيـيـارلىـقـقا كىرىشىپتۇ.

جۈمە كۈنى پادىشاھ پۈتۈن لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ:

— تەختىمدىن تارتىپ تاغنىڭ ئېتىكىگىچە — يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە لەشكەرلەرنى قاتار قىلىپ تىزىڭلار. بۈگۈن تاغ پادىشاھى مېھماندارچىلىققا كېلىدۇ، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

لەشكەر باشلىقلىرى پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، لەشكەرلىرىنى تەختىنىڭ يېنىدىن تارتىپ تاغنىڭ ئېتىكىگە يەتكۈچە يولنىڭ ئىككى چېتىگە قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى ئېلىپ، مېھمانلارنى قارشى ئېلىشقا يولغا چىقىپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاكا - سىڭىل، ھۆرلىقاخان ۋە كىيىك تاغدىن چۈشۈشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ بۇلارنى قارشى ئېلىپ، ئۆيگە باشلاپ كېتىپتۇ - دە، ئۈچ كېچە - كۈندۈز تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ، شەھەرلىرىنى ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىپتۇ. كېيىن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، پادىشاھ ھۆرلىقاخانغا:

— بۇ باللار كىمنىڭ باللىرى؟ — دەپ سوئال بېرىپتۇ.

— بۇ باللار ئەنە شۇ كىيىكنىڭ باللىرى، — دەپتۇ ھۆرلىقاخان.

ھۆرلىقاخاننىڭ بەرگەن جاۋابىغا ھەيران قالغان

چىقىپتۇ. يەنە ئۆتكەنكى قېتىملاردىكىدەك پادىشاھنى مېلىكە قىلىپ، ھېلىقى باغقا ئەگەشتۇرۇپ كەپتۇ ـ دە، سەيلە قىلىپ يۈرگەن باللارنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشاھ باغقا كىرىپ قارىسا، ئىككى قىز ۋە بىر ئوغۇل ئويناپ يۈرگەن، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر كىيىك تۇرغان. بۇلارنى كۆرگەن پادىشاھ ھەيران بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇنى بىر دەرەخقە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى باللار تەرەپكە قاراپ كەپتۇ.

باللار يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ، باغنىڭ ئەڭ ياخشى جايىغا ـــ گۈللەرنىڭ ئارىسىغا جاي تەييارلاپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ھۆرلىقاخان تۈرلۈك ـ تۈرلۈك تائاملارنى تەييارلاپ، خىلمۇ خىل يەل ـ يېمىشلەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ، ئۇنى ياخشى مېھمان قىپتۇ. ئاتا ـ باللار بىر يەردە ئولتۇرۇپ، بىر داستىخاندا تاماق يەپ تۇرسىمۇ، ئاتىسى باللىرىنى، يە باللىرى ئاتىسىنى تونۇماپتۇ.

پادىشاھ بۇ يەردە پۈتۈن كۈن مېھمان بولۇپ، باغنى ئايلىنىپ راسا تاماشا قىپتۇ، ئاندىن ئۇلارنى كېلەر جۈمە كۈنىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ قايتىپتۇ. ھۆرلىقاخان پادىشاھنىڭ خۇرجۇنىغا ھەر تۈرلۈك يەل ـ يېمىش ۋە سۈرلەنگەن گۆشلەردىن توشقۇزۇپ سېلىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئېلىپ كەلگەن ھەر تۈرلۈك يەل ـ يېمىش ۋە سۈرلەنگەن گۆشلەرنى كۆرگەن خوتۇنلىرى ھەيران بولۇپتۇ، ئۇلاردىن بىرى:

ـــ بۇ يەل ـ يېمىش ۋە سۈرگۆشلەرنى نەدىن ئەكەلدىلە؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ ھەي خوتۇن، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ بىر تاغ پادىشاھىنىڭ

ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ بۇيرۇق شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىسىگە يېتىپتۇ.

كۈن چۈشتىن ئۆتۈپ پېشىن بولغاندا پادىشاھ مېھمانلار بىلەن دەرۋازىغا چىقىپتۇ. ھۆرلىقاخان ئوغۇلنى دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىگە، قىزنى ئىككىنچى تەرىپىگە قويۇپ، ئۆزى كېيىك بىلەن بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ.

ئانچە ئۆتمەي يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشكەن شەھەر خەلقى توپ - توپ بولۇپ دەرۋازىدىن ئۆتۈپتۇ. ھېچكىم قالمىغاندىن كېيىن ھۆرلىقاخان پادىشاھقا قاراپ:

— پادىشاھى ئالەم، مېنىڭچە ھەممە ئادەملەر ئۆتمىگەندەك قىلىدۇ، بىرەر بۇلۇڭ - پۇشقاقتا قېلىپ قالغان كىشىلەردىن يوقتۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ لەشكەر باشلىقلىرىغا قاراپ:

— ھەر بىر ئۆيگە بىردىن ئەسكەر ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈڭلار، قالغان كىشىلەر بولسا دەررۇ دەرۋازىدىن ئۆتسۇن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

لەشكەر باشلىقلىرى لەشكەرلىرىنى ئۆيمۇ ئۆي ئىزدىتىپتۇ. شۇ چاغدا بىر لەشكەر ئېغىلدىكى كاتەكتە سولاقلىق تۇرغان بىر خوتۇننىڭ دەرۋازىدىن ئۆتمىگەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ.

— مەيلى، ئۇمۇ ئۆتسۇن، ئادەم بالىسى ئەمەسمۇ. مېھمانلار ئۇنىمۇ كۆرسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

بىر ۋاقىتتىن كېيىن چاچلىرى ئۆسۈپ، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن بىر خوتۇننى ئىككى كۆزەتچى ھەيدەپ كەپتۇ. ئۇ خوتۇن دەرۋازىغا يېقىن كېلىشى بىلەنلا بىر ئەمچىكىنىڭ سۈتى ئوغلىنىڭ، بىر ئەمچىكىنىڭ سۈتى قىزىنىڭ ئاغزىغا تېمىلداپ ئېتىلىپتۇ.

پادىشاھ:

— بۇ قىزنىق گەپقۇ، كىمىكمۇ ئادەم تۇغامدىكەن؟ — دەپ ئەجەبلىنىپتۇ.

— ئەگەر ئادەم كۈچۈك تۇغقان تەقـدىـردە، كـىمىك ئادەم تۇغالمامدىكەن؟ — دەپتۇ ھۇرلىقاخان. بۇ سـۆزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ پېشانىسىگە بىرنى ئـۇرۇپـتۇ - دە، دېمـى ئىچىگە چۈشۈپ، خوتۇنلىرىغا قاراپتۇ. ئۇنىڭ خـوتۇنـلىرى سىرنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورقـۇپ ئـۈن - سـۆز قىلماپتۇ. چوڭ خوتۇنى گەپنى بۇراپ:

— مېھمانلار ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىـكىپ قالدىـكىن، تاماشا قىلدۇرسىلىچۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ مېھمانلارغا قاراپ:

— كۆڭلۈڭلار نېمىنى خالايدۇ، مېھمانلار؟ خىزمىتىڭلار ئۈچۈن تەييارمەن، — دەپتۇ.

— ئەگەر پادىشاھى ئالەمگە مالال كەلمىسە، شۇ شەھەر خەلقىڭىزنىڭ چوڭىدىن - كىچىكىگىچە ئەر - ئاياللىرنـىڭ ھەممىسىنى بىر كۆرسەك دېگەن تـىلىكىمىز بـار ئـىدى، — دەپتۇ ھۇرلىقاخان.

— جېنىم بىلەن مېھمانلار، قانداق قـىلىپ كـۆرۈشنى خالايسىلەر؟ ھەر بىر ئۆيگە ئەكىرىپ كۆرسـىتـەيمۇ يـاكى ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلاپ كۆرسىتەيـمۇ؟ — دەپ سوـراپتۇ پادىشاھ.

— ئۆيـمـۇ ئۆي كىرىشكە ۋاقىت كۆپ كېتىـدۇ. شۇـنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى شۇ ساراي دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزسىلە، بىز شۇ دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ كۆرسەك دەيـمىز، — دەپتۇ ھۇرلىقاخان. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ۋەزىرلىرىگە:

— بۈگۈن شەھەرنىڭ بارلىق خەلقى سـاراي دەرۋازـسىدىن ئۆتسۇن، — دەپ بۇيرۇق بـېرىپتۇ. ۋەزىـرلەر قول

# ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشىنىڭ ئىسكەندەر دېگەن ئوغلى بولغانىكەن. ئىسكەندەر چوڭ بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەندە ئاتا - ئانىسى ئوغلىنى ئۆيلەش توغرىسىدا ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار بىر كۈنى كەچكى تاماقتىن كېيىن، ئىسكەندەرنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئوغلۇم، بىز بولساق قېرىدۇق، پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى. كۆزىمىزنىڭ ئوچۇقىدا سېنى ئۆيلەپ قويايلى دەۋاتىمىز، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ.

ئىسكەندەر بولسا، شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ جاھان كېزىشنى ئارزۇ - ھەۋەس قىلىپ يۈرگەنىكەن. چۈنكى ئۇ يولۇچى ۋە جاھانكەزلەردىن بۇ توغرىدا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، كۆڭلىدە شۇنداق ئارزۇ - ھەۋەس قوزغالغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ:

— ئۆيلىنىش قېچىپ كەتمەس، كۆڭلۈمدە بار چوڭ ئارزۇ - ھەۋەس. ئەگەر سىلەر رازىلىق بەرسەڭلار مەن ئالدى بىلەن جاھاننى بىر كېزىپ كەلسەم، — دەپتۇ.

يالغۇز ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە بۇنداق ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانا ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپتۇ - دە:

— مەيلى، ئوغلۇم، ئەگەر كۆڭلۈڭدە شۇنداق ئارمىنىڭ بولسا بىز رازى، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتا - ئانا ئىسكەندەرنىڭ يول

ئەنە شۇ چاغدا ھۇرلىقاخان كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئانىنى بالا، بالىنى ئانا بىلەن ۋە ئاتىنى بالا، بالىنى ئاتا بىلەن تېپىشتۇردۇم. ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، ئەيىبسىز ئانىنىڭ ئالدىغا كۈچۈكلەرنى تاشلىغانلار پادىشاھنىڭ مۇنۇ چوڭ خوتۇنلىرى بىلەن مۇنۇ مەستان كەمپىر، — دەپتۇ.

شۇندىن كېيىن ئاتا - ئانا ۋە باللار بىر - بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

پادىشاھ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا چوڭ خوتۇنلىرى بىلەن مەستان كەمپىرنى ئاساۋ ئاتلارغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرى دەررۇ تۆت ئاساۋ ئات كەلتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنىنى ۋە مەستان كەمپىرنى شۇ ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇۋېتىپتۇ. ئاتلار چاپا - چاپا ھېلىقى تۆت خوتۇننى سۆرەپ، پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ.

ئاتا - ئانا باللىرى بىلەن ئەنە شۇنداق تېپىشقانىكەن.

شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ۋە بايلارنىڭ بالىلىرى ئاشىق بو-
لۇپ ئەلچىلەر ئەۋەتىشتى. لېكىن، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى
كىمگە بېرىشنى بىلمەي، ئاخىر ئىختىيارنى قىزنىڭ ئۆزى-
گە قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن قىز پۈتۈن ئەركەكلەرنىڭ
شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتۈشىنى ئىلتىماس قىلىپ خەۋەر
تارقاتقان. قىز دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆتكەن كى-
شىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ كۆزىدىن كەچۈرۈپ،
ئۆزىگە ياققان بىرەر يىگىتكە ئالما تاشلىغۇدەك. بۇ كىشى-
لەر ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن دەرۋازىدىن ئۆتۈشكە كېتىپ بارى-
دۇ، — دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرمۇ توپقا قوشۇلۇپ، كى-
شىلەرنىڭ كەينىدىن كېتىۋېرىپتۇ. بىر يەرگە بارسا، دەرۋا-
زىنىڭ ئۈستىدە قولىدا بىر تال ئالما تۇتقان شۇنداق چى-
رايلىق بىر قىز تۇرۇپتىكى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ
تۇرغۇدەك. شەھەر خەلقى دەرۋازىدىن ئۆتۈۋاتقۇدەك، لېكىن
قىز ئالمىنى ھېچكىمگە تاشلىماپتۇ. كىشىلەر دەرۋازىدا يەت-
كۈچە چوڭ ئۈمىد بىلەن بېرىپ، ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن،
ئۈمىدسىزلىنىپ، روھىي چۈشۈپ كەتكۈدەك.

ھەممىنىڭ كەينىدىن ئىسكەندەر دەرۋازىغا يېتىش بى-
لەنلا، قىز قولىدىكى ئالمىنى ئىسكەندەرگە قارىتىپ تاشلاپ-
تۇ. نى - نى كېلىشكەن يۈزلەپ، مىڭلاپ شاھزادىلەر ۋە
بەگزادىلەرگە تاشلىماي، ئاددىي بىر يىگىتكە ئالما تاشلى-
غىنى ئۈچۈن ھەممە ھەيران بوپتۇ. ئەمما ئىسكەندەرمۇ نا-
ھايىتى چىرايلىق، پېشانىسى ئىسسىق ۋە دانا يىگىت ئى-
كەن. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، چوڭ
توي - تۆكۈن ئۆتكۈزۈپ، قىزنى ئىسكەندەرگە نىكاھلاپ قو-
يۇپتۇ ۋە ئۇلارغا ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەنە
بىر نەچچە ئايلار ئۆتۈپتۇ.

تەييارلىقىنى باشلاپتۇ ۋە بىر جۇمەدىن كېيىن ئوغلىنى كار-
ۋانلارغا قوشۇپ، سەپەرگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلارمۇ ئۆتۈپتۇ. كارۋانلار شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ، ساتىدىغان ماللىرىنى ئېلىپ قايتماقچى بولغاندا، ئىسكەندەر ئاتا - ئانىسىغا: «مەن ئامان - ئېسەن يۇرت كېزىپ يۈرىمەن. مېنىڭدىن قايغۇرماڭلار، مەن ئەمدى باشقا شەھەرگە كېتىمەن» دەپ ئىككى ئېغىز خەت يېزىپ، كارۋانلاردىن ئەۋەتىپتۇ، ئۆزى باشقا شەھەرگە كېتىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئىسكەندەر شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى چوڭ بىر شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرسە، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ بىر ياققا كېتىپ بارغۇدەك. بۇ كىشىلەر شۇنداق نۇرغۇن ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى كۆرۈنمىگۇدەك.

ئىسكەندەر «بۇ ئادەملەر نەگە كېتىپ بارىدىكىن -ھە؟ ياكى بىر يەردە توي بارمىكىن؟» دەپ سورىسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمەستىن پەقەت ئۆز - ئۆزىگە: «ھە خۇدا، ماڭا تاشلىنىسىدى» دېگەن تىلەك تىلىشىپلا كېتىۋې-رىپتۇ. كېيىن ئىسكەندەر ئۇياق - بۇياققا قارىسا، بىر ئىشىك تۈۋىدە بىر موماي قاراپ تۇرغۇدەك. يۈگۈرۈپ مو-ماينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە:

— موما، بۇ كىشىلەر نەگە ۋە نېمە ئىشقا كېتىپ با-رىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھوي بالام، بۇ شەھەردىكى خاننىڭ ھۆرلىقا دېگەن بىر قىزى بار. ئۇ قىز شۇنداق چىرايلىق بىر قىزكى، ئەگەر جاھاندا چىرايلىق ئىككى بولسا، بىرى شۇ قىز، ئەگەر بىرلا بولسا، ئۆزى شۇ. ئەنە شۇ قىزغا پۈتۈن جاھاندىكى

شۇنچە خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىسكەندەر ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھۆرلىقانىڭ بېشىنى سىلاپتۇ – دە:

— يولغا ئالغان ئوزۇقىمىز تۈگىدى، ئاچچىمۇ بىر – ئىككى كۈنگە يەتكۈدەكلا قالدى. يولىمىز تېخى ئۇزاق، تونۇش – بىلىشلەرمۇ يوق، نېمە قىلىشنى بىلمەي خىيال سۈرۈپ قالدىم، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ.

ھۆرلىقا ئېرىنىڭ كۆڭلىنى يوپۇتۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ ۋە:

— شۇنىڭغىمۇ شۇنچە خىيال سۈرەمسىز؟ قويۇڭ، خىجالەت بولماڭ، بىر ئىلاجىسى بولۇپ قالار. ھازىر بازارغا بېرىپ ئىككى نان، بىر گەز ياخشى شايى، قىرىق بىر تۈرلۈك ئىپەك يىپ سېتىپ ئەكىلىڭ، — دەپ ئىسكەندەرنى بازارغا ئەۋەتىپتۇ.

ئىسكەندەر بازارغا بېرىپ، ئىككى نان، بىر گەز ياخشى شايى، قىرىق بىر تۈرلۈك يىپنى ئېلىپ كەپتۇ.

ئاخشىمى ئەر – خوتۇن ئىككىسى ئولتۇرۇپ ھېلىقى ئىككى نان بىلەن چاي ئىچىپ قورساقنى تويدۇرۇپتۇ، كېيىن ھۆرلىقا:

— سىز ئەمدى دەم ئېلىڭ، ناھايىتى ھېرىپ كەتتىڭىز، — دەپ ئىسكەندەرگە ئورۇن سېلىپ بېرىپتۇ. ئىسكەندەر يېتىپ ئۇخلاپتۇ ۋە ھۆرلىقانىڭ كېچىچە نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەپتۇ. ھۆرلىقا بولسا كېچىسى قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ، ھېلىقى يىپلار بىلەن شايىدىن ناھايىتى چىرايلىق كەشتە ياغلىق توقۇپتۇ، ئۇنى سەھەرگە يېقىن پۈتتۈرۈپ، قوزۇققا ئېلىپ قويۇپتۇ – دە، يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئەتىگەنلىكى ئىسكەندەر ئويقۇدىن تۇرسا، ھۆرلىقا ئۇخلاۋاتقان، قوزۇقتا ناھايىتى چىرايلىق بىر كەشتە ياغلىق

كۆنلەردىن بىر كۆنى ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئاتا
ئانىسىنى ئەسلەپ، ئۆز شەھىرىگە قايتىش پىكرىگە كەپتۇ
دە، خوتۇنىغا:

— ھۆرلىقا، مەن پالانى شەھەرنىڭ پۇقراسى، مېنىڭمۇ
ئاتا - ئانام، قەۋمى - قېرىنداشلىرىم بار. مەن جاھان كې-
زىپ چىققانىدىم، مانا خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى، شە-
ھەرلەرنى كەزدىم، تەقدىر ئىرادە بىلەن ئىككىمىز قوشۇلۇپ
ئۆي - ئوچاق بولۇپ قالدۇق. ئەمدى سەن ئاتا - ئاناڭ-
دىن رۇخسەت ئالساڭ، مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا
بېرىپ قويساق، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.

ھۆرلىقا بۇ مەسلىھەتنى توغرا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاتا-
ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ بۇ مەسلە
ماقۇل كۆرۈپ رازىلىق بېرىپتۇ ۋە كۆپ سوۋغا - سالاملار
بىلەن بۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئىسكەندەر ئۆز شەھىرىگە توپ توغرا كەتمەستىن،
يەنە كۆرمىگەن شەھەرلەرنى كۆرۈپ كېتىش ئۈچۈن شەھەر-
مۇشەھەر ئايلىنىپ مېڭىپتۇ. بۇلار كۆپ چۆللەرنى بېسىپ،
قانچە دەريالاردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى كېزىپ ۋە
تالاي تاغلارنى ئېشىپ چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.
شەھەردە ئۇلارنىڭ تونۇشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن نېمە قىلى-
شىنى بىلمەي، شەھەرنىڭ چېتىدە ئىگىسىز بوش تۇرغان
بىر ئۆيگە چۈشۈپ جايلىشىپتۇ.

بۇلارنىڭ يول ئۇزۇقلىرى تۈگەپ، ئاقچىلىرى ئاز قال-
غانىكەن، ئەمما ئىسكەندەر بۇ توغرىدا ھۆرلىقاغا ھېچنېمە
دېمەپتۇ ۋە ئۆزىدىن - ئۆزىگە خىجالەت بولۇپ، خىيال
بىلەن ئېگىكىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن
ھۆرلىقا ئاستا ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئىسكەندەر، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە
سەۋەبتىن

— توختاڭلار، خالايىقلار، توختاڭلار، ياغلىقنى تالاش-
ماستىن بۇياققا بېرىڭلار! بۇنىڭ ئىگىسى كىم؟ باھاسى
قانچە؟ — دەپ سوراپتۇ

ئاڭغىچە بۇ ياغلىقنى تالىشىپ، بىر - بىرلىرى بىلەن
بوغۇشۇۋاتقان كىشىلەر شاھزادىگە گەپ قىلالماي، ياغلىقنى
ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

— ياغلىقنىڭ ئىگىسى مەن، ئۇنىڭ باھاسى يۈز
يامبۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسكەندەر.

شاھزادە دەررۇ يۈز يامبۇنى چىقىرىپ بېرىپتۇ - دە،
بۇ ياغلىقنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران بولۇپ «پاھ، پاھ،
ئەجەبمۇ چىرايلىق توقۇلغان ياغلىق ئىكەنا! بۇنى توقۇغان
قانداق گۈزەلنىڭ چېۋەر قولىدۇ؟ ئۇنى ئەلۋەتتە كۆرۈش
ۋە قولغا چۈشۈرۈش كېرەك» دېگەن ئويغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇ، ئاستا ئىككى دوستىنى چاقىرىپ:

— سىلەر ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن ئاۋۇ يىگىتنىڭ
كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ بارغان يېرىنى، ئۇ بارغان يەردە
كىملەر بارلىقىنى تولۇق بىلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئىسكەن-
دەرنى كۆرسىتىپتۇ.

ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلا بازاردىن كېرەك
نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. بۇنى پايلاپ يۈرگەن
ھېلىقى ئىككى يىگىت ئىسكەندەرنىڭ كەينىدىن يوشۇرۇنچە
ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئىسكەندەر ئۆزى چۈشكەن ئۆيگە كېلىپ
دەرۋازىدىن كىرسە، ھۆرلىقا ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ سې-
پىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ دەررۇ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ
قولىدىكى نەرسىلەرنى ئاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى
بايلاپ كەلگەن ئىككى پايلاقچى دەرۋازىنىڭ يوچۇ-
قىدىن قاراپ كۆرۈپتۇ. كېيىن بۇلار شاھزادىنىڭ ئالدىغا
بېرىپ:

ئېسىقلىق تۇرغان. ئىسكەندەر شۇنچە شەھەرلەرنى ئايلىنىپ
يۈرۈپ ھېچ يەردە ۋە ھېچقاچان بۇنداق چىرايلىق ياغلىقنى
كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ ھەيران
بولۇپ، «ئەجەبا، بىزدە بۇنداق چىرايلىق كەشتە ياغلىق
يوق ئىدىغۇ، بۇ نەدىن كېلىپ قالدى؟» دەپ ئۆز-
ئۆزىدىن ئەجەبلىنىپ تۇرغىنىدا ھۇرلىقا ئويغىنىپتۇ. ئۇ
ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەجەبلەنمەڭ، بۇنى مەن كېچىچە ئولتۇرۇپ، تۈ-
نۈگۈن سىز بازاردىن ئېلىپ كەلگەن يىپ ۋە شايىدا توقۇ-
دۇم. ئەمدى سىز بۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىڭ
يۈز يامبۇ بەرمىسە ساتماڭ. ساتقاندىن كېيىن بىر كۈنلۈك
ئوزۇق ۋە يەنە تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش بىر گەز شايى ۋە
قىرىق بىر تۈرلۈك يىپ ئېلىپ كېلىڭ. شۇنداق قىلىپ،
ئۈچ - تۆت قېتىملا كەشتە توقۇپ ساتساق يولغا يېتەرلىك
ئوزۇق جايلاپ ئالىمىز، — دەپ ئىسكەندەرنى يەنە بازارغا
ئەۋەتىپتۇ.

ئىسكەندەر كەشتە ياغلىقنى قاتلاپ قوينىغا ساپتۇ-
دە، بازارغا كېتىپتۇ. ئۇ بازارغا بېرىپ، قوينىدىكى ياغلىقنى
شۇنداق چىقىرىشى بىلەنلا، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ياغلىق-
نىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران قېلىشىپ ئىسكەندەرنى ئوراپ
ئېلىشىپتۇ. ھەر كىم بۇ كەشتە ياغلىقنى سېتىپ ئېلىشقا
قىزىقىپ ئۆز ئارا تالىشىپ قاپتۇ. شۇ ئارىدا، شۇ شەھەر-
دىكى خاننىڭ بالىسى بازارنى ئارىلاپ تاماشا قىلىپ يۈر-
گەنىكەن، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ: «بۇ كىشىلەر نېمىنى
شۇنچە تالىشىۋاتىدىكىنە؟» دەپ قارىسا، ناھايىتى بىر چى-
رايلىق كەشتە ياغلىقنىڭ سودىسى بولۇۋاتقان. ئۇنىڭمۇ
ھەۋىسى كېلىپ، بۇ ياغلىقنى ئالغۇسى كەپتۇ ۋە توپنىڭ
ئارىسىغا يېرىپ كىرىپ:

ۋرۇكنىڭ يېنىغا پاتقاقتا تاشلىۋېتىپتۇ - دە، ھۆرلىقانى ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى مۆمىن دېگەن بىر كىشى ھارۋا ھەيدەپ كېلىۋېتىپ، كۆۋرۈككە كەلگەندە ئېتى ئۈركۈپ ئۆت-مەپتۇ. ھارۋىكەش ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قارىسا، قول-ئايىغى باغلانغان بىر ئادەم لايغا مىلىنىپ ياتقۇدەك. ئۇ دەررۇ ئىسكەندەرنىڭ قول - ئاياغلىرىنى يېشىپ ھار-ۋىغا ساپتۇ - دە، توپتوغرا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

مۆمىن ئاكا ئىسكەندەرنى يۇيۇپ، قۇرۇق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، كۆرپىلەرگە ئوراپ ياتقۇزۇپتۇ. قاتتىق ئازاب-لانغان ئىسكەندەر خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بىر يات كىشىنىڭ ئۆيىدە ياتقان، ئىسكەندەرنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرگەن مۆمىن ئاكا:

— سەن كىم بولىسەن، ئوكام؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ ئەھۋالغا دۇچار بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، قانداق قىلىپ ئۆيلەنگەنلىكىنى ۋە نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرلەرگە كېلىپ، شۇ ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى باشتىن-ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ. لېكىن، بۇ ئىشنى قىلغانلار كىم، ھۆرلىقانى كىملەر نەگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ.

مۆمىن ئاكا بۇنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— قايغۇرما ئوكام، يىگىت كىشىنىڭ بېشىغا ھەر ئىشلار كېلىدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭ مۇشۇ شەھەردە بولسا، ئۇنى تېپىش ئاسان. ئۇنى تېپىشقا مەن ياردەم قىلىمەن، — دەپ ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىنى يۇپۇتۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئىس-

— بىز ھېلىقى يىگىتنىڭ كەينىدىن پايلاپ بارساق ئۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى ئېگىز بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ قارىساق، شۇنداق چىرايلىق بىر جۇۋان ھويلىنى سۈپۈرۈپ يۈرۈپتۇ، ئېھتىمال، شۇ يىگىتنىڭ خوتۇنى بولسا كېرەك. ئۇ جۇۋاننىڭ چىرايلىقلىقىنى بىر دېمەك، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، — دەپتۇ.

— دېمەك بۇلار باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇنداق بولسا بۈگۈن كەچتىلا ئىشنى بابلايمىز، — دەپتۇ. شاھزادە ۋە ئىككى دوستى بىلەن كەچتە ھېلىقى جۇۋاننى ئېرىدىن تارتىپ ئەكىلىشكە مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈن كەچ بوپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئۇزاق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر يېتىپ ئۇخلاپتۇ، ھۆرلىقا بولسا، قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ كەشتە توقۇشقا باشلاپتۇ.

تۈن يېرىمىدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، شاھزادە ئىككى دوستىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىسكەندەر تۇرغان ئۆيگە كەپتۇ. بۇلار ئاستا دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپتۇ، لېكىن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچالماپتۇ، ئاندىن ئىشىكنى بۇزۇشقا باشلاپتۇ.

شۇ ئارىدا ھۆرلىقا بۇ تاراق - تۇرۇقتىن قورقۇپ ئىسكەندەرنى ئويغىتىپتۇ. ئاڭغىچە شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۆيگە كىرىپ، زورلۇق بىلەن ھۆرلىقانى سۆرەپتۇ. ئىسكەندەر قانچىلىك قارشىلىق قىلسىمۇ، يالغۇزلۇق قىلىپ كۈچى يەتمەپتۇ. ھېلىقى ئۈچى ئىسكەندەرنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپ، پۇت - قولىنى باغلاپ، كوچىدىكى بىر

دېرىزىدىن قارىسا، «ئەلەڭگە - مەلەڭگە، سەرەڭگە...» دەپ ۋارقى-
رىغىنىچە بىر سېۋەتتە جىق ئۈششاق - چۈششەكلەرنى كۆتۈرۈپ
ئۆز ئېرى — ئىسكەندەر كېتىپ بارغۇدەك. ھورلىقا يېنى-
دىكى قىزلارغا بىلمىدۇرمەسلىك ئۈچۈن:

— قىزلار، مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، ئاۋۇ كو-
چىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان كىشىدىن باش ئاغرىقىنىڭ
دورىسى بولسا ئېلىپ كىرىڭلار. ئۆزۈڭلەرگىمۇ بىرەر نەرسە
كېرەك بولسا ئېلىڭلار، — دەپ ئاقچا بېرىپتۇ.

قىزلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كەتكەندە ھورلىقا بىر پارچە
قەغەزگە خەت يېزىپ تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قىزلار ئۆزلى-
رىگىمۇ كېرەك نەرسىلەرنى ئېلىپ، بىر قۇتا دورا كۆتۈرۈپ
كىرىپتۇ. ھورلىقا دورىنى ئېلىپ قارىغان بوپتۇ - دە، ئاس-
تاغىنا ھېلىقى خېتىنى قۇتىنىڭ ئىچىگە سېپتۇ ۋە:

— بۇ دورا ئۆزىمىزدىمۇ بارغۇ، مەن باشقا ياخشىراق
دورىمىكىن دېۋىدىم. بۇنىڭ كېرىكى يوق، مەڭلار، ئا-
چىقىپ قايتۇرۇپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

قىزلار قۇتىنى ئېلىپ، يەنە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپتۇ - دە،
ئىسكەندەرنى توختىتىپ:

— بۇ دورا مەلىكەمىزنىڭ ئۆزىدە بار ئىكەن، — دەپ
قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. لېكىن، بۇ ئىشلارنى نە قىزلار ۋە نە
ئىسكەندەر چۈشەنمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىسكەندەر كەچ-
كىچە كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ كەچقۇرۇن قايتىپ
كېتىپتۇ.

ئۆيدە ئاخشاملىق تاماقنى يەپ ئولتۇرۇپ، مۆمىن ئاكا:

— ئىشلىرىڭ قانداق، بالام؟ ھورلىقانى كۆرەلى-
دىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىسكەندەر:

— ياق، تاغا، بۈگۈنمۇ كۆرەلمىدىم، ئىشىم نەتىجى-
سىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن، مۆمىن ئاكىنىڭ

کەندەر ئاۋۋالقى ھالىغا كەپتۇ. بىر كۈنى مۆمىن بازارغا بېرىپ خۇرجۇنىنىڭ ئىككى بېشىنى تولدۇرۇپ ھەرخىل ئۇش-شاق - چۈششەك ماللارنى، يەنى يىپ - يىڭنە، ئەينەك، دورا - دەرمانلارنى ئېلىپ كەپتۇ ۋە ئۇنى بىر سېۋەتكە سېلىپ:

— مانا، ئوكام، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇن-قىزلارغا كېرەك نەرسىلەر، سەن مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن كو-چىمۇ كوچا يۈرۈپ سېتىقچىلىق قىل، مۇشۇ نەرسىلەر ئارقىلىق خوتۇنۇڭ بىلەن تېپىشىسەن. بۈگۈن ماڭغان كوچىلار بىلەن ئەتىسى ماڭما، ھەر كۈنى باشقا - باشقا كوچىلار بىلەن ماڭ. شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈنىڭ ئىچىدە پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىسەن. ئاۋازىڭنى ئايىماستىن: «ئە-لەڭگە - مەلەڭگە، سەرەڭگە، مىنىڭدىكى ھەر نەرسە كېرەك بولۇر ھەدەمگە» دەپ ۋارقىراپ ماڭ. — دەپ ئىسكەندەرگە بېرىپتۇ.

ئىسكەندەر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ: «ئەلەڭگە، مەلەڭگە، سە-رەڭگە، مىنىڭدىكى ھەرنەرسە كېرەك بولۇر ھەدەمگە» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كوچىمۇ كوچا يۈرۈپتۇ. ھەربىر ھويلىدىن خوتۇن - قىزلا يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، بەزىلىرى يىپ - يىڭنە، بەزىلىرى سۈزگە - تاغاق، بەزىلىرى دورا - دەرمان، قىس-قىسى ھەركىم ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشىپتۇ، لېكىن ھۆرلىقا ھېچ يەردىن چىقماپتۇ. ئىسكەندەر شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى خان سارىيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

ھۆرلىقا ئەنە شۇ سارايىنىڭ ئۈستۈنكى ئۆيىدە ئىككى قىزنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا تۇرىدىكەن. ئۇ قايغۇ - ھەسرەت بىلەن خىيال سۈرۈپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرسا، ئۇنىڭ قۇ-لىقىغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈپ

توقۇپ تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئاخشىمى ئىسكەندەر بىر ئاتنى مىنىپ، بىر ئاتنى سالتاڭ يېتىلەپ ھېلىقى سارايىنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۆيدە تېخى چىراغ ئۆچمىگەنىكەن. ئۇ «ئەتىگەندەك كېلىپ قاپتىمەن، ئەمدى چىراغ ئۆچكۈچە بىر دالدىغا كىرىپ بىرئاز كۈتۈپ تۇراي» دەپ چەترەك بىر يەرگە بېرىپ، تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپتۇ - دە، ئاتتىن چۈشۈپ، چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قاياققا قېچىش، نېمە قىلىش خىيالى بىلەن ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، بۇ يەردىن بىر ئوغرى ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، ئاتلارنىڭ پۇرقۇشلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، كېلىپ قارىسا، توقۇقلۇق ياخشى ئىككى ئاتنى چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ بىر كىشى ئۇخلاۋاتقان. بۇنى كۆرگەن ئوغرى: «مانا خۇدايىم بەردى. ئامەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئاستا يېقىن كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ قولىدىكى چۇلۋۇرىنى كېسىپتۇ-دە، ئاتنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلەپ كېتىپتۇ.

ئىسكەندەر قاتتىق ئۇيقۇنىڭ ئاسارىتىدە ھېچنېمىنى سەزمەي يېتىۋېرىپتۇ. خۇددى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھۇرلىقا تەييارلىنىپ، ئىسكەندەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ دېرىزىدىن كوچىغا قاراپ تۇرغانىكەن.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھېلىقى ئوغرى ئاتلارنى دۇپۇرلىتىپ خۇددى شۇ كوچا بىلەن سارايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان ھۇرلىقا قاراڭغۇدا بۇنى ئىسكەندەر دەپ بىلىپتۇ - دە، تەييارلاپ قويغان بىر خۇرجۇن ئالتۇننى دېرىزىدىن تاشلاپتۇ ۋە ئۆزى ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ تاشقىرىغا چىقىپتۇ.

ئوغرى ئالدىغا چۈشكەن بۇ نەرسىگە ھەيران بولۇپ، ئاتتىن ئېڭىشىپ قارىسا، ئىچىگە لىق بىر نېمە تولدۇرۇلغان

كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلىپ:

— سىنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن ياكى بىرەر نەرسەڭنى ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرگەن كىشىلەر بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا ئىسكەندەر ماڭغان كوچىلىرىنى، قەيەردە كىملەرگە نېمىلەرنى ساتقانلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ يادىغا ئاپتۇ ـ دە:

— ھە راستلا، بۈگۈن بىر چوڭ ئىمارەتنىڭ ھويلىسىدىن ئىككى قىز چىقىپ بىر قۇتا دورا ئېلىپ كىرىپ كەتكەنىدى، لېكىن قايتىپ چىقىپ، بۇ دورا مەلىكەمنىڭ ئۆزىدە بار ئىكەن، دەپ قايتۇرۇپ بەردى، — دەپتۇ.

— قېنى، سېۋەتنى بېرى ئەكەلگىنە، — دەپ سېۋەتتىكى قۇتىلارنى بىر - بىردىن ئېچىپ قاراپتۇ مۆمىن ئاكا ۋە بىر قۇتىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى تېپىپ، — مانا، بالام، مۇنۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرگىنە، — دەپ ئىسكەندەرگە بېرىپتۇ.

ئىسكەندەر خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ كۆرسە: «مەن خانىنىڭ سارىيىدا، ئۇستۈنكى ئۆيدە. سىزنى كۆردۈم، لېكىن ئالدىڭىزغا چىقىشقا ئامالىم بولمىدى، چۈنكى مەن كۆزەت ئاستىدا تۇرىمەن. سۆزىنىڭ قىسقىسى، جۈمە كېچىسى تەييارلىنىپ كېلىڭ، قېچىپ قۇتۇلىمىز. ھۆرلىقا» دەپ يېزىلغانىكەن. ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ، ئەمدى ئىشنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مۆمىن ئاكىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. مۆمىن ئاكا ئىسكەندەرنىڭ دۈمبىسىنى قېقىپ:

— مانا، بالام، ھۆرلىقا تېپىلدى، ۋەدە جۈمە كېچىسى ئىكەن. ئاڭغىچە تەييارلىق كۆرۈش كېرەك، — دەپتۇ ۋە ئەتىسىدىن باشلاپ تەييارلىنىشقا باشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ. مۆمىن ئاكا ئىسكەندەرگە يولغا ئوزۇق ۋە ياخشى ئىككى ئاتنى

ئىلاجىنى ئىزدەپ:
— ئۇھ، خويمۇ ئۇسساپ كەتتىما، ئازراق سۇ تېپىلامدىكىن؟ — دەپ سۇ سوراپتۇ.
شۇ چاغدا ئوغرى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:
— سىز ئۈچۈن سۇ تۈگۈل ئۇنىڭدىن باشقىلىرىمۇ تەييار، — دەپتۇ ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ بۇلاقتىن بىر ئاپقۇر سۇ ئېلىپ كېلىپ، ئازراق قېتىق قوشۇپ دوغاپ قىلىپتۇ — دە، ھۆرلىقاغا ئۇزىتىپتۇ، ھۆرلىقا دوغاپتىن ئازراق ئىچىپتۇ — دە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى يانچۇقىغا سېلىۋالغان زەھەرنى ئېلىپ ئاستا دوغاپقا ئارىلاشتۇرۇپتۇ — دە:
— سىزمۇ ئۇسساپ قالغانسىز، ئازراق ئىچىۋېلىڭ دەپ دوغاپنى ئوغرىغا ئۇزىتىپتۇ. ئوغرى دوغاپنى ئېلىپ بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپتۇ — دە، بىر ئازدىن كېيىن كۆزلىرى ئالاق — جالاق بولۇپ يىقىلىپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن ھۆرلىقا ئۆز كىيىملىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، ئوغرىنىڭ ساندۇقىدىكى ئەرەنچە كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىپتۇ — دە، ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۆرلىقا كۈن بويى مېڭىپ تاغلاردىن ئېشىپتۇ، چۆللەردىن ئۆتۈپتۇ. كەچ كىرىپ تۈن باشلىنىپتۇ. تۈن بويى مېڭىپ كۆپ دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يەنە بىر تاغقا كەپتۇ. تاڭ سەھەردە تاغدىن ئېشىپ كېتىپ بارسا، ئاسماندا بىر قۇش ئۇچۇپ يۈرگۈدەك، يەرگە قارىسا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر قۇش قاياققا ئۇچسا شۇ ياققا قاراپ، قۇشنى ئەگىشىپ يۈرگۈدەك.
بىر ۋاقىتتا قۇش ئەگىپ — ئەگىپ تۆۋەنلەپ چۈشۈپ ھۆرلىقانىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. قۇشنى ئەگىشىپ يۈرگەن كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ: «ۋاي، ئالەمي خان، مۇبارەك بولسۇن! » دېيىشىپ، ھۆرلىقانى ئاتتىن چۈشۈرۈپ،

خورجۇن. ئۇ دەررۇ ئاتتىن چۈشۈپ خورجۇننى ئېچىپ قارىسا ئالتۇن. بۇنى كۆرگەن توغرى خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، ئۇنى ئاتقا ئارتىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا ھۆرلىقا يېتىپ كېلىپ:

— قېنى، چاپسانراق بولۇڭ، بىرەر كىشى كۆرۈپ قالغۇچە كېتەيلى، — دەپ خورجۇننى ئارتىشقا ۋە باغلاشقا ياردەملىشىپتۇ. توغرى بولسا ئۆز - ئۆزىگە «مانا ئامەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دەپ، بىر ئاتقا ھۆرلىقانى مىنگۈزۈپتۇ - دە، بىر ئاتقا ئۆزى مىنىپ «چۇ» دەپ تاغقا قاراپ كېتىپتۇ.

بۇلار كېچىچە يول مېڭىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن تاغقا يېتىپتۇ ۋە ھۆرلىقانى ئۆزى ياشايدىغان بىر ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. يورۇق چۈشكەندە ھۆرلىقا ھېلىقى كىشىگە قارىسا، ئىسكەندەر ئەمەس، باشقا بىر كىشى تۇرغۇدەك. «ئاھ، ئەمدى راسا قولغا چۈشۈپتىمەنغۇ» دەپتۇ ھۆرلىقا ئىچىدە.

توغرى ھۆرلىقانىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ھەسرەتنى سېزىپ:

— نېمىدىن شۇنچە خاپىسىز، خېنىم؟ چىرايىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ، مانا بۇ دۇنيالارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ، — دەپ ئۆڭكۈردىكى ساندۇقلىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مارجان ۋە مەرۋايىتلارنى ھۆرلىقانىڭ ئالدىغا تۆكۈپ تاشلاپتۇ. لېكىن، ھۆرلىقا سىر بەرمەستىن:

— ياق، نېمىدىن خاپا بولاتتىم، پەقەت ئات مىنىپ ئۆگەنمىگەنلىكىمدىن ھېرىپ قالسام كېرەك، — دەپ قويۇپتۇ.

توغرى خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قاپتۇ. ھۆرلىقا بولسا، بۇنىڭ قولىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ

قالارمىز» دەپ ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.

كۆنلەردىن بىر كۈنى شاھزادە ھۆرلىقانى ئىزدەپ يۈرۈپ، خۇددى شۇ ھۆرلىقا خانلىق قىلىۋاتقان شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شەھەرگە كىرىشتە دەرۋازىدا ئېسىقلىق تۇرغان ھېلىقى سۈرەتنى كۆرۈپ قاپتۇ — دە: «ئاھ، جېنىم خوتۇنۇم، نەلەردە ۋە كىملەرنىڭ قولىدا يۈرىدىغانسەن؟» دەپ ئاھ — ۋاھ ئۇرۇپتۇ. شۇ زامان ئۇنى نۆكەرلەر تۇتۇپ، پۇت — قولىنى يەرگە تەككۈزمەي، خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھۆرلىقا، ئۇنى شۇ زامان زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ.

يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەرمۇ شۇ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇمۇ دەرۋازىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ «ئاھ، جان خوتۇنۇم، نەلەردە ۋە كىملەرنىڭ قولىدا يۈرۈيدىغانسەن؟» دەپ ئاھ — ۋاھ ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنىمۇ خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھۆرلىقا بۇنى تونىسىمۇ، تونىماسقا سېلىپ ئۇنىمۇ زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ.

ھۆرلىقا شۇ كۈنى پۈتۈن شەھەرنىڭ ئەر — خوتۇن چوڭ — كىچىك بارلىق ئاھالىسىنى سارايىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىشقا جاكار قىپتۇ. شەھەرنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئەركەك ۋە ئاياللىرى كۆرسىتىلگەن ۋاقىتتا ساراي ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىپتۇ ۋە نېمە ئىش بولىدىكىن دەپ كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھۆرلىقا خان ۋەزىرلىرى بىلەن بىرگە چىقىپتۇ ۋە ئىسكەندەر بىلەن ھېلىقى خاننىڭ بالىسىنى زىنداندىن ئالدۇرۇپ چىقىپ:

— ئەي خالايىقلار، پۇقرالىرىم! مەن سىلەرنىڭ شەرت ۋە قارارىڭلارغا مۇۋاپىق خانىڭلار بولۇپ خانلىق قىلىۋاتىمەن. ئەمدى سىلەرگە مەلۇم قىلىدىغان مېنىڭ بىر سىرىم بار، قۇلاق سېلىڭلار. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن ئەركەك

كۆپچىلىك قولىنى تونۇتۇپ دېگۈدەكلا خان ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىشىپتۇ.

ھۇرلىقا ھېچنېمىگە چۈشەنمەي، ۋەقەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ خانى ئۆلۈپ قالغانىكەن. شەھەر خەلقى خانلىق تالىشىپ ئۆزئارا چىقىشالماستىن، ئاخىر خاننىڭ بەخت قۇشى دەپ ئاتالغان قۇشنى ئۇچۇرۇپ، «ئەگەر شۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ خان بولىدۇ» دېگەن قارارغا كەلگەنىكەن. شۇ قۇش ھۇرلىقانىڭ بېشىغا كېلىپ قونغىنى ئۈچۈن قارارغا مۇۋاپىق ئۇنى شۇ شەھەرگە خان قىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھۇرلىقا ئايالچە كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ئالدۇرۇپتۇ - دە، يەنە ئەركەكچە كىيىنىۋاپتۇ. كېيىن ساراي باشلىقىنى چاقىرىپ:

— مۇشۇ سۈرەتنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ، ئۇنىڭ يېنىغا ساقچى قويۇڭ، ئەگەر كىمدىكىم شۇ سۈرەتنى كۆرۈپ «ئاھ - ۋاھ» ئۇرسا، دەررۇ مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ھەيدەپ كېلىڭ، — دەپ ئەمىر بېرىپتۇ.

ساراي باشلىقى خاننىڭ ئەمرىنى ئورۇنداپ، سۈرەتنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپتۇ ۋە ئۇنى لەشكەردىن ئىبارەت ساقچى قويۇپتۇ.

ئىسكەندەر ئۇخلاپ قېلىپ ئاتلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى «خاننىڭ كېلىنى قېچىپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپ پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپتۇ. غەزىپى قايىنىغان شاھزادە «ئاسمانغا چىقىپ كەتسە تاپىمىدىن، يەرگە كىرىپ كەتسە چېچىدىن تارتىپ چىقىمەن» دەپ يۇرتمۇيۇرت ئىزدەشكە چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرمۇ، «دېمەك ھۇرلىقا قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى بىز نەدە بولمىسۇن تېپىشىپ

# ئالتۇن كوكۇلمۇق بالا

بۇرۇنقى زاماندا بىر كەمبەغەلنىڭ شانىياز دېگەن يالغۇز ئوغلى بولغانىكەن. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، ھەر كىملەرنىڭ مېلىنى بېقىپ، سۈيىمى تۇشۇپ، ھويلىلىرىنى سۈپۈرۈپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شانىياز تونۇر بېشىدا يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە: چوڭ بىر دەريادا نۇرغۇن قىزلار چۆمۈلۈپ، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناپ يۈرگۈدەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇربۇۋى دېگەن چىرايلىق بىر قىز بۇ بالىغا قاراپ كۈلگۈدەك - تە، سۇ چېچىپ قاچقۇدەك. شانىياز ئۇنى قوغلايمەن دەپ تەمشەلسىمۇ، ئورنىدىن قوزغالالمىغۇدەك. ئاخىر چېچىلغان سۇدىن ئەندىكىپ ئويغانسا قاپقاراڭغۇ كېچە، يېنىدا ھېچكىم يوق، شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن. شانىياز «ئاھ، چۈشۈم ئىكەن!» دەپتۇ - دە، شۇندىن باشلاپ چۈشىدە كۆرگەن نۇربۇۋىگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، لېكىن ئۇ قىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قانداق تېپىشنى بىلمەپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە غايىبانە ئىسسىق مۇھەببەت ئوتى يېنىپتۇ، كېچە - كۈندۈز ئەس - ھوشى ئەنە شۇ قىزدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئىشقى — ئوتىدا شانىياز ئۆز شەھىرىنى تاشلاپ تەركى دۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، شانىياز كۆپ دەريالار، نۇرغۇن تاغلار ۋە چەكسىز چۆللەرنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ، ئاخىر بىر چوڭ

ئەمەس، پەلكى ئايال كىشىمەن. مېنىڭ ئېرىم بار ئىدى، لېكىن بىزنىڭ بېشىمىزغا چوڭ بەختسىزلىكلەر چۈشۈپ ئىككىمىز بىر - بىرىمىزدىن جۇدا بولغانىدۇق. مانا ئەمدى ئېپىشتۇق. مېنىڭ شۇ ئېرىم — مانا بۇ يىگىت، — دەپ ئىسكەندەرنى كۆرسىتىپتۇ ۋە ئېرىغا ئۆزىنى تونۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ، — بىزنىڭ بېشىمىزغا چوڭ بەختسىزلىكلەرنى سالغان مانا بۇ باسقۇنچى، بۇنى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈڭلار. ئەمدى مەن خانلىقنى مانا شۇ ئېرىم — ئىسكەندەرگە تاپشۇرىمەن، — دەپ سۆزىنى توگىتىپتۇ.

لەشكەر باشلىقلىرى ئۇنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ھېلىقى شاھزادىنى بىر ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ ئاتنى قويۇۋېتىپتۇ. ئات ئۇنى سۆرەپ، تېپىپ يۇرۇپ پارچە-پارچە قىلىۋېتىپتۇ.

ئىسكەندەر بولسا شۇ كۈندىن باشلاپ تەختتە ئولتۇرۇپ خانلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

يەرنى، قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا كۆرگەندەكلا بىلغۇدەك، لېكىن زادىلا يادىغا ئالالماپتۇ. ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپتۇ.

شۇ ئارىدا قىزلارنىڭ بىرى ھېلىقى قىزغا قاراپ: «نۇر بوۋى!» دەپ ۋارقىراپ قاپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا شانىيازنىڭ يۈرىكى «شۇۋ» قىلىپ كېتىپتۇ. قارىسا چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى قىزنىڭ ئۆزى. «تاپتىم» دەپتۇ ئىچىدە شانىياز. شۇ زامان ئۇ بىر تال شاخنى شارتتىدە كېسىۋېلىپ نەي ياساپتۇ - دە، بىر تۈپ تالنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چېلىشقا باشلاپتۇ. شانىياز نەينى شۇنداق مۇڭلۇق بىر مۇقامغا چېلىپتۇكى، ئۇنى ئاڭلىغان قىزلار تۇرغان جايلىرىدا قىمىرلىماي ھەيران بولۇپ قارىشىپ قاپتۇ. كېيىن ئۇلار دەررۇ سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىشىپتۇ - دە، نەي ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قاراپ كېلىشىپتۇ ۋە تونۇش بولمىغان بۇ نەيچىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا غەرق بولۇشۇپتۇ. شانىياز بىر دەم نەي چالغاندىن كېيىن، كالىلىرىغا قارىماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغانىكەن، بېشى تالنىڭ شېخىغا تېگىپ دوپپىسى چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇلىسىنى ۋە نۇر يېغىپ تۇرغان جامالىنى كۆرگەن نۇر بوۋى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

ئەتىسى شانىياز مومايىنىڭ بېغىدىن بىر دەستە گۈل ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارىسىغا بىر پارچە خەت سېلىپ، يەنە كالىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپتۇ. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەندە ھېلىقى قىزلارمۇ چىقىپ ئويناپ - كۈلۈپ دەريادا چۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا شانىياز قىزلار چۆمۈلۈۋاتقان جاينىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ قولىدىكى گۈلدەستىنى سۇغا ئېقىتىۋېتىپتۇ. نۇر بوۋى ئېقىپ كېلىۋاتقان گۈلنى تۇتۇۋاپتۇ - دە، قارىسا ئارىسىدا بىر پارچە قەغەز تۇرغۇدەك، ئۇنى ئېچىپ

شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ شەھەردە نېمە قىلىشنى بىلمەي، شەھەرنىڭ چېتىدىرەك بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ، خىيال سۇرۇپ ئولتۇرسا، بىر موماي ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ سۇغا كېلىپ قاپتۇ. موماي شانىيازنىڭ خىيال سۇرۇپ ئول تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا خىيال سۇرۇپ ئولتۇرىسەن، بالام؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئارتۇقچە غەم - قايغۇ مېنى خىيالغا غەرق قىلماقتا، موما، — دەپتۇ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ شانىياز.

— قانداق غەم - قايغۇ چۈشتى، بالام؟ ياكى ئاتا - ئاناڭ قوغلىۋەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— ياق، موما، ئاتا - ئانام يوق، يېتىم بالىمەن. بۇ يەرگە تېنەپ كېلىپ قالدىم. تونۇش - بىلىشىم يوق، بېشىم گاڭگىراپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ئولتۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شانىياز.

— خىيال قىلىپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما، بالام. مەن ساڭا ئانا بولاي، سەن ماڭا بالا بول. ئېغىرىڭنى يەر كۆتۈرەر، رىزقىڭنى خۇدا بېرەر، بالام. جۈر مېنىڭ بىلەن، — دەپ موماي شانىيازنى ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلار ئانا - بالىدەك بولۇپ ناھايىتى ئىناق كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. شانىياز مومايىنىڭ كالىلىرىنى بېقىپ، سۈيىنى توشۇپ يۈرۈپ خېلى كۆپ ۋاقىتلارنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شانىياز مومايىنىڭ كالىلىرىنى بېقىپ، دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ، قارىسا نۇرغۇن قىزلار دەريادا چۆمۈلۈپ، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئوينىشىپ يۈرگۈدەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىز شانىيازنىڭ كۆزىگە ناھايىتى ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ قىزنى قەيەردىدۇر بىر

ئاستاغىنا دەپتۇ:
— موما، سىزگە چوڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئېيتىپ باقسام.
— خوپ بالام، ھەرقانداق ئىلتىماسىڭ بولسا ماڭا ئېيتماي كىمگە ئېيتاتتىڭ، ئېيتقىن، — دەپتۇ موماي.
— ئەيىب كۆرمەسسىگىز، موما، مەن نۇربۇۋىنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇنىڭغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتسىگىز دېۋىدىم، — دەپتۇ شانىياز.
— ۋاي بالامەي، مەن بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇن تۇرسام. سەن مېنىڭ قولۇمدا يۈرگەن بىر يېتىم بالا تۇرساڭ. نۇربۇۋىنىڭ دادىسى باي. پۇرتىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى، بۇ ئىشىڭ بولمايدۇ. بالام. قوي، نۇربۇۋى توغرۇلۇق ئويلىما. «حىل - خىلى بىلەن، پىچاق قىنى بىلەن» دېگەن گەپ بار. مەن سېنى ئۆز خىلىڭنى تېپىپ ئۆيلەپ قوياي. ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ قىزىغا ئەلچىلىككە بارسام، ئۇلار نومۇس كۆچىدىن بىرنى ئامان قويمايدۇ، — دەپ باش تارتىپتۇ موماي.
شانىياز بولسا:
— ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، موما، ھەر ھالدا بىر بېرىپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كۆرۈڭ، جېنىم موما، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. موماي ئاخىر شانىيازنىڭ كۆڭلىنى قىيالماي ئەلچىلىككە بېرىشقا رازى بوپتۇ.
موماي ئەتىسى تاڭ سەھەردە، تېخى ھېچكىم ئۆيقۇدىن ئويغانمىغان چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، بىر قولىغا چېلەك، بىر قولىغا سۇپۇرگە ئېلىپ باينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.
باينىڭ ئىشىك ئالدىنى ياخشىلاپ سۇپۇرۇپتۇ، سۇ چېچىپتۇ. كېيىن دېرىزىگە يېقىن كېلىپ:

ئەلچىمەنەي، ئەلچىمەن،

قارىسا خەت، ئوقۇپ كۆرسە ئىشقى - مۇھەببەت سۆزلە-
ئىكەن. «مېنىڭ كۆڭلۈمدە يانغان مۇھەببەت ئوتى ئۇ يىگ
ىتنىڭمۇ كۆڭلىدە يېنىۋېتىپتۇ. ئىككىمىزنىڭ تىلىكى ب-
ئىكەن. دېمەك، مۇرادقا يېتىش ئەمدى ئاسان» دەپ ئ
لاپتۇ، لېكىن بۇنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەپتۇ. ئۇ كۈن شۇند
ئۆتۈپتۇ.

يەنە بىر كۈنى دەريادا شۇنداق چۆمۈلۈپ ئويناپ يۈ
گەندە، نۇربۇۋى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى شېرىنخا
سىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— مەن ھازىر شۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېلىمە
سىز قىزلارنى مېلىكە قىلىپ، مېنىڭ يوقلۇقۇمنى بىلىندۇر
مەي تۇرۇڭ، — دەپ ئۆزى دەريانى ياقىلاپ شانىيازنىڭ
ئالدىغا كېتىپتۇ.

نۇربۇۋى بىلەن شانىياز ئىككىسى ئۇزاق گەپلىشى
بىر - بىرىگە ئىشقى - مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ
ئويناپ - كۈلۈشۈپتۇ. نۇربۇۋى كېيىن ئاستا قايتىپ كېلىپ
قىزلارغا قېتىلىۋاپتۇ، بۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ،
شانىياز بىلەن نۇربۇۋى ئويناپ - كۈلۈپ بىر مەزگىلىنى
ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شانىياز بىلەن نۇربۇۋى
ئىككىسى دەريا بويىنى سەيلە قىلىپ يۈرگەندە شانىياز:

— ئىككىمىز بۇنداق يۈرۈپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلى،
دەرھال ئۆي - ئوچاق بولۇپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرەيلى؟ —
دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.

نۇربۇۋى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ:

— خوپ مەيلى، بىراق سىز ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا
ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.

شانىياز شۇ كۈنى ئاخشىمى تاماقتىن كېيىن مومىغا

چىقىرىۋېتىپتۇ.

مومای ئۆيگە كىرىپ:

— دېمىدىممۇ، بالام، «بويۇڭ يەتمىگەن يەرگە قول ئۇزارتما!» دېگەندەك، بايلار سېنىڭ بىلەن ماڭا ئوخشاش كەمبەغەللەرگە قىز بېرەمدۇ؟ ئىككىنچى نۇربۇۋى توغرۇلۇق زادىلا ئويلىما، بولمىسا مېنىمۇ، سېنىمۇ خاراب قىلىدۇ. مەن ساڭا ئۆزۈڭنىڭ لايىقىدا ئوبدان بىر قىز تېپىپ ئۆيلەپ قويىمەن، بالام، — دەپتۇ.

— مەيلى موما، جاھاننىڭ خاپا بولغۇچىلىكى يوق، — دەپتۇ - دە، نۇربۇۋى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باشقىچە يول تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. لېكىن، شۇ كۈندىن باشلاپ نۇربۇۋى كۆرۈنمەس بولۇپ قاپتۇ، چۈنكى ئەلچى كەلگەندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ يۈرۈشىگە يول قويماس بولۇپ قالغانىكەن.

ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن غەزەپلەنگەن نۇربۇۋىمۇ «ئەگەر ئاتا - ئانام مېنىڭ سۆيگىنىم بىلەن قوشۇلۇشۇمغا رازى بولمىغان بولسا، مەنمۇ باشقىچە يول تۇتۇشۇم كېرەك» دېگەن پىكىرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى شېرىنىخان ئارقىلىق شانىيازغا بىر خەت ئەۋەتىپتۇ.

شانىياز بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرسە، «ئەمدى مەن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنىدىم، لېكىن سىز بىلەن قىلىدىغان مەسلىھىتىم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ باغقا كېلىڭ. سۇ ئېقىمىنى بويلاپ ماڭسىڭىز، شۇ سۇ سىزنى توپتوغرا بىزنىڭ باغنىڭ سۇڭگۈچىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سۇڭگۈچ ئارقىلىق باغقا كىرىپ گۈللەرنىڭ ئارىسىدا كۈتۈپ تۇرۇڭ. يېرىم كېچىدە مەن چىقىمەن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن.

شانىياز شۇ ئاخشىمى يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ،

ئەلچىلىككە كەلدىمەن.
سىزدىن جاۋاب ئېلىشقا.
شانىيازدىن كەلدىمەن.

دەپتۇ - دە، كېتىپتۇ.

بۇ سۆزلەر ئۇيقۇدىن ئەمدى ئويغىنىۋاتقان باي بىل
ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ قولىقىغا ئاڭلىنىپتۇ. ھەيران بولغان ئە
خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقسا، ھېچكىم يوق
ئىشىك ئالدى پاكىز سۈپۈرۈلگەن، سۇ چېچىلغان. ئۇلا
بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ - دە، «بۇ، ئەلچى كېلىشىنىڭ دېرىكى
دەپ شۇ كۈنى ئاخشىمى ئەلچى كۈتۈپتۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى ھېلىقى موماي يەنە ئىككى - ئۈچ
مومايىنى بىللە ئېلىپ كەپتۇ، ئاۋۋال ئويياقتىن - بۇياقتىن
گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، كېيىن، شانىياز دېگەن بىر يىگىتتىن
ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. باي شانىيازنىڭ كىم
ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە مەنـ
سەپ دەرىجىلىرىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. موماي بولسا، بايىنىڭ
ھەربىر سوئالىغا تولۇق قىلىپ، شانىيازنىڭ يېتىم بالا ئىـ
كەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قولىدا يۈرگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ
ئېيتىپ بېرىپتۇ.

مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بايىنىڭ قويۇقى چاچـ
لىرى تىك بولۇپ، قاتتىق غەزىپى ئۆرلەپتۇ ۋە ئاچچىقىغا
چىدالماي:

— مەن بۇ شەھەرنىڭ چوڭلىرىنىڭ بىرى تۇرسام، بىر
تېجىمەلنىڭ مېنىڭ قىزىمغا ئەلچى قويۇشى قانداق گەپ؟!
بۇ ماڭا ئاھانەت ئەمەسمۇ؟! ئىككىنچى مېنىڭ ئىشىكىمگە
ئاياغ باسقۇچى بولماڭلار، ئەگەر يەنە كېلىدىغان بولساڭلار،
پۇتۇڭلارنى چاقىمەن، — دەپ ئەلچىلەرنى قوغلاپ

ئۇندىن قانداق ئۆتۈرسەن؟!
چۆل ـ ياۋاندا بەش بۆرى،
ئۇندىن قانداق ئۆتۈرسەن؟!
دەريا بويى بۇك جاڭگال،
ئۇندىن قانداق ئۆتۈرسەن؟!
يېرىم يولدا قاراقچى،
ئۇندىن قانداق ئۆتۈرسەن؟!

دەپتۇ ۋە شانىيازنىڭ كەتمەسلىكىنى ئىلتىماس قىلىپ يىغلاپتۇ.

شانىياز مومايىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋابەن:

ئېگىز ـ ئېگىز داۋاننى،
ئاتلىرىمغا تاپشۇردۇم.
ياۋاندىكى بۆرىنى
مىلتىقىمغا تاپشۇردۇم.
ئادەم ئۆتمەس جاڭگالنى
چاقمىقىمغا تاپشۇردۇم.
يولدىكى قاراقچىنى
تەقدىرىمگە تاپشۇردۇم.

دەپ بۇ يەردىن كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە «خەير، موما» دەپتۇ ـ دە، «چۇ» دەپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. موماي بولسا «خەير، بالام! ئاللاغا تاپشۇردۇم» دەپ دۇئا قىلىپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بىر يەرلەرگە كەلسە ناھايىتى ئېگىز ۋە تىك داۋان تۇرغۇدەك. شانىياز بىلەن نۇربۇۋى ئېتىنى «چۇ» دەپ بىرقانچە ئۇرغانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە

سۇلى ياقىلاپ نۇر بوۋىلەرنىڭ بېغىغا قاراپ مېڭىپتۇ، سوڭ
گۈچتىن باغقا كىرىپتۇ ۋە گۈللەرنىڭ ئارىسىغا جايلىشىپ
نۇر بوۋىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. كۆز يۇمماستىن يېرىم كې
چىنى كۈتۈپ ياتقان نۇر بوۋىمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ
چىقىپتۇ. ئىككىسى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇزاق گەپلىشىپتۇ
ۋە جۈمە كېچىسى قېچىپ كېتىشكە ۋەدىلىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كېلىپتۇ. نۇر بوۋى ئاتىسىنىڭ ئات باقارى رېھىم بوۋاي بىلەن سۆزلىشىپ ئىككى ئاتنى ئېگەر - توقۇملىرى بىلەن تەييارلاپ، ئۇنى كېچىسى باغنىڭ كەينىدە كۈتۈپ تۇرۇشقا تەيىنلەپتۇ ۋە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن چىراغلار ئۆچۈپ، ئەل ئايىغى بېسىلغاندا، نۇربوۋى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، تەكىيلەرنى يوتقانغا ئوراپ، خۇددى بېشىنى پۈركەپ ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە ئوخشىتىپ قويۇپ، ئۆزى چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئاتىسى نۇربوۋىنى يوقلاپ كىرىپ، يوتقانغا ئورالغان تەكىيلەرنى كۆرۈپتۇ - دە، ھە، قىزىم ئۇخلاۋېتىپتۇ، دەپ چىقىپ ئۆز ھۇجرىسىدا خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا رېھىم بوۋاي ۋەدە بويىچە ياخشى ئىككى ئاتنى توقۇپ، باغنىڭ كەينىدە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. خۇددى شۇ ۋاقىتتا بوياقتىن نۇر بوۋى، ئۇ ياقتىن شانىياز يېتىپ كېلىپ، ئىككىسى ئىككى ئاتنى مىنىپتۇ - دە، رېھىم بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ موماينىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

شانىياز موماينىڭ بەرگەن ياردىمى ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئەمدى كەتمەكنى بايان ئەيلەپتۇ. شۇ چاغدا موماي غەزەل بىلەن:

ئۆيدىن چىقىپاڭ تىك داۋان،

ئېھتىماللىغا قارشى، ئېلىۋالغان بىر بولاق ئوغا يادىغا چۈشۈپتۇ.

تاماق تەييار بولغاندا، نۇربۇۋى ھېلىقى ئوغىنى ئاستا تاماققا ئارىلاشتۇرۇپتۇ - دە، قاراقچىلارغا بېرىپتۇ. قاراقچىلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ بىر پەستە ھەممىسى قېتىپ قاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا نۇربۇۋى شانىبازنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئاتلىرىغا مىنىپ يەنە يولغا راۋان بولۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، يەنە خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇلار بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ، ئېگەر-توقۇملىرىنى ئېلىپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىپتۇ. ئۆزلىرى دەم ئېلىپ تاماق قىلىپ يەپتۇ ۋە ئۇزاق يول مېڭىپ ھارغانلىقىدىن يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاماق تەييارلاپ يېگەندىن كېيىن، شانىياز ئەمدى ئاتلارنى تۇتۇپ كېلەي، دەپ قارىسا ئاتلىرى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇياق - بۇياققا قاراپ زادىلا تاپالماي، بىر قىرغا چىقىپ ئولتۇرسا نۇرغۇن قۇلانلار ئوينىشىپ يۈرگۈدەك. شانىياز قۇلانلارغا قاراپ:

ھەي قۇلانلار، قۇلانلار،
ئۆزى ياخشى قۇلانلار،
كۆزى ياخشى قۇلانلار.
كەركە بويلۇق كەر ئاتنى
كۆردۈڭلارمۇ قۇلانلار؟
سۇرمە رەڭلىك سۇر ئاتنى
كۆردۈڭلارمۇ قۇلانلار؟

دەپ غەزەل بىلەن سوراپتۇ. قۇلانلار بولسا، بويۇنلىرىنى

داۋاندىن ئېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر يەرلەرگە كەلسە، بەش چىل بۆرى ھۇۋلاپ يۈرگۈدەك. شانىياز مىلتىقىنى ئېلىپ ئۈچ قېتىم ئاتقانىكەن، بۆرىلەردىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى قېچىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر يەرلەرگە كەلسە، بىر دەريانىڭ بويىدا ئادەم ئۆتەلمەس بۈك جاڭگاللىق تۇرغۇدەك. شانىياز چاقمىقىنى بىر چاققانىكەن، پۈتۈن جاڭگال كۆيۈپ، يول ئېچىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە ئالدىدىن يەتتە قاراقچى چىقىپتۇ - دە، بۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، بىر تاغنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. قاراقچىلار بۇلارنى ئۆزلىرى تۇرغان بىر غارغا ئېلىپ كىرىپ شانىيازدىن:

— ساڭا جان كېرەكمۇ ياكى مال كېرەكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭلار؟ چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ — دەپتۇ شانىياز.

— ئەگەر جان كېرەك بولسا، قورۇق بېشىڭنى ئېلىپ كېتىۋەرگىن، ساڭا يول ئوچۇق، ئاتلىرىڭ بىلەن بۇ قىز قالىدۇ. ئەگەر مال كېرەك دېسەڭ، بۇ يەردىن تىرىك مەيسەن، — دەپتۇ قاراقچىلار.

— ئاتلىرىمنى ئالساڭلارمۇ ئېلىڭلار، لېكىن بۇ قىز مېنىڭ خوتۇنۇم بولغاچقا، مەن ئۇنى سىلەرگە قانداق تاشلاپ كېتىمەن؟ — دەپتۇ شانىياز.

شۇ ئارىدا قاراقچىلار شانىيازنى ئۇرۇپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپتۇ - دە، نۇر بۇۋىنى تاماق تەييارلاشقا بۇيرۇپتۇ.

نۇر بۇۋى كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئىلاجىسىز قاراقچىلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاماق تەييارلاشقا باشلاپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يەردىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى ئىزدەپتۇ. شۇ ئارىدا نۇربۇۋىنىڭ يانچۇقىدىكى، ھەر

ۋە بىر يۈگۈرۈپتىكەن، ھەممە قولانلاردىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

كېيىن شانىياز ئېرىقى بىر قىرغا چىقىپ قارىسا، بىر بولاقنىڭ بويىدا كەر ئېتى قولانلار بىلەن سەكرىشىپ ئويناپ يۈرگۈدەك، يەنە بىر بولاقنىڭ بويىدا سۇر ئېتىمۇ بىرنەچچە قولانلار بىلەن سەكرەپ ئويناپ يۈرگۈدەك. شانىياز بۇ ئاتلارنىڭ يۈگەنلىرىنى شاراقلاتقانىكەن، ھەر ئىككى ئېتى يۈگۈرگىنىچە يېتىپ كەپتۇ. شانىياز بولارنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلەپ نۇربۇۋىنىڭ يېنىغا كەپتۇ — دە، ىرىنى توقۇپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.

يەنە كۆپ يول ماڭغاندىن كېيىن، شانىياز ئۆزىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئاتا مىراسىغا ئىگە بولۇپ، نۇربۇۋى بىلەن بەختلىك ياشاپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەتكەنىكەن.

ىزنىڭ ئاتىسى بولارنى ئىزدىدىمىكىن ياكى ئىزدىمىدىمىكىن، بۇنىسى مەلۇم ئەمەس، لېكىن شانىياز بىلەن نۇربۇۋى، شۇنداق قىلىپ، ئۆز مۇراد — مەقسەتلىرىگە يەتكەنىكەن.

تولغاپ قاراپ قويۇپتۇ - دە، ئۇنچىقىشماي يۈگۈرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قارىسا، ھەممىسىنىڭ كەينىدە بىر ئاسقاق قۇلان ئاران مېڭىپ كېتىۋاتقۇدەك. شانىياز بۇنىڭغىمۇ:

ھەي قۇلانجان، قۇلانجان،
ئۆزى ياخشى قۇلانجان.
كۆزى ياخشى قۇلانجان.
كەركە بويلۇق كەر ئاتنى
كۆردىمىكىن قۇلانجان؟
سۇرمە رەڭلىك سۇر ئاتنى
كۆردىمىكىن قۇلانجان؟

دەپتۇ. شۇ چاغدا بۇ ئاسقاق قۇلان توختاپتۇ - دە:

ھەي يولۇچى، يولۇچى
كەركە بويلۇق كەر ئېتىڭ،
كەر بولاقتا يورۇيدۇ.
ئوڭ يېقىمدا ئون قۇلان
سەكرەپ، ئويناپ يورۇيدۇ.
سۇرمە رەڭلىك سۇر ئېتىڭ
سۇر بولاقتا يورۇيدۇ.
سول يېقىمدا بەش قۇلان
سەكرەپ ئويناپ يورۇيدۇ.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ - دە، پۇتىنى كۆتۈرۈپ شانىيازغا كۆرسىتىپتۇ. شانىياز يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇلاننىڭ پۇتىغا قارىسا بىر تاش كىرىپ كەتكەنىكەن. شانىياز قۇلاننىڭ پۇتىدىن تاشنى ئې-لىپ، بېشىنى سىلاپ قويغانىكەن، ئۇنىڭ پۇتى ساقىيىپ كېتىپتۇ

پالتا ۋە تاياق ـ توقماقلار بىلەن قوراللىنىپتۇ، بىر نەچچە كۈنلۈك ئوزۇق ئاپتۇ ۋە باسقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېرىمى چىدىماستىن: «ئۈچ كۈندىن بېرى باسقۇنچىلار يەرنىڭ ئۇ چېتىگىمۇ يېتىپ بارغاندۇ، بىز پىيادە ئۇلارغا قانداق يېتىمىز؟! قويۇڭلار، شۇنچىۋالا بىزگە نېمە ئالۋان ئىدى!» دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. قالغان يېرىمى يولنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ. يەنە ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېرىمى يەنە شۇنداق دەپ قايتىپ كېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ئەڭ ئاخىر يەتتە كىشى قاپتۇ. بۇ يەتتىسى ئوزۇقلىرى تۈگەپ ئاچلىقتىن، سۇسىز چۆللەردە تەشنالىقتىن قىينالسىمۇ يولنى چىدام بىلەن داۋام قىپتۇ. يولدا ئۇچرىغان جەرەن ۋە باشقا ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئېتىپ كاۋاپ قىلىپ يەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئېگىز بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇ تاغقا كەلگەندە، باسقۇنچىلارنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار: «ئاۋۋال بىرەر نەرسە ئوۋلاپ قورساقنى تويدۇرۇۋالايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىشىمىز توغرىسىدا مەسلىھەت قىلارمىز» دەپ ئويلاپ ـ بۇياققا قارىسا، بىر ھاڭ تاشنىڭ ئۈستىدە بىر كىيىك ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. ھۆۋەي قورۇلغا ئېلىپ بىر ئاتقانىكەن، ھېلىقى كىيىك دومىلاپ چۈشۈپتۇ. بۇلار چاقماقنى چېقىپ ئوت يېقىپتۇ ـ دە، كىيىك گۆشىنى راسا كاۋاپ قىلىپ يەپ، قورساقلىرىنى تويدۇرۇپتۇ ۋە بىر ئاز دەم ئېلىپ يېتىپ، ھاردۇقلىرىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە باشلاپتۇ. بەزىلەر: «بۇنىڭ بۇياقىغا ئىزسىز بېرىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرلا قايتىپ كېتەيلى» دەپتۇ، بەزىلەر: «تەۋەككۈلگە شۇ تاغنى ياقىلاپ مېڭىۋېرەيلى،

# ھۆۋەي باتۇر

بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ زامانلار ئىلگىرى بىر يېزا بولغانىكەن. بىر كۈنى بۇ يېزىدا چوڭ ئويۇن - تاماشا بوپتۇ. يېزىنىڭ چوڭ - كىچىك بارلىق ئاھالىسى راسا تاماشا قىلىپ ھارغاندىن كېيىن كېچىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يېزىغا باسقۇنچىلار باستۇرۇپ كىرىپتۇ - دە، بارلىق ئاتلارنى ھەيدەپ كېتىپتۇ. «ياۋ تەگدى، ياۋ تەگدى» دېگەن قىقاس - چۇقان بىلەن كۆتۈرۈلگەن كىشىلەر ياۋغا قارشى ئاتلىنىپ چىقايلى دەپ قارىسا يېزىدا ھېچكىمدە ئات قالمىغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار باسقۇنچىلارنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قىقاس - چۇقانلار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ.

ئەتىسى پۈتۈن يېزا ئاھالىسى بىر جايغا توپلىنىپ، باسقۇنچىلاردىن ئاتلارنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ياشلارنىڭ ئارىسىدىن ھۆۋەي دېگەن بىر يىگىت:

— ئەگەر جامائەت لايىق كۆرسە، باسقۇنچىلارنىڭ كەينىدىن بىز ياشلار قوغلاپ بارايلى، بۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ مانا مەن تەييار. قېنى، يىگىتلەر، مېنىڭ بىلەن يەنە كىملەر بارىدۇ؟ — دەپتۇ.

كۈچ - قۇۋۋىتى ئېشىپ، باسقۇنچىلارغا غەزىپى قايناپ تۇرغان ياش يىگىتلەر: «مەنمۇ بارىمەن، مەنمۇ بارىمەن!» دەپ كەينى - كەينىدىن ئۆز خاھىشلىرىنى ئىزھار قىپتۇ - دە، شۇ زامان بەزىلەر قىلىچ، بەزىلەر ئوقيا، بەزىلەر

يەرنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي ئۇتلاپ يۈرگەن سان - ساناقسىز ماللارمۇ شۇ باينىڭ بولۇپ، قۇل ۋە چاكارلىرىنىڭ ماڭلاي تەرى بىلەن توپلىغانىكەن. ئۇنى ئاز دەپ ئۆزىنىڭ چاپارمەنلىرىنى يىراق يېزىلارغا ئەۋەتىپ ھىمايىسىز ئاھالىنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ - تالىتىپ كېلىدىكەن. ھۆۋەي باتۇرنىڭ يېزىسىنىڭ مېلىنىمۇ ئەنە شۇ ئەمەلدار باي ئۆزىنىڭ چاپارمەنلىرى ئارقىلىق بۇلاپ ئەكەلگەنىكەن. بىر كۈنى ھۆۋەي ئەتراپنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر بۇلاق بويىدا گۈل تېرىپ يۈرگەن چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستاغىنا قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ گۈل تېرىشكە باشلاپتۇ، تەرگەن گۈللىرىنى قىزغا تەقدىم قىپتۇ ۋە ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپلىشىپ ئىككىسى تونۇشۇپتۇ. ھۆۋەيمۇ چىرايلىق يىگىت ئىكەن، قىزمۇ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بۇ، ھېلىقى ئەمەلدار باينىڭ قىزى ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى بىر نەچچە كۈن خالىدا تېپىشىپ يۈرۈپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسى ھەر جۈمە كۈنى ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چاپارمەن ۋە ئۇلپەتلىرى بىلەن تاغقا كېتىدىكەن. كەچقۇرۇنلۇقى ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندىن كېيىن ھاراق - شارابلارنى ئىچىشىپ ئۇزاق تاماشا قىلىپ ئولتۇرىدىكەن - دە، كېيىن قاتتىق ئۇخلاپ قالىدىكەن. قىز ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۆۋەي بىلەن قېچىپ كەتمەكچى بوپتۇ.

كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كېلىپ ئەمەلدار باي ئوۋغا چىقىپتۇ، كەچقۇرۇنلۇقى ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ ئۇزاققىچە ئۇلپەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە كۆپ ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتقان ھۆۋەي، قىزنىڭ

ھېچبولمىغاندا بىرەر ئادەم بار يەرگە چىقىپ قالارمىز» دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ھۆۋەي:

— بولمىسا، بۇنداق قىلايلى، سىلەر مەشەدە، تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن شۇ تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ كۆرەي، ئەگەر تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرەر ئەل-يۇرت كۆرۈنگۈدەك بولسا، قالپىقىمنى ئوڭ قولۇمغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرىمەن، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ مېنىڭ يېنىمغا چىقىڭلار. ئەگەر ھېچنەرسە كۆرۈنمىگۈدەك بولسا، قالپىقىمنى سول قولۇمغا ئېلىپ سولغا ئايلاندۇرىمەن، ئۇ چاغدا سىلەر جايىڭلاردا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆزۈم قايتىپ چۈشىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن كېتىمىز، — دەپ تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئەڭ ئېگىز بىر چوققىغا چىقىپ قارىسا، تاغنىڭ ئۇ تەرىپى ئاجايىپ چىرايلىق، تۈپتۈز چىمەنلىك ئىكەن، ئۇنىڭ بىر چېتىدە بىر يېزا بولۇپ، ئەتراپتا سان - ساناقسىز يىلقىلار، كالىلار، قويلار ئوتلاپ يۈرگۈدەك. بۇنى كۆرگەن ھۆۋەي بېشىدىكى قالپىقىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

تاغنىڭ ئېتىكىدە تۇرۇپ، ھۆۋەينىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئاتلىق دوستلىرى ئۇنىڭ قالپىقىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ ئوڭغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپتۇ ۋە شۇ زامان ھۆۋەينىڭ ئالدىغا يېتىپ چىقىپتۇ. ئۇ يەردىن تۇپتوغرا ھېلىقى يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. يېزىنىڭ ئىچىدە بىر تۇل موماينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، شۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ مومايدىن سوراشتۇرۇپ بىلسە، بۇ يېزا بىر چوڭ ئەمەلدار بايغا قاراشلىق بولۇپ، يېزا ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى شۇ باينىڭ قۇل ۋە چاكارلىرى ئىكەن، ئەتراپتا

نەتىجىسى ئۇيەردىكى ئاتلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا
ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. بۇلار خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن «بىر
ئاز دەم ئېلىۋالايلى» دەپ بىر بۇلاقنىڭ بويىدا ئاتتىن
چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قىز بۇ جاينىڭ گۈزەللىكىگە
ھەۋەس قىلىپ قاراۋېتىپ، ئارقا تەرەپتە ئاسمانغا كۆتۈرۈ-
لۈۋاتقان چاڭ - توپىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ھۆۋەيگە:

— ئاۋۇ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان چاڭ - تو-
پىنى قاراڭا، ئېھتىمال، ئاتامنىڭ لەشكەرلىرى قوغلاپ
كېلىۋاتسا كېرەك. بولۇڭ، چاپسانراق قاچايلى! — دەپتۇ.

لېكىن، ھۆۋەي ھەر قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئالدىدا
كېتىپ بارغان ئاتلارنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، دۈش-
مەننىڭ يولىنى شۇ يەردە توساپ زەربە بەرمەكچى بوپتۇ
ۋە قىزنى ئىلگىرى ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئۆزى بىر تاشنىڭ دال-
دىسىغا كىرىپ يول توساپ يېتىپتۇ.

ئەمەلدار باي ئۆلگۈچە ئىچىپ مەست بولۇپ قاتتىق
ئۇخلاپ قالغان جۈمە ئاخشىمىنىڭ ئەتىسى ئۆزىگە كەلگەن-
دىن كېيىن، قىزىنىڭ قاچقانلىقى ۋە كۆپ ئاتلىرىنى بىرى-
نىڭ ھەيدەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرنى ئاڭلاپ،
ئۆزىنىڭ بارلىق ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ ئىز
قوغلاپ چىققانىكەن. ئۇلار چاڭ - توپىنى توزۇتۇپ ماڭغى-
نىچە، ھۆۋەي ماراپ ياتقان تاشقا يېقىن كەپتۇ. ھۆۋەي بىر
ئاتقىلى تۇرغانىكەن، لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قىرى-
لىپ كېتىپتۇ. قالغانلىرى ئۆزلىرىنى تاشلارنىڭ دالدىلىرىغا
ئېلىپ ئېتىشىشقا باشلاپتۇ، ئۇزاق ئېتىشقاندىن كېيىن ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ ئوق - دورىسى تۈگەپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن
قىلىچۋازلىققا كىرىشىپتۇ. ئۇزاق ئېلىشىشتىن كېيىن باينىڭ
لەشكەرلىرى قىرىلىپ، ئاخىر بەش - ئالتىلا كىشى قاپتۇ،
باينىڭ ئۆزىمۇ يارىدار بوپتۇ. ئۆزىنىڭمۇ ھالاك بولۇشىغا

ئىشارىسى بويىچە، ۋاقىتنىڭ يەتكەنلىكىنى بىلىپ ئورۇپ-ۋو
يولداشلىرى بىلەن يىلقىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئەڭ ياخشى
سەككىز ئاتنى تۇتۇپ ئېگەرلەپتۇ، ئالتە ئاتقا ئالتە يولدى
شىنى مىندۈرۈپ، ناھايىتى كۆپ ئاتلارنى ھەيدىتىپ يولغ
ساپتۇ - دە:

— سىلەر توختىماستىن مېڭىۋېرىڭلار، مەن قىزنى
ئېلىپ ئارقاڭلاردىن كۆزىتىپ ماڭىمەن، چۈنكى كەينىمىزدىن
لەشكەرلەر قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن، — دەپ ئۆزى بىر ئاتنى
مىنىپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ قىزنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

قىز بىر بېشىنى لىققىدە كېيىم - كېچەك ۋە بىر بېشى-
نى لىققىدە ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ تەييارلاپ قويغان خۇر-
جۇننى ئاتقا ئارتىپتۇ - دە، ئاندىن ئۆزى مىنىپتۇ ۋە ئىك-
كىسى يولغا راۋان بوپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئالدى
تەرەپتە يىراق بىر يەردە قاپقارا چاڭ توزۇپ كېتىپ بارغان
ئاتلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ:

— ئاۋۇ ئالدىمىزدا كېتىپ بارغان نېمە؟ — دەپ
سوراپتۇ قىز.

— بىر ياققا كېتىپ بارغان كارۋان بولسا كېرەك، —
دەپ قويۇپتۇ ھۆۋەي. چۈنكى قىز بۇلارنى باسقۇنچىلار
ئىكەن دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دەپ، يولداشلىرىنىڭ بار-
لىقى ۋە قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا قىزغا ئېيتماپتۇ.

— ئۇنداق بولسا شۇلارغا يېتىشىۋېلىپ بىللە ماڭساق
بولمىدىكەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭساق ياخشى بولاتتى،
بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دادىڭىزنىڭ تونۇشلىرى بار،
سىزنى تونۇپ قالسا قانداق بولىدۇ! — دەپتۇ ھۆۋەي.

— بۇ گېپىڭىز توغرا، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلارنىڭ كەي-
نىدىن قارىسىنى كۆرۈپ ماڭغىنىمىز ياخشى؟! — دەپتۇ قىز.

# ئەقىللىك بالا

كونلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن ھېيتكاردىن قايتقان شاھ يول ئۈستىدە لاي بىلەن سېپىل ۋە شەھەرچە ياساپ ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلارنىڭ ئۈستىگە دۇچ كېلىپ قاپتۇ. چوڭ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان شاھنى ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرىنى كۆرگەن بالىلار ئالدىراپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇسرەت دېگەن بىر بالا دوستلىرىغا قاراپ:

— بالىلار، ئىشىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار. شاھ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، — دەپ بالىلارنىڭ كېتىشىگە يول قويماپتۇ. دەل شۇ چاغدا شاھنىڭ ياساۋۇللىرىدىن بىرى كېلىپ:

— يولنى بىكار قىلىش! شاھنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشمەي تۇرۇشامسەن؟ يوقال! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ياساۋۇلنىڭ ۋارقىرىشىدىن قورققان بالىلار سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قاچماقچى بولۇپ تۇرغاندا، نۇسرەت ياساۋۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۆزلىرىگە مەلۇمكى، دۇنيادا ئۆتكەن شاھلار قانچىلىك سەلتەنەتلىك ۋە قۇدرەتلىك بولۇشىغا قارىماي، شەھەرنىڭ سېپىلىنى ئايلىنىپ ئۆتكەن، تارىختا شەھەر سېپىلىنى بۇزۇپ ماڭغان شاھ ئۆتكىنى يوق، بىزنىڭ شاھىمىزمۇ مالال كۆرمەي شەھىرىمىزنىڭ سېپىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشى كېرەك!— دەپتۇ.

— تولا گەپدانلىق قىلماي يوقال! — دەپ تېخىمۇ قاتتىقراق كاكىراپتۇ ھېلىقى ياساۋۇل.

كۆزى يەتكەن باي قىلىچىنى تاشلاپ، تەسلىم بوپتۇ. شۇنى
دىن كېيىن ھۆۋەي ئۇ بايدىن، ئىككىنچى بۇ تەرەپلەر
ئاياغ باسماسلىقى، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنىڭ مېلىنى
تالىماسلىقى توغرىسىدا ئىلخەت ئېلىپ قايتۇرۇۋېتىپتۇ، ئۆز
بولسا يولغا چىقىپ قىزغا يېتىشىۋاپتۇ، ئۇنىڭغا بولغا
ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. كېيىن ئىككىسى ئاتلىرىنى چاپتۇ
رۇپ، ئالدىدا ئات ھەيدەپ كېتىپ بارغانلارغا يېتىشىپتۇ
شۇ چاغدىلا قىزغا ئۆز يولداشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ھەمم
گەپنى ئېيتىپتۇ. يولداشلىرىغىمۇ يولدا بولغان قانلىق جەڭ
توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلار بىر ھەپتە يول ماڭغاندىن
كېيىن ئۆز يېزىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇلارنىڭ تەقدىرىدىن
خەۋەرسىز قايغۇرۇپ تۇرغان جامائەت ناھايىتى خۇشال
بولۇپ قارشى ئاپتۇ.

ھۆۋەي باتۇر ئىلگىرى ئۆزلىرى ئالدۇرۇپ قويغان
ئاتلىرىدىن نەچچە باراۋەر كۆپرەك ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنى
يېزىنىڭ بارلىق ئاھالىسىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئۆزى چوڭ
توي - مەرىكە قىلىپ ھېلىقى قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ، ھۆۋەي باتۇر دېگەن نام ئېلىپ، داڭقى پۈتۈن ئەت
راپقا تارقىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىنىڭ ئاھالىسى
خاتىرجەم بولۇپ، بەختىيار ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغا
نىكەن.

ياساۋۇللار ئەتىدىن باشلاپ شەھەرگە چىقىڭلار، خەلقنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە، دەرد - ھەسرىتىگە قۇلاق سېلىڭلار. ئۇلارنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى بولسا مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ بالا پادىشاھنىڭ «ياساۋۇللىرى» شەھەر كوچىسىغا چىقىپ، خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرسە، ئىككى ئادەم جاڭجاللىشىپ، بىر - بىرىگە: «سېنىڭ ئەمەس، مېنىڭ!» دېيىشىپ بىر تۆگە بوتىلىقىنى ئۇيان تارتىپ، بۇيان تارتىپ يۈرگۈدەك.

بالا ياساۋۇللار نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بىرى بولغان ۋەقەنى مەلۇم قىپتۇ:

— بۇ بوتىلاق مېنىڭ تۆگەمنىڭ بالىسى ئىدى. مۇنۇ ئادەم مېنىڭ بوتىلىقىم، — دەپ تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا، يەنە بىر كىشى بوتىلاققا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ياق ... ياق ... بۇ مېنىڭ بوتىلىقىم ئىدى. بۇ ئادەم مۇتىھەملىك قىلىپ، «مېنىڭ» دەپ ئېسىلىۋالدى، — دەپتۇ - دە، بوتىلاقنى سۆرەپتۇ.

— توختاڭلار! ... — دەپتۇ كىچىك ياساۋۇللار، — سىلەر شەھەر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بارمىدىڭلارمۇ؟

— باردۇق. شاھ: «مۇشۇ ئىشقىمۇ مېنى بىسەرەمجان قىلامسىلەر؟ چىقىڭلار، ئوردىنى قالايمىقان قىلماڭلار، بوتىلاقنى سويۇپ، ئىككىڭلار تەڭ بۆلۈشۈۋېلىڭلار» دەپ چىقىرىۋەتتى، — دەپتۇ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ بىرى.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭلار، بالا پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا بارايلى. ئۇ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ قويسۇن، — دەپتۇ - دە، ئۇلارنى نۇسرەتنىڭ ئالدىغا باشلاپ

بۇ چاغدا شاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ياساۋۇل بولغان گەپ - سۆزلەرنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ، شاھ بالىنىڭ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە بالىنىڭ ئەقىللىك ۋە جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ ئىسمىنى سوراپتۇ.

— ئىسمىم نۇسرەت، ئىسلام باپكار دېگەن كىشىنىڭ يالغۇز ئوغلىمەن، شاھ ئالىيلىرى شەھەرچىمىزنى بۇزۇپ ماڭسىلىرىۋى مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن! ... — دەپ تېخىمۇ دادىللاراق جاۋاب بېرىپتۇ نۇسرەت.

شاھ نۇسرەتنىڭ جاۋابىغا كۈلۈپ قويۇپتۇ - دە، بالىلار ياسىغان شەھەرچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ.

ئارىدىن ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ، نۇسرەت 15 - 16 ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆز دوستلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، شەھەرنىڭ چېتىدىن قولايلىق بوش بىر ئورۇننى تاللاپ، شەھەر سالماقچى بوپتۇ. ئۇلار كېسەك قۇيۇپ، ياغاچ توشۇپ، چوڭ بىر ئىمارەت ياساپ چىقىپتۇ.

ئىمارەت پۈتكەندىن كېيىن نۇسرەت دوستلىرىغا قاراپ:

— ئاغىنىلەر، بىزنىڭ دەسلەپكى ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق تۈگىدى. ئەمدى بىز ئۆزىمىزگە بىر پادىشاھ سايلاپ چىقايلى، باشقا ئىشلارنى شاھىمىز ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يولغا سالار، — دەپتۇ.

بالىلار نۇسرەتنى شاھلىققا بەلگىلەپتۇ، نۇسرەت شاھ بولۇپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا ھەرخىل قائىدە-تۈزۈم، ئەمىر - پەرمانلارنى ئېلان قىلىپ، ئىش بېجىرگۈچىلەرنى تەيىنلەپتۇ ۋە:

— ئۇنداق بولسا، بىز ئۆز ئىشىمىزنى ئادالەت ۋە سائادەتتىن باشلايمىز. خەلققە ئادىل خىزمەت قىلىمىز ...

— ھەي ئوغلۇم، نېمەسىنى سورايسەن؟ مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇنى سىركە ئېلىپ كېلىشكە بازارغا ئەۋەتسەم «سىركە يوق ئىكەن» دەپ قايتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا مېنىڭ بالامغا بەكمۇ ئوخشىشىدىغان يەنە بىر بالا: «مانا دادا، سىركە!» دەپلا ئۆيگە كىردى. مەن بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئۆز ئوغلۇم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدىم. بىر بالىنى باقالمايۋاتقاندا، ئىككى بالىنى بېقىش ئۆزى بىر گەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىزلەپ كېلىپ: «بالا ئوغرىسى» دېگەن تۆھمەت بىلەن شەھەرگە بارسا، قازى - كالانىنىڭ دەررە - پالاقلىرى ئاستىدا ئۆلەرمەنمۇ؟» دېگەن چېكى يوق بىر غەمدە قالدىم، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— شەھەر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بارمىدىڭىزمۇ؟

— باردىم. شاھ: «ھەي ئەخمەق، بىر بالىدىن ئىككى بالا ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھەر ئىككىسىنى ئۆز بالام دەپ بېقىۋەر. ماڭ، چىق، ئوردىنى قالايمىقان قىلما» دەپ چىقىرىۋەتتى، — دەپتۇ.

— يۈرۈڭ، ئۇنداق بولسا، بىز بالا پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا بارايلى، سىزنى بۇ باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسۇن، — دەپ ھېلىقى ئادەمنى ئىككى بالا بىلەن نۇسرەتنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. بۇ ئادەم نۇسرەتكە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قايسىڭلار بۇ كىشىنىڭ ئوغلى؟ — دەپ سوراپتۇ نۇسرەت ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بالىلارغا قاراپ.

— مەن! ...

— مەن! ...

ئىككى بالا تەڭلا ۋارقىراپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدۇكەنكى، ئۇلارنى پەرق قىلىش ئەسلا

بېرىپتۇ. نۇسرەت مەسلىھەتچىلىرى، ساراي ئەمەلدارلىرى
بىلەن «شاھلىق ئوردىسى» دا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ
ئالدىغا بوتىلاق ھەققىدە ئەرز قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ
گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

— ھەر ئىككىڭلارنىڭ تۆگىسى بارمۇ؟ ئۇنداق بول-
تۆگەڭلەرنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ، بوتىلاقنى بولۇشى-
ساۋاڭلار، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ياساۋۇللارغا قاراپ.

نۇسرەت ئۆز ئەمەلدارلىرىنى ۋە ھېلىقى دەۋاگەرلەرنى
نەق مەيدانغا باشلاپ چىقىپ كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.

كىچىك ياساۋۇللار بوتىلاقنى باغلاپ شۇنداق ئۇرۇپ-
تۇكى، بوتىلاقنىڭ نالىسىگە چىدىيالمىغان ئورۇق بىر تۆگ
ھۆركىرەپ كېتىپتۇ. تۆگىنىڭ ھۆركىرەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن
نۇسرەت:

— بۇ تۆگە قايسىڭلارنىڭ بولسا، بوتىلاق شۇنىڭ! —
دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

بۇنداق ئادالەت بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمگە بوتىلاق-
نىڭ ئىگىسىلا ئەمەس، ھەتتا نۇسرەتنىڭ ئۆز دوستلىرىمۇ
قايىل قىلىشىپتۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىن نۇسرەتنىڭ داڭقى
پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ھەر
خىل ئەرز - شىكايەتلەر بىلەن كەلگۈچىلەرمۇ كۈندىن -
كۈنگە كۆپىيىشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىچىك ياساۋۇللار شەھەر كوچىلى-
رىنى ئايلىنىپ يۈرسە، بىر ئادەم ئىككى بالىنى يېتىلەۋېلىپ:
«ئەستاغپۇرۇللا، بۇ قانداق بولغىنى؟» دەپ ئۆزى
بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ قالغان كىچىك ياساۋۇللاردىن بىرى:

— ھەي تاغا، نېمە بولدىلا، نېمىگە شۇنچە قايغۇرۇپ
كېتىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

نۇسرەت، — مانا بۇ سىزكە ئېلىپ كەلگەن بالا ئۆزد-
ىمىزنىڭ بالىسى، بۇ، بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە كىرگەن مەخلۇق
بولسا، جىن - شەيتان! ئەمدى بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئاچ-
ماي، دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئۆز بالىمىز بىلەن تۇرمۇشىمىزنى
ئۆگۈللۈك ئۆتكۈزۈك! — دەپتۇ. بۇ مەيدانغا يىغىلغان كۆپ-
چىلىك: «بارىكاللا! نۇسرەت شاھنىڭ ئەقىللىكلىكىگە
ئاپىرىن! نېمە دېگەن دانالىق بۇ!؟» دېيىشىپ، نۇسرەتنىڭ
ئەدىبىرىگە ھەيران قېلىشىپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن بۇيان نۇسرەتنىڭ داڭقى پۈتۈن شە-
ھەرگە تارقاپتۇ. نۇسرەتمۇ ھەر قانداق ئادەمنىڭ دەردى -
ھالىغا يېتىپتۇ.

شەھەر پادىشاھى نۇسرەتنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، ئۇنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ: —

— نۇسرەت دېگەن بىر يالاڭتۆش، شاھلىق سەلتەنەتى-
مىزگە نۇقسان يەتكۈزۈپ، ئۆز ئالدىغا قانۇن تۈزۈپ چىقى-
رىپ، ئوردا تەشكىل قىلىپ، خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرى-
نى بىر تەرەپ قىلىپ يۈرۈپتۇ... بۇ ئەبلەخ دەرھال مېنىڭ
ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈلسۇن! ئىشىكتىن كىرسىمۇ، كىرمىسىمۇ
كاللىسىنى ئالىمەن، ئالدى بىلەن كىرسىمۇ، كەينى بىلەن
كىرسىمۇ كاللىسىنى ئالىمەن، بىر سوئالىمغا ئىككى ئېغىز
جاۋاب بەرسىمۇ، بەرمىسىمۇ كاللىسىنى ئالىمەن، — دەپ
جار سېلىپ، نۇسرەتكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

نۇسرەت شاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
ئۆزىنىڭ دوست - ئاغىنىلىرىنى باشلاپ، شاھنىڭ ئالدىغا
كەپتۇ - دە، ئوردا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدىن بىر پۇتىنى
كىرگۈزۈپ، بىر پۇتىنى كىرگۈزمەي، پادىشاھقا ئالدىنىمۇ
قىلماي، كەينىنىمۇ قىلماي، يانتۇ ھالەتتە تۇرۇپ سالام
بېرىپتۇ.

مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇلارنىڭ بوي - تۇرقى، رەڭگى -
رويىلا ئەمەس، ھەتتا بىر تال چېچىمۇ پەرقلەنمەيدىكەن.

نۇسرەت بۇ مەسىلىنى شەھەر پادىشاھىنىڭ ئەمەل-
دارلىرى ۋە شەھەر مۆتىۋەرلىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى
تەكلىپ قىلىپ ھەل قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

— بۇ مەسىلىگە ھەر بىرلىرىڭنىڭ كۆز قاراشلىرى
قانداقكىن؟ — دەپ سوراپتۇ يىغىلغانلاردىن. لېكىن، ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدىن ھېچكىم ئېغىز ئاچالماپتۇ. يەنە نۇسرەتنىڭ
بىر تەرەپ قىلىشىغا قاپتۇ.

— سەن سىركىنى قايسى دۇكاندىن ئالدىڭ؟ — دەپ
سوراپتۇ نۇسرەت مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كىرىشىپ.

تۆت كوچىدىكى سىركىچى ئايالدىن، — دەپتۇ بالى-
لارنىڭ بىرى.

— سەن قايسى دۇكانغا بارغان ئىدىڭ؟ — يەنە سو-
راپتۇ نۇسرەت قورۇق قايتىپ كەلگەن بالىدىن.

— تۆت كوچىدىكى دۇكانغا بارسام سىركە يوق ئىكەن،
قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ سىركە ئېلىپ كېلەلمىگەن بالا.

نۇسرەت بىر نەرسىنى سەل پەملەپ قاپتۇ - دە، سىركە
بار بوتۇلكا بىلەن قورۇق بوتۇلكىنى يەرگە قويۇپ تۇرۇپ:

— قېنى، قايسىڭلار بۇ ئادەمنىڭ بولساڭلار،
مۇشۇ قورۇق بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە كىرىڭلار! — دەپ
بۇيرۇق قىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بالىلارنىڭ بىرى ھودۇقۇپ نېمە
قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. يەنە بىرى ئالمان - تالمان
يەڭلىرىنى شىمايلاپ، بىرلا شۇڭغۇپ بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە
كىرىپ كېتىپتۇ.

بوتۇلكىغا ھېلىقى بالا كىرىپ بولغاندىن كېيىن:

— بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېتىڭلار، — دەپتۇ ياساۋۇللارغا

ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ:

ــ بارىكاللا ئوغلۇم، ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يېتىپسەن. سەن ياش بولساڭمۇ ئەل ـ يۇرتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىشىڭغا كۆزۈم يەتتى. سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئەلگە ئادالەت ۋە سائادەت يولىنى ئاچ-قىن، ــ دەپتۇ ـ دە، نۇسرەتتى ئۆز قولى بىلەن شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا تاج كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ.

ئەتراپتىكى ھەممەيلەن نۇسرەتنىڭ تەختكە چىقىشىنى نەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، نۇسرەت شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشقا ماقۇل بوپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نۇسرەت شاھ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلققە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈش يولىدا ئادىل-لىق بىلەن يۇرت سورىغانىكەن ...

— ھەي بى ھۆرمەت، شاھ ھۇزۇرىغا بۇنداق ئەدەب-
لىك بىلەن كىرىشنى ساڭا كىم ئۆگەتتى!؟ — ۋارقىراپ
راپتۇ شەھەر پادىشاھسى.

— ھۆكۈملىرى ...، — دەپ بىر ئېغىز سۆز بىلەن
جاۋاب بېرىپتۇ نۇسرەت دادىللىق بىلەن.

شاھ ئۆز ھۆكمىنىڭ خاتالىقىنى دەرھال سېزىۋاپتۇ

— مەن سەندىن بىر سوئال سوراپ كۆرەي، ش
تاجۇ - تەختىنىڭ راۋاجلىنىشى نېمىدىن؟ — دەپ سوراپ
شاھ.

— ئادالەتتىن ...، — بىر سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرىپ
نۇسرەت.

شەھەر شاھى ئىچىدە «بارىكاللا!» دەپ قويۇپتۇ.

— يەنە بىر سوئال، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنىڭ مەنبەئى
نېمە؟

— زۇلۇم ۋە جاھالەت.

— بايان قىل! يەنە تەلەپ قىپتۇ شاھ نۇسرەتنىڭ
جاۋابىدىن تېخىمۇ قانائەتلىنىپ.

— ھۆكۈم بار، — دەپتۇ نۇسرەت شاھنىڭ ھۆكۈمىنى
يادىغا سېلىپ.

شاھ ھۆكۈمنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

— شاھلىق سەلتەنەتىنىڭ راۋاج تېپىشى، گۈللەپ -
ياشنىشى — خەلققە بەخت - سائادەت كەلتۈرۈپ، ئادىللىق
بىلەن ھۆكۈم بېجىرىشتە. ھەر قانداق بىر شاھ قانچىلىك
سەلتەنەتلىك ۋە قۇدرەتلىك بولمىسۇن، ئۆز ھۆكمىنى
خەلققە زۇلۇم قىلىش بىلەن باشلاپ، جاھالەت پاتقىقىغا
پاتسا، شۇ شاھنىڭ زاۋال تېپىش ۋاقتى تېز بولىدۇ، —
دەپ بايان قىلىپتۇ نۇسرەت.

شەھەر شاھى شاھلىق تەختىدىن چۈشۈپ، نۇسرەتنىڭ

ساۋابىغا ھېچنېمە يەتمەيدۇ. ھەج قىلىپ يانسىلا، ئىنشائاللا خۇداۋەندى كېرىم گۇناھلىرىنى ساقىت قىلىپ، ھەر ئىككىلا ئالەمنى سىلىگە يورۇق قىلغاي، — دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ قاسىماخۇن سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. تەييارلىقلار پۈتۈشكە ئاز قالغاندا، ئۇ يەنە قازى بىلەن كۆرۈشۈپ سوراپتۇ:

— سەپەرىمدە بىر نازۇك مۇشكۇلات تۇرىدۇ؟

— ئېيتسىلا، ھەر نېچۇك مۇشكۇلات بولسا، مەن — پېقىر كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قارىشىپ بېرەي، — دەپتۇ قازى.

— ئۇ بولسىمۇ، ئۆزلىرىگە ئايانكى، — دەپتۇ سودىگەر، — بالىلىرىمنىڭ ئانىسى يوق. مەن بولسام ئوغلۇم بىلەن سەپەر قىلماقچى، قىزىم پەزىلەتخاننى بىللە ئېلىپ يۈرۈش بىمەپ. شۇڭا، ئۆزلىرىدەك ئۆلىما زاتنى مەن سەپەردىن يانغۇچە قىزىمغا ئاتىدارچىلىق قىلارمىكىن، دېگەن نىيەتتە بولغانتىم.

قازى ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قاسساپ يۈك - تاقلىرىنى تېڭىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى كولاپ ئېلىپ، قازىغىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بېرىپ يولغا چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پەزىلەتخان قازىنىڭ ئۆيىدە قاپتۇ.

پەزىلەتخان بەدەنلىرى قاش تېشىدەك سۈزۈك، چىرايى قىزارغان ئالمىدەك رەڭدار، ئاۋازى بۇلبۇلنىڭكىدەك خۇش-خۇي، كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئاغزى ئويماقتەك، ئۆزى زېرەك بىر قىز ئىكەن. ماڭسا، ئۇنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى يىپەكتەك ئەۋرىشىم بويلىرىغا چىرمىشىپ، تاپىنىنى يۆگەپ تۇرىدىكەن.

قازى پەزىلەتخاننى كۆرۈشى بىلەنلا ئىچىگە ئوت چۈ-شۈپ، كۆكسىگە چۈشكەن ئاق ساقىلى كۆيۈپ تۈتۈنگە

# ۋىجدانلىق مەلىكە

قەدىمكى زاماندا قاسىماخۇن دېگەن بىر قاساپ ئۆتـ
كەنىكەن، ئۇنىڭ ئابدۇللا ۋە پەزىلەتخان ئىسىملىك ئىككى
بالىسى بار ئىكەن. قاسىماخۇن قاساپلىق قىلىپ يۈرگەن
كۈنلىرىدە، ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىپ، بەزىلىرىگە
ياغ بىلەن پەش، بەزىلىرىگە گۆش بىلەن بەز سېتىپ
بېيىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاسىماخۇن يامان بىر چۈش كۆرۈپـ
تۇ. ئەتىسى ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، ئۇيان ئويلاپتۇ،
بۇيان ئويلاپتۇ. ئاخىر ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بولـ
غان قازاخۇنۇمنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىپتۇ ۋە سۆز
ئارىسىدا:

— قازاخۇنۇم، تۈنۈگۈن ئاخشام بىر غەلىتە چۈش
كۆرۈپ قالدىم، بۇ چۈشۈمگە بىر دانا تەبىر بېرىپ، مەن
گۇناھكارنىڭ كۆڭلىنى يورۇتار دېگەن ئوي بىلەن ئۆزلىرىنى
ئاۋارە قىلغانتىم، — دەپ، چۈشىنىڭ تەپسىلاتىنى ئېيتىپ
بېرىپتۇ. قازى:

— ھەي قاسىماخۇن، سىلىنىڭ بۇ كۆرگەن چۈشلىرى
يامانلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇ، گۇناھلىرىنىڭ تاغدىنمۇ
ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر، — دەپتۇ. قاسىماخۇن
قازىدىن:

— شەرىئەتتە بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بار-
مىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قازى:

— ئەلۋەتتە بار، مەنچە بولغاندا ھەج قىلىشىنىڭ

قاپتۇ، قىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قېچىپ چىقىپ، ئۆز هۇجرىسىغا كىرىۋاپتۇ.

شۇ كۈنىلا قازى قىزىنىڭ دادىسىغا: «قىزىڭىز سىز كەتكەندىن كېيىنلا يولدىن چىقىپ، نامىڭىزنى بۇلغاشقا باشلىدى. ئاتا ئورنىدا تۇرۇپ نەسىھەت قىلسام، مېنى هاقارەتلەپ، هەتتا بېشىمنىمۇ ياردى. شۇڭا، قىزىڭىزنى ئۆز قولىڭىزغا ئېلىڭ ...» دەپ خەت يېزىپ، كارۋانلاردىن ماڭدۇرۇۋېتىپتۇ. خەتنى يول ئۈستىدە تاپشۇرۇۋالغان قاسساپ غەزەپكە كەپتۇ هەم ئوغلى ئابدۇللانى قەسەم ئىچكۈزۈپ، پەزىلەتنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

ئابدۇللا كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. سىڭلىسىنى كۆرۈپ، يىغىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا سىڭلىسىغا:

— دادامنىڭ ئالدىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن بولساممۇ، لېكىن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارمىدى. بۇ يۇرتتىن بېشىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەت. ئاللەمنىڭ ئېتىكى كەڭ، — دەپتۇ.

ئابدۇللا سىڭلىسىنى قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ئېلىپ، يەنە دادىسىنىڭ يېنىغا يېنىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پەزىلەتخاندىن ئاڭلايلى:

پەزىلەتخان قەلەندەرچە كىيىنىپ، شەھەردىن چىققاندىن كېيىن، دەريانى بويلاپ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. سۇلارنى كېچىپتۇ، چۆللەرنى كېزىپتۇ، دۆڭلەردىن ئېشىپتۇ، ئاخىر ئادەمزاتتىنمۇ، گىياھدىنمۇ ئەسەر بولمىغان قۇملۇققا كىرىپ قاپتۇ. ئۇيان مېڭىپتۇ، بۇيان مېڭىپتۇ، بۇ يەردىن هېچقانداق قىلىپ چىقىپ كېتەلمەپتۇ.

ئايلىنىپ كەتكەندەك بوپتۇ. پەزىلەتخاننىڭ ئەتراپىدا پەرۋا-
نىدەك ئايلىنىپ، پەيت كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ-
تۇ. پەزىلەتخان قازىنىڭ كۆزلىرىدىكى شەھۋانىيەت ئۇچقۇن-
لىرىنىڭ كۈندىن — كۈنگە يالقۇنجاپ كېتىپ بارغانلىقىنى
كۆرۈپ قورقىدىكەن، كېچە — كېچىلىرى ئاتا — ئانىسىنى،
ئاكىسىنى ئەسلەپ زار — زار يىغلاپ چىقىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى قازىنىڭ ئۆي
ئىچىنى چايغا چىللاپتۇ. پەزىلەتخانمۇ مېھمانغا تەييارلى-
نىپتۇ. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈسى كەلمىگەن قازى
پەزىلەتخانغا:

— سىز كىشىنىڭ ئامانىتى، چايغا بېرىشىڭىزنى ماقۇل
كۆرمەيمەن، — دەپ رۇخسەت قىلماپتۇ. قىز نائىلاج ئۆيدە
قاپتۇ.

چۈشكە يېقىن قازى پەزىلەتخاننى قىچقىرىپ:

— ئۆيدىكىلەر كەلمىدى، سىز ماڭا تەرەتكە سۇ تەي-
يارلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

قىز ئاپتۇۋىغا سۇ ئېلىپ كەلگەنىكەن، قازى ئاپتۇۋىغا
قول ئۇزارتقان بولۇپ، قىزنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپ
تۇتۇۋېلىپ:

— مېنى قىينىماڭ، — دەپتۇ پەزىلەتخان:

— سىلى دادامنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، بۇ ئىشلىرى
پەقەت توغرا ئەمەس، — دېسە، قازى:

— ھازىر ماڭا ئۇنداق گەپنىڭ كېرىكى يوق. مەن
سىزنى ئاران قولغا چۈشۈردۈم، — دەپ پەزىلەتخانغا تېخى-
مۇ يېقىنلاشىپتۇ.

ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولغان پەزىلەتخان ئاپتۇۋا
بىلەن قازىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرغانىكەن، قازىنىڭ
پېشانىسى يېرىلىپتۇ. قازى پېشانىسىنى تۇتۇپلا

ئۇنىڭ بىر قانچە خوتۇنلىرى بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن.

ئارىدىن يەنە بىر قانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى پەزىلەتخان كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن راۋاقتا چىقىپ ئەتراپىغا قاراپتىكەن، يىراقتا كېتىۋاتقان كارۋانلارنى كۆرۈپتۇ ۋە ئاتىسىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. پەزىلەتخان راۋاقتىن چۈشكەندە، پادىشاھ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ:

— نېمە ئۈچۈن يىغلىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سىزگە چۈشكىلى بىر قانچە يىللار بولدى. سىز بىر قېتىممۇ مېنىڭ ئاتامنى ئەسلىمىدىڭىز. ئاتامنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ، يىغلايدىغان ئىش ئەمەس، ئەگەر ئاتا - ئانىڭىزنى كۆرگىڭىز كەلسە، مەن سىزنى سەلتەنەت بىلەن يولغا سالىمەن، — دەپتۇ ۋە ۋەزىرىنى مەلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىدىغان لەشكەرلەرگە باش قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆز يۇرتىغا يولغا ساپتۇ.

بۇلار بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، بىر كۈنى بىر قونالغۇغا كېلىپ قونۇپتۇ. قاتتىق چارچىغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ۋەزىر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پەزىلەتخاننىڭ چېدىرىغا كىرىپتۇ. پەزىلەتخان ئىككى ئوغلىنى يېنىغا ئېلىپ ياتقانىكەن. ۋەزىر پەزىلەتخانغا:

— سىزنى پادىشاھ بىلەن ئىككىمىز بىرلىكتە تاپقانىدۇق. مېنىڭمۇ سىزدە ھەققىم بار. شۇڭا بۈگۈن بىر كېچە ئىككىمىز بىللە ياتساق، — دەپتۇ.

پەزىلەتخان رەت قىپتۇ. ۋەزىر يەنە تەكلىپىنى قويۇپتۇ، ئەگەر يەنە رەت قىلسا ئىككىلا ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پەزىلەتخان يەنىلا ئۇنىماپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى چېپىۋېتىپتۇ. چوڭقۇر قايغۇغا چۈككەن

قىز ئۇسسۇزلۇق ھەم ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ «ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ، بىر قۇم دۆڭىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزىنى قۇمغا تاشلاپتۇ، يىغلا - يىغلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا باشقا بىر يۇرتنىڭ پادىشاھى ۋەزىرى بىلەن شىكارغا چىققانىكەن. ئۇ، كېتىۋاتسا قولىدىكى قۇش ئۇچۇشقا تەلپۈنۈپتۇ. پادىشاھ ئەتراپىغا قاراپ، ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرمەپتۇ. قۇش بولسا، ھەدەپ ئۇچۇشقا تەلپۈنگۈدەك. بۇنى كۆرگەن ئەتراپىدىكىلەر:

— پادىشاھىم، قۇشنى قويۇۋېتەيلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ قولىدىكى قۇشنى قويۇۋېتىپتۇ. قۇش تىك ئۆرلەپ، ئاندىن يىراقتىكى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. پادىشاھ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، قۇشنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس بىر قىز ھوشسىز ياتقۇدەك. پەرىزلەتخاننىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولغان پادىشاھ:

— سىز پەرىزاتمۇ ياكى ئادەممۇ؟ بۇ يەرگە نەدىن كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە قىيامەتلىك يولداش بولاي، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە پەرىزلەتخاننى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ بېرىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ نىكاھىغا ئاپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەي پەرىزلەتخان يەڭگىپتۇ. تۇغقان بالىسى قوشكېزەك بولۇپ، ئايدەك بىر جۈپ ئوغۇل ئىكەن. پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ، ئەسلىدە

ھەيدىسىمۇ سۇ تەرەپكە يېقىن كەلمەپتۇ، ئاخىر قويچى كۆلنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا كۆلنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم تۇرغۇدەك، قويچى كۆيۈمچانلىق بىلەن:

— ھەي ئادەم، سۇدىن چىقىڭ، قويلار ئۈچ كۈندىن بېرى سۇ ئىچمىگەن. ئەگەر سىز ئەر كىشى بولسىڭىز، مېنىڭ جان دوستۇم بولىسىز، ئەگەر ئايال كىشى بولسىڭىز، مېنىڭ قىيامەتلىك سىڭلىم بولىسىز، ئۇنداق قىلماي سۇدىن چىقىڭ، — دەپتۇ. پەزىلەتخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇدىن چىقىپتۇ. قويچى ئۆز ۋەدىسى بويىچە «سىز مېنىڭ ھەقىقىي قىيامەتلىك سىڭلىم بولىسىز» دەپتۇ. قويلار قانغۇچە سۇ ئىچىپتۇ. پەزىلەتخان ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى قويچىغا بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى ئاكا-سىڭىل بولۇپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. بۇ قويچىنىڭ بېقىۋاتقان قويلىرى پەزىلەتخاننىڭ دادىسىنىڭ قويلىرىكەن.

ئەمدى گەپنى پەزىلەتخاننىڭ دادىسىدىن ئاڭلايلى:

قاسىماخۇن بىر يىلدىن كېيىن ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەپتۇ، لېكىن قىزىنىڭ قايغۇسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھەرە چاققاندەك ئازابلىغاچقا، كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇماپتۇ، كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەي ئاپئاق تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. بېرىپ-بېرىپ ئەس ھوشىنىمۇ يوقىتىپ قويۇپتۇ. شۇڭا ئۇ، قاساپلىقتا ئوغلى ئابدۇللانى قويۇپ ئۆزى چوڭ بىر كارۋان سارايىنى بىنا قىلىپ، ئۇياق-بۇياقتىن كەلگەنلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، قىزىنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپتۇ.

بىر كۈنى بۇ سارايغا چوڭ بىر كارۋان كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ كارۋان سودىگەرچە ياسىنىپ پەزىلەتخاننى ئىزلەپ يۈرگەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىكەن. قاسىماخۇن كەچتە

پەزىلەتخان ئاخىر:

— بۈگۈن كېچىنى ئىككى ئوغلۇمنىڭ ماتەمى بىلە ئۆتكۈزەي، ئەتىگە مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولاي، — دەپتۇ.

ۋەزىر نائىلاج «ماقۇل» دەپ قايتىپ چىقىپ ئۇخلاپتۇ. پەزىلەتخان ئىككى ئوغلىنى چېدىرنىڭ ئىچىگە كۆمۈپ، ئۆزى ئەرەنچە ياسىنىۋېلىپ قېچىپتۇ. ۋەزىر ئەتىسى پەزىلەتخاننىڭ چېدىرىغا كىشى كىرگۈزسە، ئۇنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولۇپتۇ. تەرەپ - تەرەپكە لەشكەرلەرنى چاپتۇرۇپ ئىزلەپ تاپالماي، ئاخىر ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپتۇ. ۋەزىر ئۆز يۇرتىغا يېتىپ بېرىپ پادىشاھقا:

— سىزنىڭ ئايالىڭىز كېچىدە ئىككى بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتتى، ئىزلەپ تاپالمىدۇق، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، پەزىلەتخاننىڭ دەردىدە روھى چۈشۈپتۇ. ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچالماپتۇ. ئاخىر سودىگەرچە ياسىنىپ، پەزىلەتخاننى ئىزلەپ يۇرتمۇ يۇرت كېزىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پەزىلەتخاندىن ئاڭلايلى: مەلىكە شۇ قاراڭغۇ كېچىدە قېچىپ تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. تاغنىڭ ئەتراپىغا قارىسا بىر قويچى قوي بېقىپ يۈرۈپتۇ، تاغنىڭ تۈۋىدە بولسا بىر چوڭ كۆل تۇرغۇدەك. پەزىلەتخان بۇنى كۆرۈپ: «دادامنىڭ دوستىدىنمۇ، پادىشاھنىڭ ۋەزىرىدىنمۇ ماڭا ۋاپا كەلمىدى، ئەمدى قويچىدىن ئەسلا ۋاپا كەلمەيدۇ» دەپ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى ھېلىقى كۆلگە تاشلاپتۇ، كۆل چوڭقۇر بولمىغانلىقتىن چۆكمەپتۇ. ھېلىقى قويچى قويلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە ھەيدەپ ئەكەلگەنىكەن. قويلار بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ كۆلگە يېقىن كەلمەي تۇرۇۋاپتۇ. قانچە

پەزىلەتخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ ئىككى ئوغلىنى ۋەزىرنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەن يېرىگە كەلگەندە، كارۋان بېشى — پادىشاھمۇ يىغلاپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتۇ. پادىشاھ بىلەن پەزىلەتخان تېپىشىپتۇ. ئەتىسى يۇرت - جامائەت بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، قازىنى تاش بوران قىپتۇ.

بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ سۆيۈملۈك ئايالى پەزىلەتخاننى، ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسىنى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ۋەزىرنى دارغا ئېسىشقا پەرمان قىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلار قايتىدىن تېپىشىپ، خاتىرجەم ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن.

ئادىتى بويىچە كارۋان بېشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ هال - ئەھ-
ۋال سوراپتۇ. بۇ ئىككى دەردمەن دەرهال بىر - بىرىگە
يېقىپتۇ. قاسىماخۇن دەررۇ تۇتۇش قىلىپ كارۋان بېشىغا
كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە بىر پەس
مۇڭداشقاندىن كېيىن، كارۋان بېشى:

— شەھەرلەردە كۆكسىدە ئوتى، يۈرىكىدە مۇڭى بار
كىشى بولسا چاقىرسىلا، ئەمدى ئۇنىڭدىن بىر ئاز گەپ ئاڭ-
لىساق، — دەپتۇ.

قاسىماخۇن تەرەپ - تەرەپكە ئادەم چىقىرىپ، گەپچى،
ھېكايىچى دېگەنلەرنى يىغىپ كەپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەر-
سىمۇ گەپلىرى كارۋان بېشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچالماپتۇ.
مۇشۇ زىياپەت ئۈچۈن قوي ئەكىرگەن قويچى بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاپ:

— مەن بىر ھېكايە ئېيتىپ باقسام، ئەگەر ھېكايەم
ياراپ قېلىپ كارۋان بېشىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب
ئەمەس، — دەپتۇ.

قاسىماخۇن ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت قىپتۇ.

— ئاڭلىغانلى ئېيتايمۇ، كۆرگەننىمۇ؟ — دەپتۇ قويچى.

— كۆرگىنىمنى ئېيت، — دەپتۇ كارۋان بېشى.

قويچى بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ،
ئۆز شەھىرىدىن قېچىپ چىققان يېرىگە كەلگەندە يىغلاپ
تاشلاپتۇ. ئەسلىدە بۇ قويچى قويچىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋال-
غان پەزىلەتخانىكەن. شۇنىڭ بىلەن قاسىماخۇن بۇ قويچىنىڭ
ئۆز قىزى پەزىلەتخان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قۇچاقلاپ يىغلاپ
كېتىپتۇ. سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كار-
ۋان بېشى ئالدىراپ:

— هاجىم، سەۋر قىلسىلا، بۇ ئايالنىڭ گېپى تېخى
تۈگىمىدى، قېنى ئاخىرىنى ئاڭلايلى، — دەپتۇ.

پۇلىغا ماڭا بىر قۇتا قىزىل بوياق، بىر قۇتا سېرىق بوياق، بىر قۇتا يېشىل بوياق، ئون تاختا قەغەز ئەكىلىپ بېرىڭ، ئاندىن كېيىن كارامەتنى كۆرىسىز، — دەپتۇ.

بوۋاي بازارغا بېرىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بالا شۇ كېچىسى تۈن بويى ئولتۇرۇپ گۈل ياساپتۇ. تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا دادىسىغا:

— دادا، ھازىر قولىڭىزغا تۇۋلىغا سۈپۈرگە بىلەن چېلەكنى ھەم مۇنۇ گۈللەرنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئوردىسىنىڭ ئالدىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، گۈللەرنى دەرۋازىنىڭ بېشىغا قاداپ قويۇپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

يانتاقچى بوۋاي بۇ ئىشنى دېگەندەك ئورۇنلاپ قايتىپ كەپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پادىشاھ تالاغا چىققۇدەك بولسا، دەرۋازىنىڭ بېشىدا چىرايلىق گۈللەر ھەم چېچىپ تۇرغان، قارىسا ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى نۇرلىنىپ كەتكەن. پادىشاھنىڭ بۇنىڭغا ئەقلى ھەيران بولۇپ، «ۋاھ، بۇ نېمە ئىش؟» دەپ ۋەزىرلىرىنى قىچقارتىپتۇ. ۋەزىرلىرىمۇ ھەيران بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ يۇرتتىكى جىمى ئادەمنى يىغىپ سوراپتۇ. ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. پادىشاھ خەلققە يالۋۇرۇپ:

— ۋاي خەلقىم، بونداق ئىش زامان - زاماندىن بېرى بولمىغان، بۇ، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلگەن ياخشىلىق. ئېيتىپ بېرىڭلار، كىمىكى ئېيتىپ بەرسە، شۇ ئادەمگە ۋەزىرلىك ئەمەل بېرىمەن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا يىغىلغان خەلقنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم سەكرەپ قوپۇپ:

— يانتاقچى بوۋاي تاڭ يورۇي دېگەندە مۇشۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، — دەپتۇ.

# يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

بۇرۇنقى زاماندا يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، يۈز - كۆزىنى قورۇق باسقان، ساقال - بۇرۇتى ئاپئاق بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ بوۋاي يەتتە يېشىدىن تارتىپ باياۋاندىن يانتاق چېپىپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ جان باقىدىكەن، بۇ بوۋاينىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. يانتاقچى بوۋاي يانتاق سېتىپ تاپقان پۇلىغا بالىسىنى ئوقۇتۇپتۇ. بالىسى مەدرىسلەرنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسىغا: «دادام مېنى ئەمدى ئۆيلەپ قويسۇن» دەپ كىشى قويۇپتۇ. بوۋايمۇ «كېلىن كۆرىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشال بولۇپ، كەلگەن كىشىدىن:

— ئوغلۇم كىمنى ئالىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇ شەھەردىكى پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزىنى ئالمەن دەيدۇ، — دەپتۇ كەلگەن كىشى.

بوۋاي «بالام نېمە دەيدىغاندۇ؟ بىز گاداي قۇرساق، ئۇ پادىشاھ تۇرسا، بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپ ......» دەپ بالىسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرىپتۇ.

بالا بوۋاينىڭ چىرايىدىن «بولمايدۇ» دېگەن مەنىنى ئۇقۇپ، دادىسى گەپ سورىغىچە:

— دادا، غەم قىلماڭ، پادىشاھقا بىز تەڭ كېلەلەيمىز، — دەپتۇ.

بوۋاي تەڭقىسلىقتا قېلىپ:

— قانداق تەڭ كېلىمىز؟ — دەپتۇ. بالىسى:

— ئەتە يانتىقىڭىزنى بازارغا ئېلىپ كىرىپ سېتىپ،

دەم ساپتىكەن، دادىسى تىرىلىپ، دارنىڭ ئارغامچىلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. دادىسى خۇشال بولۇپ، بالىسى بىلەن ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن بالا دادىسىغا:

— ۋاي دادا، بۈگۈن بازارغا يەنە يانتاق ئەكىرىپ سېتىپ، ئۆتكەن قېتىمدىكىدەك بەبىاقە، قەغەزلەرنى ئىلىپ چىقمىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي تېخىمۇ ئوبدانراق قەغەز بىلەن بوياقلارنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بالا شۇ كېچىسى ئاۋۋالقى گۈللەرنىدىنمۇ ئەچچە ھەسسە چىرايلىق ياساپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا دادىسىنى يەنە ئەۋەتىپتۇ. بوۋاي ئوردىنىڭ ئالدىنى ئاۋۋالقىدىن نەچچە ھەسسە پاكىز سۈپۈرۈپ، سۈزۈك سۇلارنى چېچىپ، گۈللەرنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك جايغا ئېسىپ قايتىپ كەپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا پادىشاھ تالاغا چىقسا كۆزلىرىنى گۈللەر چېقىپ، ئوردىنىڭ ئىچى - تېشى پال - پۇل قىلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ سوراپتۇ. ۋەزىرلىرى جاۋاب بېرەلمەپتۇ. خەلقنى چاقىرتىپتۇ. ئاۋۋالقى قېتىم كەلگەن خەلقلەر «پادىشاھ يالغانچى» دېيىشىپ ئازلا بىر قىسىم ئادەم كەپتۇ. پادىشاھ يەنە ھىيلىگەرلىك بىلەن يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا توپنىڭ ئىچىدىن بىرى تۇرۇپ:

— يانتاقچى بوۋاي بۈگۈن سەھەردە مەشەدە يۈرەتتى، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— يانتاقچى بوۋاي ئۆلگەن ئەمەسمۇ! — دەپ ئىشەنمەپتۇ، ھېلىقى ئادەم:

— يانتاقچى بوۋاينى راست كۆردۇم، يالغان ئېيتقان بولسام كۆزۈمنى ئويۇڭ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

پادىشاھ يانتاقچى بوۋاينىڭ ئۆيىگە چاپارمەنلىرىنى

پادىشاھ يىغىلغانلار ئىچىدىن يانتاقچى بوۋاينى ئىز-
لەتكۈزسە، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگەنلىكى ئېنىقلىنىپتۇ.
ئاخىر ئۆيىگە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇللار يان-
تاقچى بوۋاينى ماڭ دېسە ماڭ دەپ قىستاپتۇ. بوۋاي مې-
ڭىشتىن ئاۋۋال ئوغلىغا:

— جېنىم بالام، مېنى پادىشاھ بىكارغا قىچقارمىدى،
ئەمدى مېنى ئۆلتۈرىدۇ. خوش بالام، رازى بولغىن، مېنى
ئۆلتۈرمەكچى بولغان دارنىڭ ئۈستىگە بىر تال ساقىلىمنى
ئىلىپ قويۇپ ئۆلىمەن. سەن شۇ ساقىلىمنى ئېلىپ قورسى-
قىڭدىكى ئىلىمنىڭ كۆچىنى كۆرسىتەرسەن، — دەپ خوش-
لىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، پادىشاھ يۇمشاقلىق
بىلەن سوراپتۇ. بوۋاي «پادىشاھنىڭ بىزگە مېھرى-شەپ-
قىتى بارغا ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ:

— پادىشاھ جانابلىرى، مېنىڭ بىر يالغۇز ئوغلۇم
بار ئىدى، ئۇنى ئوقۇتۇپ ئالىم قىلىپ قويدۇم. ئۇنىڭ
سىزنىڭ قىزىڭىزغا كۆڭلى بار ئىكەن. شۇ ئوغلۇمنىڭ ئار-
زۇسى بىلەن مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغان، — دەپتۇ.

پادىشاھ يانتاقچى بوۋاينىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ «مەن
بىر پادىشاھ تۇرسام، بۇ بىر يالاڭغىداق تۇرسا، مۇشۇنىڭ
بىلەن قۇدا بولارمەنمۇ» دەپ غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ. جاللات-
لىرىنى چاقىرىپ:

— بۇ يالاڭغىداق يانتاقچى بوۋاينى دارغا ئېسىڭ-
لار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

جاللاتلار بوۋاينى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

يانتاقچى بوۋاينىڭ بالىسى دارغا كېلىپ قارىسا،
دادىسى ئېسىقلىق، ساقىلىنىڭ بىر تېلى دارنىڭ تۆپىسىدە
تۇرغۇدەك. بالا دەررۇلا ھېلىقى بىر تال ساقالنى ئېلىپ

ئاستى - ئۈستى ئۈنچە - مەرۋايىتتىن، بوسۇغىسى گۆھەردىن يەتتە قەۋەت ئۆي ياسايسەن. دەريانىڭ سۈيىنى يەتتە گەز قىلىپ ئاقتۇرىسەن. بۇنى 15 كۈندە پۈتتۈرىسەن. شۇ چاغدا ساڭا كېلىنلىككە قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— خوپ بولىدۇ پادىشاھى ئالەم، ئوغلۇم بىلەن مەسلىھەتلىشەي، — دەپ ئورنىدىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ توپتوغرا ئۆيىگە كەپتۇ. بولغان ۋەقەنى بالىسىغا دەپ بېرىپتۇ. بالىسى:

— بىز ئۇنى 15 كۈندە ئەمەس، دادا، ئۈچلا كۈندە پۈتتۈرىۋېتىمىز، پادىشاھقا بېرىپ ئېيتىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە:

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، بىز ئۇنبەش كۈنلۈك مۇددەت بېرىۋىدىڭىز، ئۇنداقتا بەك كېچىكىپ كېتىدىكەن. بالام: «ئۈچ كۈندە پۈتتۈرىۋېتىمىز» دەيدۇ. مۇددەتنى ئۈچ كۈنگە قىسقارتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ.

يانتاقچى بوۋاينىڭ بالىسى غېمىدە يوق ئىككى كۈن بىكار يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنى كىتابىنى ئېچىپ بىر ئوقۇپتىكەن، پادىشاھنىڭ دېگىنىدەك جاي بىنا بوپتۇ.

پادىشاھ شۇ كۈنى سول قول ۋەزىرىنى «قېنى، كۆرۈپ كەلگىن، يانتاقچى بوۋاي سېلىقنى ئورۇندىدىمۇ - يوق؟» دەپ ئەۋەتسە، سول قول ۋەزىرى:

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، سىلى دېگەندىن ئارتۇق قىلىۋېتىپتۇ، — دەپ كەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا ئىشەنمەي، ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. بۇمۇ شۇنداق دەپ كەپتۇ. بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەي، ئۆزى بېرىپ قارىسا، راست، ئۆزى ئېيتقان جاي پۈتكەن ئىكەن.

ئەۋەتسە، يانتاقچى بوۋاي ئۆيىدىكەن. ئۇلار دەررۇلا يانتاقچى بوۋاينىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەككۈزمەي پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. يانتاقچى بوۋاي بىرىنچى قېتىم ئېيتقان سۆزىنى يەنە ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، قۇيقا چېچى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، يەنە دارغا ئاستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ قېتىممۇ يانتاقچى بوۋاي يەنە بىر تال ساقىلىنى دارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. بالىسى كېلىپ دادىسىنىڭ ساقىلىنى ئېلىپ بىر «سۇپ» دەپ دەم ساپتىكەن، شۇ زامان بوۋاي تىرىلىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. بوۋاي بالىسى بىلەن ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. كەلگەندىن كېيىن يەنە گۈل ياساپ شۇ ئىشنى قىپتۇ.

پادىشاھ بۇ قېتىم ئاۋۋالقىدىنمۇ چىرايلىق گۈللەرنى كۆرۈپتۇ. «يانتاقچى بوۋاي ئەۋلىيا ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئويلاپ - ئويلاپ يانتاقچى بوۋايدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ۋەزىرلىرىگە «قانداق قىلىمىز ئەمدى؟» دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— يانتاقچى بوۋاينىڭ ئوغلىغا مەلىكىنى بەرمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ، بېرەيلى، — دەپتۇ. يەنە بىرى:

— توختاڭلار، يانتاقچى بوۋاينى چاقىرىپ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر سېلىق سالايلى. شۇنى قىلالىسا، ئاندىن كېيىن مەلىكىنى بېرەيلى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. يانتاقچى بوۋاينى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ھوي يانتاقچى، سەن مېنىڭ بىلەن قىرىشىپ قالدىڭ، ماقۇل، قىزىمنى بېرەي، ئەمما بىر شەرتىم بار، شۇ شەرتىمنى ئادا قىلسەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— بولىدۇ، قېنى ئېيتسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— مۇشۇ ئوردىنىڭ ئالدىدىكى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا

# ئۈچ مىڭ تىللالىق ئۈچ سۆز

ئۆتكەن زاماندا بىر باي ئادەم ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بىر يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن، دادىسى ئوغلىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «ئوغلۇم مېنىڭدىن كېيىن قالغاندا بىر كىمگە خار بولمىسۇن، بىر ھۈنەر ئۆگىتىپ قوياي» دەپ ئويلاپ، ئوغلىغا مەسلىھەت ساپتۇ.

— سودىگەرچىلىك قىلسام، — دەپتۇ ئوغلى.

دادىسى ئوغلىنى شۇ يۇرتتىكى سودىگەرلەرگە قوشۇپ، مىڭ تىللا بىلەن يولغا ساپتۇ.

ھېلىقى بالا بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر بېكەتكە كەپتۇ. بۇ بېكەتنىڭ ئالدىدا بىر قېرى بوۋاي ئولتۇرغانىكەن، ئۇ، بالىدىن:

— ئوغلۇم، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتام بەرگەن مىڭ تىللا بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىش ئۈچۈن باشقا يۇرتقا كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى بالا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بوۋاي، — مېنىڭ بىر ھېكمەتلىك سۆزۈم بار، مىڭ تىللاغا ساتىمەن، شۇنى ئالغىن، مال - دۇنيا دېگەن تېپىلىدۇ.

«مۇشۇ بوۋاينىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېلىپ ئەقلىمنى ئاشۇراي» دەپ ئويلاپ مىڭ تىللانى بېرىپتۇ، بوۋاي مىڭ تىللانى ئېلىپ:

— بالام، بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي، — دەپتۇ. بالا بۇ سۆزنى ئېلىپ، سودىگەرلەردىن ئايرىلىپ، «مېنىڭ

پادىشاھ ئەمدى ھېچقانداق گەپ قىلماستىن، قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، قىزىنى يانتاقچى بوۋاينىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ.

بىر كۈنى كۈيئوغلىدىن:

— سىز قانداق قىلىپ شۇنچە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتىكەن، كۈيئوغۇل:

— دادام ئۆزى يانتاق سېتىپ قىيىنىلىپ، مېنى ئوقۇتقان، دادامنىڭ پېشانە تەرى بىكار كەتمىسۇن دەپ ياخشى ئوقۇدۇم، ئاخىر مۇشۇنداق ئادەم بولدۇم، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا قايىل قىلىپ «ماڭا ئوخشاش بىلىمسىزلەر پادىشاھ بولغۇچە، مۇشۇنىڭدەك بىلىملىك ئادەم پادىشاھ بولسۇن» دەپ پادىشاھلىقىنى كۈيئوغلىغا بېرىۋېتىپتۇ.

ئوغۇل: « مېنى مۇشۇنداق ياخشى ئادەم قىلغان دادام پادىشاھ بولسۇن» دەپ دادىسىغا بېرىپتۇ.

يانتاقچى بوۋاي پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن يۇرت ئاۋات ۋە مەمۇرىيچىلىكتە ئۆتۈپتۇ.

ھېلىقى بوۋايغا يولۇقۇپتۇ. بوۋاي:
— بالام، يەنە بىر سۆزۈم بار، مېنىڭ تىللا بېرىسەن دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ.
— بوپتۇ ئېيتسىلا، ياخشى سۆز بولسا ئالىمەن، — دەپتۇ بالا.
— بالام، قورقماس ئادەمدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دەپتۇ.
بالا بۇ سۆزنىمۇ مېنىڭ تىللاغا ئېلىپ، دادىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. دادىسى بۇ قېتىممۇ بالىسىنىڭ يەنە مېنىڭ تىللاغا بىر ئېغىز سۆزنى سېتىپ ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان غەزىپى ئۆرلەپ:
— خوتۇنۇڭ بىلەن نېمە قىلساڭ قىل، سەندەك بالام يوق، — دەپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.
بالا نېمە قىلىشىنى بىلمەي، خوتۇنى بىلەن بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەردە ئۇ ئۆزى بىلەن بۇرۇن بىللە سەپەرگە چىققان سودىگەرلەر ئۇچراپتۇ. سودىگەرلەر بالىدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. سودىگەرلەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ: بىزنىڭ سەپىرىمىز ئۇزۇن سەككىز يىللىق سەپەر، بىز بىلەن بىللە بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ، ئاڭغىچە دادىڭىزنىڭ ئاچچىقى يېنىپ قالار، — دەپتۇ.
بالا خوتۇنىغا ئۇزۇن سەككىز يىللىق خىراجەت بېرىپ، سودىگەرلەر بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ.
ئۇلار بىر ئايدەك يول مېڭىپ، بىر قۇملۇق چۆلگە كەپتۇ. بۇ چۆلدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ھەم يەنە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان نۇرغۇن كارۋانلارنى ئۇچرىتىپتۇ. ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرسە، بۇ يەردە بىر

سودام تامام بولدى» دەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بالا شەھەرگە
يېقىن كەلگەندە، دادىسى بالىسى ھەققىدە «ناھايىتى نۇر-
غۇن مال ئېلىپ كېلىۋاتقىدەكمىش» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ
ئالدىغا چىقىپتۇ. بۇ بالىنىڭ نېمە ئەكەلگەنلىكىنى كۆرۈش
ئۈچۈن چىققان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن. بالىسىنىڭ قۇ-
رۇق كەلگەنلىكىنى كۆرگەن دادىسى گەپ قىلماي قايتىپ
كېتىپتۇ. باشقىلار «مېلى ئارقىدا كېلىۋاتقۇدەك» دېيىشىپ
كىرىپ كېتىپتۇ. دادىسى بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن
بالىسىنىڭ نېمە ئەكەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. بالا ھېلىقى مىڭ
تىللاغا ئالغان سۆزنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، دادىسى ئوغلىنىڭ
شۇنچە پۇلنى ئورۇنسىز يوقىتىپ قويغانلىقىغا ئېچىنىپ،
«قانداق قىلسام بولار؟» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يەنە مىڭ
تىللا بېرىپ، ئىككىنچى قېتىم سودىگەرچىلىككە ماڭدۇرۇپتۇ.
بالا بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يەنە ھېلىقى بوۋاي
تۇرغان يەرگە كەپتۇ. بوۋاي بالىغا:
— بالام، ياخشى كەپسەن، يەنە بىر سۆزۈم بار، مىڭ
تىللا بەرسەڭ بۇ سۆزنىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ. بالا:
— ئېيتسىلا، ياخشى سۆز بولسىلا ئالىمەن، — دەپتۇ.
بوۋاي:
— بالام ھەر كىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە ياخشى، —
دەپتۇ.
بالا بوۋاينىڭ بۇ سۆزىگىمۇ مىڭ تىللا بېرىپ، يۇر-
تىغا قايتىپتۇ ۋە دادىسىغا مىڭ تىللاغا يەنە بىر سۆز سې-
تىۋالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى ناھايىتى خاپا بوپتۇ. ئى-
چىدە: «بوپتۇ، ھەرتەم، ھەرتەم — ئۈچ ھەرتەم، دەپتىكەن،
يەنە بىر ھەرتەم ئەۋەتىپ كۆرەي، ئەگەر يەنە شۇنداق
قىلسا، ئاندىن ھەيدىۋېتەي» دەپ ئويلاپتۇ. يەنە مىڭ تىللا
بېرىپ ئۈچىنچى قېتىم يولغا ساپتۇ. بۇ قېتىممۇ بالا يەنە

بىرىمەن، بولمىسا ئۆزۈڭمۇ قايتىپ چىقىپ كېتەلمەيسەن، — دەپتۇ.

— سوراڭ، بىلىشىمچە جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ بالا.

— ماۋۇ پاقا قىز چىرايلىقمۇ ياكى ماۋۇ قىز چىرايلىقمۇ؟ — دەپتۇ موماي.

بالا بىردەم ئويلىنىپ، دەرھال ھېلىقى مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان سۆز يادىغا كەپتۇ-دە:

— ھەر كىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق، — دەپتۇ.

موماي ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، سۇ ئېلىشقا رۇخسەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سۇغا چۈشكەنلەر چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ «مۇشۇ قىز چىرايلىق» دەپتىكەن، موماي پاقىدەك سەت قىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن سۇمۇ بەرمەپتىكەن ھەم ئۆزلىرىنىمۇ ساق قويمىغانىكەن. ئۇ كارۋانلارنىڭ بەرگەن ئىنئاملىرى بىلەن كاتتا بىر سودىگەر بولۇپ قاپتۇ. باشقىلار بىلەن جاھاننى ساياھەت قىلىپ، كۆپ شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، ئون سەككىز يىلدىن كېيىن ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، يېرىم كېچىدە خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئون سەككىز ياشلاردا بىر يىگىت خوتۇنىنىڭ يېنىدا ياتقان، ئۇنىڭ جان - پېنى چىقىپ، قىلىچىنى غىلاپىدىن ئېلىپ، ھېلىقى يىگىتنىڭ بېشىنى كەسمەكچى بولۇپ تەمشىلىپتۇ - دە، دەرھال بوۋاينىڭ «بۇگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي» دېگەن سۆزى يادىغا چۈشۈپتۇ. ئاچچىقىدىن يېنىپ، يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى خوتۇنىدىن:

— مەن 18 يىلدىن بۇيان نورغۇن جەبىر - جاپالارنى تارتىپ كەلسەم، سەن بىر يىگىت بىلەن ياتقىنىڭنى نېمىسى؟ ئەمدى سېنى نېمە قىلاي، ئۆزۈڭ سۆزلە، — دەپتۇ بالا.

— سىز بار ۋاقتتا بويۇمدا قالمىغانمۇ؟ سىز كېتىپ

قۇدۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇرۇپ - تۇرۇپلا سۇ چىقماس بولۇپ قالىدىكەن. كارۋانلار بۇنداق چاغلاردا بىر كىشىنى قۇدۇققا سالىدىكەن، ئەگەر ئۇ كىشى چىقسا، سۇ چىقىدىكەن، بولمىسا سۇ چىقمايدىكەن. بۇ قۇدۇقتىن ئۆتسە، ئۇن كۈندە ئاندىن سۇ بار يەرگە بارىدىكەن. بۇ يەردىن سۇ ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ ماڭمىسا، ھەممە يولۇچىلار قىرىلىدىكەن. شۇڭلاشقا بۇ قۇدۇققا نۇرغۇن كىشىلەر چۈشكەن بولسىمۇ، سۇ تۇزماق، ئادەملەرمۇ قايتىپ چىقماپتۇ.

بالىنىڭ يادىغا بوۋايدىن مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان «قورقماس ئادەمدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن سۆز كەپتۇ - دە، بىللە كەلگەن سودىگەرلەرگە:

— ئۆلسەم بالا - چاقامغا قاراپ قويارسىلەر، ئەگەر ئۆلمىسەم، يولۇچىلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — دەپ قۇدۇققا چۈشمەكچى بوپتۇ. بارلىق كارۋانلار:

— ئەگەر سىز مۇشۇ يەردىن سۇ ئېلىپ چىقسىڭىز، سىزگە كۆپ نەرسە ئىنئام قىلىمىز، — دەپتۇ.

بالا قۇدۇققا چۈشۈپتۇ. قارىسا قۇدۇقتا بىر موماي ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بىر يېنىدا پاقىدەك سەت بىر قىز، يەنە بىر يېنىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن. بالا:

— ئەسسالام موما، — دەپ سالام بېرىپتۇ. موماي بالىنىڭ سالىمىنى ئېلىپ:

— نېمە ئۈچۈن چۈشتۈڭ بالام؟ مەقسىتىڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ.

— بىز يول ئۈستىدىكى كارۋانلار ئىدۇق، كۆپ ئادەملەر ئۇسسۇزلۇقتا قالدى، شۇلارغا سۇ ئالغىلى چۈشتۈم، شۇ كىشىلەرگە رەھىم قىلىپ سۇ بەرسىڭىز، — دەپتۇ بالا. موماي:

— بىر سوئالىم بار، شۇنىڭغا جاۋاب بەرسەڭ سۇ

# ئالتۇن شەمشەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ بىر ئوغلى، ئىككى قىزى بار ئىكەن، بۇ ئادەم كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاغرىپ قاپتۇ، كېسىلى ئېغىرلىشىپ باللىرىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى ئېسىگە كەپتۇ. ئۇ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، كېسىلىم كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ساقايسام بەختىڭلار، ناۋادا ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتسەم، سىلەرگە ئۆگەي ئاناڭلاردىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. قوزۇقتىكى ئالتۇن شەمشەرنى ساڭا مىراس قالدۇردۇم. مەندىن كېيىن قالساڭ ئالتۇن شەمشەرنى ئېلىپ قىبلە تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن سەپەرگە ئاتلانغىن، ساڭا بىرەر نەرسە كېرەك بولسا، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، شەمشەرگە ئەمر قىلساڭ، تىلىگەن نەرسەڭ تەييار بولىدۇ، بۇ بىر. ئىككىنچىدىن، مەن ئۆلگەندە نامىزىمغا ئىككى دىۋانە كېلىدۇ. سىڭىللىرىڭنى شۇ دىۋانىلەرگە بېرىۋەتكىن، — دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئوغلى ناماز كۈنى ئىككى دىۋانىگە ئىككى سىڭلىسىنى بېرىپ، ئۆزى ئالتۇن شەمشەرنى ئېلىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كۆپ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. تاغ - دەريا، ئورمان - جىلغىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر قاقاس چۆلگە كەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرى قالماپتۇ. دەرھال ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئالتۇن شەمشەرگە:

— ماڭا تاماق تەييار بولسۇن، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

تۇغدۇم، ھازىر بۇ بالا 18 ياشقا كىردى، بۇ ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى، — دەپتۇ خوتۇنى.

بالا ئۆزىنىڭ يېڭىلىشقانلىقىنى بىلىپ خوتۇنىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خۇشال - خۇرام ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

غۇنچىدەك، ئىككى مەڭزى ئالمىدەك، ئاغزى ئويماقتەك، كۆزى بۇلاقتەك ئىكەن. ئوغۇل كۆلدىكى قىزنى كۆرۈش بىلەنلا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. كىيىملىرىنىمۇ سالماي كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ، كۆلنى ئاختۇرۇپ قىزنى تاپالماپتۇ، خاپا بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ، يولدا كېتىۋېتىپ ئىزلەپ چىققان بوۋاي بىلەن مومايغا ئۇچراپتۇ.

— ئاھ جېنىم بالام، — دەپتۇ موماي، — نەگە يوقالدىڭ؟ كىيىملىرىڭ نېمانداق ھۆل؟ سېنى كىم سۇغا باستى؟

— ھېچكىم، — دەپتۇ يىگىت ۋە كىيىملىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي:

— بالام، ئۇ پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ كۆلدىكى شولىسى، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، پادىشاھنىڭ شۇ قىزىنى ئالىمەن، سىز شۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ بېقىڭ، — دەپتۇ بالا.

— ۋاي ئوغلۇم، — دەپتۇ موماي، — بىز بىر كەمبەغەل تۇرساق، ئۇ بىر پادىشاھ تۇرسا، قانداق ئەلچىلىككە بارالايمەن؟

— ياق، بارغىن ئانا، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ يىگىت.

موماي نائىلاج رازى بولۇپ، مىڭ مۇشەققەت بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ.

— ھە، قېرى، نېمىگە كەلدىڭ؟ مۇددىئايىڭنى ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ.

— قىزلىرىنى ئوغلۇمغا سوراپ قۇدا بولغىلى كەلدىم، — دەپتۇ موماي. پادىشاھنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتىپتۇ.

— سەن كىم، مەن كىم؟ سەندەك بىر گاداي قانداق قىلىپ مەندەك بىر پادىشاھ بىلەن قۇدا بولالايسەن؟ يوقال

شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئۆزى ھەيران قاپتۇ. دۇنيادىكى تاماقنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن يەتمىش ئىككى خىل غىزا تەييار بوپتۇ. بالا قورسىقىنى تويدۇرۇپ، ئەتراپقا قارىسا، چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن يول تۆپىسىدە بىر كەپە تۇرغۇدەك، كەپىگە كىرسە، كەپىدە بىر بوۋاي بىلەن مومای ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار يولۇچىلارغا نان ساتىدىغان ناۋاي ئىكەن.

— بالا ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ ئىشىكتىن سالام بېرىپ كىرىپتۇ.

— بوۋاي ئۇنى «نان ئالغىلى كەلگەن خېرىدار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋاپتۇ. گەپ ئارىسىدا ئۇ بالىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. بالىمۇ تارتىنماي تۇرماي ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ:

— بىر يېتىممەن، بالىسى يوقفا بالا بولىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي بىلەن مومای پەرزەنتسىز ئىكەن، بۇ بالىنى خۇشاللىق بىلەن بالا قىلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشۈپتۇ.

بىر قانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مومای:

— جۇر ئوغلۇم، سېنى شەھەرگە ئاپىرىپ تاماشا قىلدۇرۇپ كېلەي، — دەپتۇ.

— قويۇڭ ئانا، قېرىغاندا ئاۋارە بولماڭ، شەھەرنى ئۆزۈملا بېرىپ كۆرۈپ كېلەي، — دەپتۇ بالا ۋە شەھەرگە قاراپ راۋان بوپتۇ. چۈش ۋاقتى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. كوچا، رەستىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ بىر كۆلنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. كۆلنىڭ تېگىدە بىر قىز تۇرغۇدەك، ئۇ قىز شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس. بېشى بىر تۇتام

ئېيتىڭ، — دەپتۇ بالا.

ئانا ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— باغ بىلەن ئىمارەت تەييار بولدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ موماينىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي ۋەزىر، ئۆلىمالەرنى ئەگەشتۈرۈپ كۆرگىلى چىقىپتۇ. قارىسا باغ بىلەن ئىمارەت ئۆزىنىڭ دېگىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەن. پادىشاھ ئۆز ۋەدىسىدىن يانالماي چوڭ توي - تاماشا قىلىپ قىزىنى موماي، بوۋاينىڭ بېقىۋالغان ئوغلىغا بېرىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ كۈيئوغلىنى ئوۋغا بىللە چىقىشقا تەكلىپ قىپتۇ.

پادىشاھنىڭ خوتۇنى بولسا، قىزىنى يوقلاپ كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ. قىزى بىلەن تاماشا قىلىپ يۈرۈپ:

— قىزىم، ئېرىڭىزنىڭ نېمە بايلىقى بار ئىكەن، — دەپ سوراپتۇ. ساددا قىزمۇ «ئۆز ئانام» دەپ ئىشىنىپ:

— ئۇنىڭ بارلىق دۇنياسى ئالتۇن شەمشەر ئىكەن، — دەپ ئېيتىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ خوتۇنى شەمشەرنىڭ ئالتۇندىن ئىكەنلىكىگە قىزىقىپ:

— قىزىم، پادىشاھنىڭ ئۆيىگە لايىق نەرسە ئىكەن، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرسۇن، — دەپ شەمشەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ. يولدا پادىشاھنىڭ خوتۇنىغا بىر موماي ئۇچراپتۇ.

— ۋاي خېنىم، — بەش باراۋەر ئالتۇن بېرەي، شۇ قىلىچلىرىنى ماڭا بەرسىلە، — دەپتۇ ھېلىقى موماي، بۇ موماي ئالتۇن شەمشەرنىڭ سىرىنى بىلىدىكەن. پادىشاھنىڭ خوتۇنى شەمشەرنىڭ سىرىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى مومايغا بەش باراۋەر ئالتۇنغا سېتىۋېتىپتۇ. موماي پادىشاھنىڭ

كۆزۈمدىن! — دەپ سارىيىمدىن قوغلىۋېتىپتۇ. موماي يىغلاپ قاقشاپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. يىگىت ئۇنىماي:

— يەنە بېرىڭ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

موماي بالىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئىككىنچى قېتىم يەنە بېرىپتۇ. بۇ نۆۋەت پادىشاھ غەزەپلىنىپ مومايىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇماقچى بولغانىكەن، ئوڭ قول ۋەزىرى مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— قۇدرەتلىك شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر، — «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەننى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ھازىر مومايىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىڭىز ئىناۋىتىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تويلۇقنى بۇ كەمبەغەل مومايىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قىلىپ ئېغىر سېلىڭ. ئىككىنچى ھۇزۇرىڭىزغا ئاياغ باسمايدىغان بولىدۇ.

ۋەزىرنىڭ بۇ مەسلىھەتى پادىشاھقا يېقىپتۇ-دە:

— ئوغلۇڭغا بېرىپ ئېيت، شەھەر تېشىدىكى سايغا ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى جىمى مېۋىلەر بار بىر باغ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالتۇندىن بىر ئۆي سالسۇن، ئاندىن قىزىمنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

موماي ئۆيىگە كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ ۋە يوقسۇلچىلىقتىن زارلاپتۇ.

— غەم قىلماڭ ئانا، پادىشاھنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايمىز، — دەپتۇ بالا.

بالا ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكەت نامازنى ئوقۇپ ئالتۇن شەمشەرگە ئەمىر قىلغانىكەن، بىردەمنىڭ ئىچىدە پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ ئارتۇق باغ بىلەن ئىمارەت تەييار بوپتۇ.

— جان ئانا، باغ تەييار بولدى، پادىشاھقا بېرىپ

سىڭلىسى.

راست دېگەندەك بىر ئازدىن كېيىن جادىگەر قايتىپ كەپتۇ. قىيىناغىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قىزنىڭ ئىلتىماسى بويىچە يىگىتنى باغنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىپتۇ. جادىگەر ئالتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە بېسىپمۇ موماي ئېلىپ قاچقان باغ بىلەن ئىمارەتنى قوغلاپ يېتەلمەپتۇ. كەچ كىرىپ بىر مەنزىلگە كەلگەندە جادىگەر كۈيۈنۈغۇلغا:

— ئۆيۈم يالغۇز قالدى. ئەمدى مەن قايتاي، يەنە بىر كۈن ماڭسىڭىز چوڭ سىڭلىڭىزنىڭ ئېرى ئۇچرايدۇ. شۇ سىزنىڭ بېغىڭىزنى تېپىپ بېرىدۇ، — دەپ قايتىپ كېتىپتۇ.

يىگىت يەنە چۆلدە يالغۇز مېڭىپتۇ، بىر كۈندىن كېيىن، راست دېگەندەك، چۆلدە يەنە بىر ئايال يۈرگۈدەك، قېشىغا كەلسە چوڭ سىڭلىسى ئىكەن. ئۇلار يىغلىشىپ كۆرۈشۈپ مۇڭدىشىپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن چوڭ سىڭلىسىنىڭمۇ جادىگەر ئېرى كېلىپ، يىگىتنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ بىر چوڭ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. يىگىت بىر تاغنى ئېشىپ، ئۇ تەرەپكە قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ بېغى بىلەن ئىمارىتى تۇرغۇدەك، يېقىن كەلسە، مۈشۈكى بىلەن ئىتى چىقىپتۇ، ئۇلار يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سۈركىلىپ ئەركىلەپتۇ.

— بۇ يەرگە سىلەرنى كىم ئەكەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— بىر يەتتە باشلىق يالماۋۇز موماي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىت سۆزگە كېلىپ، — ئۇ بىزگە ۋە خوتۇنۇڭغا ناھايىتى كۆپ ئازاب سالدى، بىزنى ئېلىپ كەتكەن.

— ئالتۇن شەمشەر بولمىسا سىلەرنى قانداق ئېلىپ كېتىمەن؟ — دەپتۇ يىگىت.

خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ شەھەرنىڭ چېتىگە چىققاندا ئالتۇن شەمشەرگە:

— مۇشۇ باغ - ئىمارەتلەرنى ئۇن ئايلىق نېرىدىكى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ بەرگىن، — دەپ ئەمىر قىپتۇ.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئالتۇن شەمشەر باغ بىلەن ئىمارەتنى ئۇن ئايلىق نېرىدىكى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى ئوۋدىن قايتىپ كەلسە، باغ، ئىمارەتلەرى ئورنىدا يوق. بالا:

— ئاھ، دوستۇمدىن ئايرىلىپتىمەن! — دەپ ھۆكىرەپ يىغلاپ، باغ بىلەن خوتۇنىنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. كۆپ جايلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ بىر چۆل - جەزىرىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا چۆلدە بىر ئايال يۈرگۈدەك، نېمىلا بولسا شۇنىڭدىن بىر سوراپ باقاي دەپ قېشىغا كەلسە، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ دىۋانىگە يېرىۋەتكەن كىچىك سىڭلىسى ئىكەن. قېرىنداشلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلىشىپ مۇڭدىشىپتۇ. ئەسلى قىزنى ئېلىپ كەتكەن دىۋانە بىر جادىگەر بولۇپ، ئۇ، بۇ قىزنى نىكاھىغا ئالغانىكەن.

— سىڭلىم، ئېرىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىسى.

— بىر قارا مانانىلىق بوران قەيەردىندۇر گۈزەل بىر باغلىق ئىمارەتنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۆتكەنىدى، ئېرىم شۇنى قوغلاپ كېتىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئاھ! ... — دەپ زارلاپتۇ يىگىت، — شۇ باغ بىلەن ئىمارەت مېنىڭ ئىدى. مەن شۇنى ئىزدەپ ماڭغانىدىم.

— ئۇنداق بولسا، بىر ئازدىن كېيىن ئېرىم قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ، ئالتە ئايلىق يولنى بىر سائەتتە باسىدۇ. سىزنى بېغىڭىز بار يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ، — دەپتۇ،

## ئەپچىلەم

بۇرۇن بىر كىشىنىڭ بىر ئوغلى بولغانىكەن. بۇ بالا كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسى قازا قىلىپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا قاپتۇ. ئىددەت مۇددىتى توشا ـ توشماي ئۆگەي ئانىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، بىر قارا كۆڭۈل ئادەم بىلەن ئېلىپ ـ تېگىشمەكچى بولۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە ھېلىقى ئادەم بۇلارنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. بالا يېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ مەسلىھەتكە چۈشۈپتۇ.

— بۇ ئۆگەي بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئىرىڭگىدىن قالغان بايلىق بىزگە ئوڭچە قالسا! — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

بۇنىڭ بىلەن بۇلار «مازاغوجام» غا چىقىپ قاغاپ ئۆلتۈرۈشكە كېلىشىپتۇ. ئاندىن خوتۇن:

— ئەمىسە، ئەتە قاغاپ، قاغىش تۇتقاندىن كېيىن خەۋەر بېرەي، — دەپتۇ.

ئۇخلىغان بولۇپ ياتقان بالا بۇ گەپلەرنى ئوجۇر-بوجۇرىغىچە ئاڭلىۋاپتۇ.

ئەتىسى ئۆگەي ئانا «مازاغوجام» غا چىقماقچى بولۇپتۇ ـ دە:

— بالام، مەن تۇغقانلارنىڭكىگە بېرىپ كېلەي، سىز ئۆيدىن باشقا يەرگە چىقماڭ، — دەپ جېكىلەپتۇ.

— ماقۇل ئانا، — دەپتۇ بالا چاندۇرماي ۋە ئۆگەي ئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇدۇللاپ «مازاغوجام» غا چىقىپ بىر شام كۆرگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بىردەمدىن

— ئالتۇن شەمشەر يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ياتۇقىنىڭ ئاستىدا، ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئىت-مۇشۇك:

— مەن بېرىپ ئوغرىلاپ ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئالتۇن شەمشەرنى ئوغرىلاپ كەپتۇ. يىگىت ئالتۇن شەمشەرنى ئېلىپ خۇشاللىقىدىن يىغلاپتۇ ۋە:

— سەن نېمىشقا باغنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ بەردىڭ؟ — دەپ ئالتۇن شەمشەرگە ئاچچىقلىنىپتۇ يىگىت.

— مەن ساڭا باقى ئەمەس، كىمنىڭ قولىدا بولسام شۇنىڭغا ئىشلەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالتۇن شەمشەر.

— ئۇنداق بولسا، باغ بىلەن ئىمارەتنى دەرھال ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قويغىن، — دەپتۇ يىگىت.

يىگىت كۆزىنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە باغ بىلەن ئىمارەت ئۆز ئورنىغا كەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بوۋاي، موماي، يىگىت ۋە كېلىن مۇرادلىرىغا يېتىپ، خۇشال-خۇرام ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

— ماقۇل ئانا، — دەپتۇ بالا چاندۇرماي.

ئۆگەي ئانا ئاق قوينى ئۆلتۈرۈپ ھەر كۈنى قازانغا گۆش سېلىپ ئۆزى يېمەي بالىغا يېگۈزگىلى تۇرۇپتۇ. گۆش تۈگەي دېگەندە بالا:

— ئالەم ئاپئاق كۆرۈنىدىغۇ ئانا؟ — دېگەنىكەن، ئۆگەي ئانا خۇشال بولۇپ:

— سىزگە گۆش يېقىپتۇ، ئەمدى بوز قوينى ئۆلتۈرۈپ بېرەيمۇ بالام؟ — دەپتۇ.

— ماقۇل ئانا، — دەپتۇ بالا يەنە.

ئۆگەي ئانا ئەمدى بوز قوينى ئۆلتۈرۈپ بالىغا يېگۈزگىلى تۇرۇپتۇ. بوز قوينىڭ گۆشمۇ تۈگەي دېگەندە بالا:

— ھە ئانا، ئالەم بوزاڭ تۇرىدىغۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆگەي ئانا «ھە، راستىن قارىغۇ بولىدىغان بولدى» دەپ بەك خۇشال بولۇپتۇ ۋە ئالدىراپ:

— ھەيتاڭ بالام، ماڭىغۇ ھېچقانداق كۆرۈنمەيدۇ. ئەمدى قارا قوينى ئۆلتۈرۈپ بېرەيمىكىن؟ سوغىڭىز ئېشىپ كەتكەن بولسا ئوڭلىنارسىز غوجام، — دەپتۇ. بالا رازىلىق بەرگەندىن كېيىن ئۆگەي ئانا قارا قوينى ئۆلتۈرۈپ «ھە بالام يەڭ» دەپ تازا يېگۈزۈپتۇ. ئاخىر گۆشمۇ تۈگەپتۇ. بالا ئەمدى ئۇيان - بۇيان قارىغان بولۇپ:

— ئانا، ئالەم قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتىمغۇ؟ — دەپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۆگەي ئانا «ھە، مانا قارىغۇ بولدى» دەپ ئويلاپتۇ - دە، بالىغا:

— مەن تۇغقانلارنىڭكىگە بېرىپ سىزگە شىپالىق ئېلىپ كېلەي. سىز دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىپ، ئۆينى ساقلاپ ئولتۇرۇڭ غوجام، — دەپتۇ ۋە ھېلىقى پۈتۈشۈپ قويغان ئادەمنىڭكىگە خەۋەر قىلغىلى مېڭىپتۇ.

كېيىن ئۆگەي ئانا چىقىپ:

— مازاغوجام! مازاغوجام! بىر شۇم پېشانە بالام بار، ئۆلتۈرۈپ بەرسىلە! — دەپ يالىنىپ ئۆلۈمىنى تىلەشكە باشلاپتۇ. شام گۆردە بۇنى ئاڭلاپ تۇرغان بالا ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ:

— هوي قېرى، — دەپ ۋارقىرىغانىكەن.

— خوش مازاغوجام، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا تىترەپ تۇرۇپ.

— ئاق قويۇڭ بارمۇ قېرى؟ — دەپتۇ بالا.

— بار، مازاغوجام، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا جاۋاب بېرىپ. بالا:

— ئاق قويۇڭنى ئۆلتۈرۈپ بەرسەڭ، كۆزى ئاقىرىدۇ. بوز قويۇڭ بارمۇ قېرى؟ — دەپتۇ.

— بار مازاغوجام، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ.

— بوز قويۇڭنى ئۆلتۈرۈپ بەرسەڭ، كۆزى بوزىرىدۇ. قارا قويۇڭ بارمۇ قېرى؟ — دەپتۇ بالا يەنە.

— بار، مازاغوجام، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا خۇشال بولۇپ.

— قارا قويۇڭنى ئۆلتۈرۈپ بەرسەڭ، كۆزى قارىغۇ بولىدۇ، قارىغۇ بولغاندىن كېيىن ئۆلگىنى شۇ، — دەپتۇ بالا گەپنى تۈگىتىپ. ئۆگەي ئانىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ:

— ئوبدان، مازاغوجام، ئوبدان! — دەپ قايتا - قايتا دۇئا قىلىپ، ئاندىن يېنىپ كېتىپتۇ.

بالا ئۆگەي ئانىسى كېلىپ بولغۇچە ئۆيگە كېلىۋېلىپ بەخىرامان ئولتۇرۇپتۇ. ئۆگەي ئانىسى ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن يالغان مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ:

— بالىكام، چۆلسىرەپ قالغانسىز، ئاق قوينى ئۆلتۈرۈپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ئېگىسى بولسىمۇ بېرىپ قوتۇلالايلى بۇ قارىغۇدىن، — دەپ خوتۇنغا پىچىرلاپتۇ. ئۆگەي ئانا ئىلاجسىز:

— ئەمىسە، يېرىمى ساڭا قالسۇن، يېرىمىنى مەن ئېلىپ كېتەي، — دەپتۇ. بالا يەنە يىغلىغان بولۇپ:

— ماقۇل ئانا، كەتكىڭىز بولسا مەندە نېمە چارە؟ بىر قويىنى بەرسەم، بىرەر ياخشى كىشى بىر ئاي باقار. بىر كالىنى بەرسەم بىر مەزگىل باقار، جان ئېتەرمەن. بىر خالىس ئادەمنى چاقىرىپ ئايرىۋېلىڭ، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆگەي ئانا ئونبېشى - يۈز بېشلەرنى داخىل قىلىپ: «مانا دادىسىدىن قالغان ئۆي - ۋاقى، بارى يوقىنى ئۆزى ئوغرىغا بەردى، مانا ئالىدىغان قوي، كالىسى. مەن بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن......» دەپ ماللارنىڭ يېرىمىنى بېرىپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە «بۇ قارىغۇ يەنە بېرىۋالمىسۇن» دەپ ھېلىقى ئادەم بىلەن باشقا يۇرتقا كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بالا كۆمۈپ قويغان مال - دۇنيالىرىنى ئېچىپ، ئۆيلىرىنى جابدۇپ، ئۆز يېزىسىدىكى بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇنغا بالا بولۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

بۇ ئەپچىل چارىنى ئاڭلىغان ئەلە - مەلە بالىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ئەپچىلەم» دەپ نام قويۇشۇپتۇ.

بالا ئۆگەي ئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى مەھكەم تاقاپ، ھويلىنى كولاپ، ئۆيدىكى ئالتۇن-كۈمۈش، يوتقان - كۆرپە، ساندۇق - پاندۇق، چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ كۆمۈپ، ئۈستىگە ئوت - چۆپلەرنى يېيىپ، قوتاندىكى ئون - يىگىرمە كالا، قوينى چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۆگەي ئانا ھېلىقى ئادەمنى باشلاپ كەپتۇ - دە، ھويلىنى كۆرۈپ ۋارقىراپ بوغۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بالا:

— ئانا، ئاۋۋال ئۆيگە قارىڭا! نەرسە - كېرەكلەر جايىدا تۇرۇپتىمۇ؟ بىر قانچە ئادەم ئۆيگە بېسىپ كىرىپ نەرسە - كېرەكلەرنى بۇلاشتى. ھويلىدا كالىلار مۆرىشىپ، قويلار مەرىشىپ كېتىشتى. كوچىدىكى بالىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوغرىلار كالا، قويلارنى ھويلىغا قويۇۋېتىپتۇ. مەن بالىلارغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ماللارغا ئوت - چۆپ سالغۇزۇپ بەردىم، — دەپ يىغلىغان بولۇپتۇ. ئۆگەي ئانىسىنىڭ جان - جەھلى چىقىپ، چالۋاقاپ بالىنى: «ئاقچى قارىغۇ، كۆكچى قارىغۇ» دەپ تازا تىللىغاندىن كېيىن:

— ئۆيدىكى بار - يوقنى ئوغرىغا بەرگەندىن كېيىن، سەنمۇ قۇرۇق ئۆيدە جېنىڭنى جان ئەت! مەنمۇ كالا، قويلارنى ئېلىپ بىر يەرگە بېرىپ جان ئېتىمەن، — دەپ ماللارنى ھەيدەپ ماڭماقچى بولۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بالا يالۋۇرغان بولۇپ، ئۆمىلەپ بېرىپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ:

— ھەممىنى ئېلىپ كەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن ئانا؟ ئۆيدە ھېچ نەرسە بولمىسا، مېنى كىم باقىدۇ؟ ياق، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە ماللارنى ھەيدەۋاتقان ھېلىقى ئادەمنى نىشانلاپ گويا كالىنى ئۇرغاندەك «ھوش» دېگىنىچە، قولىدىكى تاياقنى بىر ئاتقانىكەن، تاياق ئۇنىڭ چېكىسىگە قاتتىق تېگىپ، موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ، ئۇ ئادەم پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— نەممە سېنىڭچە بۇ نەرسىنى قانداق تىلىش كېرەك؟
— قانداق قىلاتتىڭ، قىزىڭنى جاڭگالغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىۋېتىپ كېلىسەن، — دەپتۇ خوتۇنى. بىچارە ئوتۇنچى «خەير، بوپتۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەپتىكەن، قىزىم جاڭگالدا ياۋا ئالما تېرىپ كۈنىنى ئۆتكۈزەر» دەپتۇ ئىچى-دە. شۇنىڭ بىلەن قىزىنى يېتىلەپ جاڭگالغا قاراپ مېڭىپ-تۇ. قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئارىسىغا يېتىپمۇ كەپتۇ. بۇ يەر-دە ياۋا ئالما دەرەخلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن.
— جېنىم قىزىم، سەن مۇشۇ يەردە ئالما تېرىپ تۇر-غىن، مەن ئاۋۇ يەردىن ئوتۇن كېسىپ كېلەي، — دەپ قىزىنى ئورمانلىقتا قويۇپ ئۆزى كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ. قىز بۇ يەردە نۇرغۇن ياۋا ئالما، ئۆرۈكلەرنى تې-رىپتۇ، يەنە بىكار ئولتۇرۇشنى خالىماي — ئىككى - ئۈچ يەرگە ئوتۇن، چاۋا دۆۋىلەپتۇ. لېكىن دادىسى كەلمەپتۇ. كۈن ئولتۇراي دەپ قاپتۇ. قىز قولاق سالسا ئويان - بۇ-ياندىن يېغىلىپ كېچىلىرى مۇشۇ ئورماندا تۈنەيدىغان جان-جانىۋار: بۇلبۇل، كاككۇك، شاتۇتى، قارا قۇشقاچ، تورۇلغا... ئوخشاش ئۇچار قۇشلارنىڭ كەچكى بەزمىسى باشلىنىپتۇ. قىز بۇ تاماشىغا قىزىقىپ ئۆز جايىدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاك-غۇچە كۈنمۇ كەچ بوپتۇ، دادىسى يەنىلا كۆرۈنمەپتۇ. بىر-دەمدىن كېيىن بۆرە، يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ هايۋان-لارنىڭ هۆركىرەشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. قىزنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلاپتۇ. بىراق يولنى بىلمىگەچكە ئۇ قاياققا قا-راپ مېڭىشنى بىلەلمەپتۇ. تۆت ئەتراپىغا قارىسا، يىراقتىن پىل - پىل قىلىپ بىر چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ، قىز يو-رۇق كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەپتۇ، بارسا، ئالدىدا بىر كونا ئۆي تۇرغۇدەك. قىز ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئوچاق ئالدىدا بىر موماي داڭقانغا ئوت قالاپ ئولتۇرغانىكەن.

# ھېكمەتلىك ساندۇق

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ چۇتۇچى قاقۋاش بىر خوتۇنى بارىكەن. بۇ ئادەم بۇرۇندىن تارتىپ ئوتۇنچىلىق قىلىدىكەن. ئوتۇنچىنىڭ دۇنيالىقتا ئىككى قىزى بولۇپ، بىرى خوتۇنىغا ئۆگەي ئىكەن. ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئۆز قىزىنى ئالقىنىدا يۆلەپ - پەپىلەپ باقىدىكەن، ئەمما، ئۆگەي قىزىنى كۈندە نەچچە ۋاق تىللاپ، ئۇرۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ئازار بېرىدىكەن. ئۆزى ئىشمۇ قىلماي ھەر كۈنى بىكار يېتىپ ئۇخلايدىكەن، ئۆز قىزى بىلەن بېشىنى بىر يەرگە قىلىۋېلىپ، خەقلەرنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلىپلا ئولتۇرۇشىدىكەن. ئۆگەي قىزى ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، ئەمگەكچان قىز بولۇپ، ئۆينىڭ پۈتۈن ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى دائىم ئاشۇ قىز قىلىدىكەن. ئۆگەي ئانىسى ناننىڭ كۆيۈكىنى، ئاشنىڭ سۇيۇقىنى بەرسىمۇ - بەرمىسىمۇ پەقەت گەپ قىلمايدىكەن. بۇ قىز ئەنە شۇنداق ياۋاش، ساددا ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۆگەي ئانا ھەر كۈنى ئېرى كەچتە ئوتۇن سېتىپ، ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەلسە، بىكاردىن - بىكار:

— قىزىڭ ماڭا يوغانلىق قىلدى، مېنىڭ قىزىمنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەرمىدى، مەن بىلەن تاكاللاشتى. يا بۇ ئۆيدە قىزىڭ بىلەن قال، مەن كېتىمەن. يا بولمىسا، قىزىڭنى بىر يەرگە يوقات، ئاندىن مەن تۇرىمەن ...... بولمىسا كېيمىگىنى ئېيت! — دەپ ياقىسىغا ئېسىلىدىكەن. ئاخىر ئېرى بۇ جېدەل - غەۋغادىن تويۇپ، خوتۇنىدىن سوراپتۇ:

ئۆيدان ھاساپ – چاپدۇپ، بىر ھارۋىغا ئۇلتۇرغۇزۇپ ئۆيـ
گە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. قىزمۇ خۇش بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ
كەپتۇ، دادىسى قىزىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئا-
تىلىق باغرىغا بېسىپ، ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ، لېكىن خو-
تۇلى يەنە ئاۋۋالقىدەكلا «چىك – چىك» كېسىلىگە قاپتۇ.
بۇ چاغدا قىز ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى قىزىل ساندۇق-
نى ئاچقانىكەن، ساندۇق ئىچىدىن چىنە – چىنىدە ھەسەل-
مۇراببا، سۈت – قايماق، شىرنە – شەربەت ... داستىخان-
داستىخانىدا كاكچا، تومنان، گىردە – شىرمان؛ لىگەن – لى-
گەندە بەتتە – پولۇ، مانتا – يۇتازا، ساڭزا – سامبۇسا
چىقىپتۇ. ئارقىدىن توپ – توپى بىلەن شايى – ئەتلەس،
تاۋار – دۇردۇن، دۇخاۋا – مەخمەل؛ ئۇنىڭ كەينىدىن قوش-
لاپ زىلچە – گىلەم، تەڭلىمات، نوقۇت چۈچىلىق كېگىزلەر؛
ئاخىرىدا يەنە چۆگۈن – چەينەك، چىنە – چۆچەك، تارغاق-
سۈزگە، تاش ئەينەك قاتارلىق ئېسىل ماللار چىقىپ ئۆي-
نى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۆگەي ئانا ئولتۇرالماي
قاپتۇ. ئاخىرىدا ئېرىگە ئۆز قىزىنىمۇ جاڭگالغا ئاپىرىپ
تېنىتىپ قويۇپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ.
ئەتىسى دادىسى بۇ قىزىنى يېتىلەپ خۇددى شۇ ئور-
مانغا ئاپىرىپ تېنىتىپ قويۇپ ئۆزى قايتىپ كەپتۇ.
كەچ بوپتۇ. بۇ قىزنىمۇ قورقۇنچ بېسىپتۇ. ئەتراپىغا
قارىسا، يىراقتا بىر چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. شۇنداق قى-
لىپ بۇ قىزمۇ ھېلىقى موماي ئولتۇرغان ئۆيگە كەپتۇ. موماي
بۇ قىزنىمۇ ئوچۇق چىراي قارشى ئاپتۇ. ئەمما بۇ قىز مو-
مايغا سالاممۇ قىلماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ موماي ئۇ قىزنى
ئۆز يېنىدا ئېلىپ قاپتۇ. ئەمما بۇ قىز دائىم بۇتناپ، يىغ-
لاپلا ئولتۇرىدىكەن. مومايىنىڭ ئۆيىنىمۇ سۈپۈرمەيدىكەن،
ئېشىنىمۇ ئېتىپ بەرمەيدىكەن، چېچىنىمۇ تاراپ قويمايدىكەن،

قىز:

— ئەسسالام موما، — دەپتۇ موماي:

— كەل قىزىم، — دەپ ئۇچۇق چىراي قارشى ئاپتۇ
ھەم قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپ-
تۇ. قىز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
موماي:

— يوپتۇ قىزىم، خاپا بولما. مەنمۇ يالغۇز، سەن ماڭا
بالا بول، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قىز مومايىنىڭ يېنىدا
قاپتۇ.

قىز ھەر كۈنى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ ئۆيلەرنى سۇ-
پۇرىدىكەن، سۇ ئەكىرىدىكەن، چاي قاينىتىدىكەن. ئارىلاپ
مومايىنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قويىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى موماي بۇ قىزنى ئۆگزىدىن ئو-
تۇن ئېلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ. قىز ئۆگزىگە چىقىپ ئەت-
راپنى كۆرۈپ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قاپتۇ. كۈنچىقىش تە-
رەپكە قاراپتىكەن، ئۆز ئۆيى كۆرۈنۈپتۇ. قىز ئۆيىنى كۆرۈپ
دادىسىنى ئەسلەپتۇ ـ دە، كۆزلىرىگە ياش كەپتۇ. قىز ئو-
تۇننى ئېلىپ قايتىپ چۈشكەندە، موماي قىزنىڭ كۆزىدە ياش
يۇقىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ قىزىم، يىغلىغان ئوخشىمامسەن؟ —
دەپ سوراپتۇ. قىز:

— ئۆيۈمنى كۆرۈپ، دادامنى سېغىنىپ يىغلىدىم، —
دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ موماي، — ئۆگزىدە بىر
قىزىل ساندۇق بار، شۇنى ئېلىپ چۈش.

قىز ساندۇقنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپتۇ.

— مانا مۇشۇ ئاچقۇچنى مەھكەم تۇت. ساندۇقنى يولدا
ھەرگىز ئاچما. ئۆيۈڭگە بارغاندا ئاچ! — دەپتۇ ۋە قىزنى

# قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، ئاچنىڭ غېمى ئاچلىقتا، توقنىڭ غېمى يوق ئىكەن.

شۇ زامانلاردا بىر يەردە بىر بالا بولۇپتىكەن، ئۇنىڭ ئېتى قۇتلۇق ئىكەن، يۈرىكى ئوتلۇق ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇتلۇقجان چۈش مەزگىلى ئېتىزدىن قايتىپ، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كەلسە، دالان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قارلىغاچنىڭ بالىسى پالاقلاپ ياتقۇدەك. ئاستا قولىغا ئېلىپ قارىسا، بىچارىنىڭ بىر پۇتى سۇنغان، ھالى بەك خاراب، زار - زار يىغلاپ تۇرغان...

قۇتلۇق بۇ قارلىغاچ بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، قاناتلىرىنى سىلاپتۇ، باشلىرىغا سۆيۈپ، كۆزلىرىگە سۇۋاپتۇ. «نېمە بولدى پۇتۇڭ...» دەپ ھالىنى سوراپتۇ. ئاڭغىچە تام - تورۇسلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن ئانا قارلىغاچلار قۇتلۇققا قاراپ:

— ۋاي - ۋاي ئىسىت، ۋىچىر - ۋىچ،
بىلەلمىدۇق سىرنى ھېچ.
ئېيتىڭ بىزگە، قۇتلۇقجان،
نېمە بوپتۇ، نېمە ئى... ش؟ دەپ سايراپتۇ.

قۇتلۇق:

— ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ،
سىلەر يوقتا بۇ بەڭباش،
پېتىشماستىن ئۇۋىدا
مېيىپ بوپتۇ يىقىلغاچ ... — دەپ بولغان

مومای ئىشقا بۇيرۇسا:

— مەن خەقنىڭ دېدىكى ئەمەس، ئۆزلىرى ئېلىپ چۈشسىلە، — دەپ ئولتۇرۇۋالىدىكەن.

بىر كۈنى مومای قىزنى ئۆگزىدىن ئوتۇن ئېلىپ چۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ. قىز مىڭ تەسلىكتە غودۇڭشىپ يۈرۈپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ. ئۇمۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئوتۇنمۇ ئالماي قايتىپ چۈشۈپ:

— ئۆيۈمنى سېغىندىم. كېتىمەن، — دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. مومای:

— ئۇنداق بولسا، ئۆگزىدە بىر ئاق ساندۇق بار، شۇنى ئېلىپ چۈش، — دەپتۇ. قىز ئېلىپ چۈشۈپتۇ، مومای ئۇنىڭغىمۇ بىر ئاچقۇچنى تۇتقۇزۇپ، ئۆيدە ئېچىشنى تاپىلاپ، ساندۇقنى ئۆزىگە كۆتۈرتىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. قىز ئۆيىگە ناھايىتى خۇش بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. قىزنىڭ يوغان بىر ئاق ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئانىسىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. ئاندىن قىزىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي قىزىم، چىڭ تۇت، بۇ ساندۇقنى داداڭ، ئۆگەي ئاچاڭ بار يەردە ئاچمايلى، نېمىكى دۇنيا چىقسا ئۆزىمىزنىڭ بولسۇن، ئۇلارغا كۆرسەتمەيلى، ھېچنېمە بەرمەيلى، — دەپ يەتتە قات قازناققا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاخشىمى ھەممەيلەن ئۇخلىشىپ قاپتۇ. تازا يېرىم كېچە بولغاندا ئانا بىلەن قىز ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قازناققا كىرىشىپ، ھېلىقى ئاق ساندۇقنى شۇنداق ئاچقانىكەن، يەتتە باشلىق بىر ئەجدىھا چاچراپ چىقىپ، قىز بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى بىرلا دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئوتۇنچى قىزى بىلەن بەخت-دۆلەتكە ئىگە بولۇپ، قىزىنى ئۆزىگە ئوخشاش ساددا بىر ئىشلەمچى يىگىتكە توي قىلىپ بېرىپ، خاتىرجەم ۋە خۇشال-خۇرام كۈن كەچۈرۈشكەنىكەن.

تىنىپ، بالىلىرىغا دان توشۇشقا يەنە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ، قىلغان چارە ئوڭ كەپتۇ. ھېلىقى بالا قارلىغاچنىڭ سۇنغان پۇتى ئوڭشىلىپ، ئاتا-ئانىسىغا قوشۇلۇپ، كەچ كۈزگىچە تۈلەپتۇ. قىشقا قالماي قارلىغاچلار ئىسسىق جايغا جۆنەپتۇ.

كېلەر يىلى كۆكلەمدە، قۇتلۇق ئولتۇرسا بىر دەمدە بىر قارلىغاچ كەپتۇ ھويلىسىغا، قاراپ تۇرسا ئاغزىدا دان، قونۇپتۇ ئۆينىڭ تورۇسىغا — بولتۇرقى كونا ئۇۋىسىغا.

قۇتلۇق تونۇغاندەك قىلىپ، قارلىغاچقا قاراپ كۈلۈپتۇ. قارلىغاچنىڭ ئاغزىدىكى «دان» ئاگىغىچە ئالدىغا «توك!» قىلىپ چۈشۈپتۇ. قۇتلۇق دەررۇ داننى قولىغا ئېلىپ قارىسا، تاۋۇزنىڭ بىر تال ئۇرۇقى. قۇتلۇق خۇش بولۇپ، كۆڭلىگە قانداقتۇر ئۈمىد تولۇپ، ئېتىزغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئېتىزغا بېرىپ يەر تاللاپ، ئۇرۇقنى ئوبدان تېرىپتۇ، ئۇرۇق پاتلا ئۈنۈپتۇ، قۇتلۇق يەنە توختىماي پەرۋىش قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، كۈن كەپتۇ، پىلەك يېيىلىپ ھەريانغا، چوڭ ئېتىزغا بىر كەپتۇ. قارىسا، ھەر تاۋۇز، ھەر تاۋۇز! ھەر بىغىشتا بىر تاۋۇز. قۇتلۇق يەنە قارىسا، تاۋۇزلارنىڭ ئارىسىدا كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك، يوغان بىر تاۋۇز تۇرغۇدەك! قۇتلۇق ئۇنى سىناپ، تاك - تاك قىلىپ چېكىپتۇ، پىشقانلىقىنى بىلىپتۇ، كۆتۈرەلمەسلىكىنى ئويلاپ ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ...

— ۋاي دادا، ۋاي ئاپا!...
تەرگەن تاۋۇز چۈشۈپتۇ.
ئارىدا بىرى ئاجايىپ...
چېكىپ باقسام پىشىپتۇ.
زەمبىل بىلەن كۆتۈرەيلى،
ئۆيگە چاپسان ئەكېلەيلى... — دەپتۇ، دادىسىغا

ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانا قارلىغاچلار بۇنى ئاڭلاپ، بالى-
سىغا قاراپ:

— دېمىدۇقمۇ بىز ساڭا،
ئىناق بولۇپ تۇرغىن تىنچ.
ئەمدى قانداق قىلىمىز
ئاڭلىمىساڭ گەپنى ھې... چ، — دەپ چېچىلىپتۇ،
ئىچىنىپتۇ ئاخىر قۇتلۇققا قاراپ:
— ئەمدى قانداق قىلىمىز،
ئۆلۈپ قالسا بالىمىز.
بۇنىڭ ئۈچۈن چارىنى
ئىزلەپ نەگە بارىمە...ز! — دەپ ھەسلەھەت
سوراپتۇ. قۇتلۇق بىر ئاز ئويلىنىپ:
— ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ،
تاپتىم چارە ئويلىغاچ.
بۇنىڭ ئىشى: بىر تال يىپ،
كىچىككىنە جۇپ ياغاچ ... — دەپ ئانىسىنىڭ
يېنىغا يۈگۈرۈپتۇ. ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىر قېتىم يىپ،
بىر چىمدىم پاختا سورىۋېلىپ، ئوتۇندىن ئىككى تال كى-
چىككىنە شىشىق چىقىرىپ، بۇلار بىلەن تېڭىقچىلىق قىلىپ-
تۇ، بىر دەمدىلا قارلىغاچنىڭ پۇتىنى ئوبدان تېڭىپ، ئاستا
ئۆز ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ.
ئانا قارلىغاچلار:

— ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ،
ئەمدى بولدى كۆڭۈل تىنچ.
ياخشىلىققا - ياخشىلىق،
ئۇنۇتمايمىز بۇنى ھې... چ — دەپ ناھايىتى
خۇش بولۇپ، قۇتلۇققا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئاندىن كۆڭلى

باللىرىم نېمە ئىش؟
باينىڭ ئوغلى سىلەرنى
قويماپتۇ - دە، ئاخىر تىنىچ! — دەپ سوئال قويۇپتۇ. ئاڭغىچىلىك باللىرى دەرد تۆكۈپتۇ، بولغان ئىشـ نى دەپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئانا قارلىغاچ :
— ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ،
سىلەردە يوق گۇناھ ھېچ،
يامانلىققا يامانلىق،
ئۇنتۇماڭلار بۇنى ھې...چ، — دەپ باللىرىنى قوچۇپتۇ. پۈتى سۇنغان بالىسىنى بەزلەپ، دان ئۇچۇن ئې- تىزغا يەنە ئۇچۇپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ، ھەپتە ئۆتۈپ ئاي كەپتۇ. بالا قارلىغاچ ئوڭشىلىپ، قاتارغا ئاران قوشۇلۇپ، كۈز كەلگىـ چە تولەپتۇ، ئاقساپ يۈرۈپ كەچ كۈزدە ئىسسىق جايغا جۆنەپتۇ.
ئاڭغىچىلىك قىش كەپتۇ. باقى ئالتۇن كويىدا قىشنى ئاران چىقىرىپتۇ. ئەتىيازلىقى ھەر كۈنى قارلىغاچ ئۇۋىسىغا قاراپتۇ، ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپتۇ. بىر چاغلاردا قارلىغاچلار كەلگىلى باشلاپتۇ، بىرى كېلىپ باقىغا بىر نېمە تاشلاپتۇ. باقى دەررۇ ئېلىپ قارىسا، كۆزىگە سوۋاپ يالىسا، تاۋۇزنىڭ بىر تال ئۇرۇقى! باقى خۇشاللىقىدىن پىرقىراپ، ئېتىزلىقـقا بېرىپ، يەرنى بىر ئاز تاتىلاپ، ئۇرۇقنى كۆمـۈپ قويۇپـتۇ. ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققۇچە، تاۋۇز چۈشۈپ پىشقۇچە، جانىدىن ئەنچە تويۇپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى باقى قارىسا، پېلەككە يوـ غان بىر تاۋۇز چۈشۈپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي پىشىپتۇ. باقى تاـ ۋۇزنى ئۈزۈپ، ئۆزى يالغۇز يېچىپتۇ. يېچىشىغىلا تاۋۇزنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقلار ھەرە بولۇپ غۇژۇلداپ، راسا قوغلاپ

يېلىنىپتۇ.

ئاخىرى دادىسى بىلەن بېرىپ، ھېلىقى تاۋۇزنى زىمبىلگە سېلىپ، يولدا نەچچە كىشى ھەمدەملىشىپ، ئانىسىمۇ ياردەملىشىپ، ئۆيگە ئاران ئەكىلىپتۇ. ئەكىلىپ ئۇلاش - چولاش يېچىشسا، تاۋۇزنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇقلار ئالتۇن - كۈمۈش بولۇپ يەرگە جىرىڭلاپ چېچىلىپتۇ...

تاۋۇزنى ھەممەيلەن، قوشنا - قولۇم جىمەيلەن بىللە تۇرۇپ يەپتۇ، يەپ بولۇپ جامائەت خۇشال، مۇنداق دەپتۇ:

— مانا بۇ ئىش ئەسلىدە،
ياخشىلىقتىن بولغان ئىش.
بارىكاللا، قۇتلۇقجان،
قۇتلۇق بولسۇن قۇتلۇق ئىش!

قۇتلۇقنىڭ خۇشلۇقىدىن، ئاغزىنىڭ بوشلۇقىدىن، بۇ ئىشنى ئەتىسى باينىڭ باقى دېگەن بالىسى بايقاپ بىلىۋاپتۇ، ئالتۇن - كۈمۈشنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ. بىراق ھېچنېمە قىلالماپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئاچكۆز باقى قۇتلۇقنى كۆرەلمەپتۇ، تىت - تىت بولۇپ دائىما خاتىرجەم يۈرەلمەپتۇ، كۆرگەن يەردە «ئەقىللىق دېگەن، سەنمۇ؟ سەن قىلغان ئىشنى مەن قىلالمايمەنمۇ!» دەپ قۇتلۇقنى سۆكۈپتۇ، ئەڭ ئاخىر كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ.

ئەتىياز بولغاندا، قارلىغاچ بالىسى چىققاندا، باقى چىقىپ تورۇسقا بېرىنى ئۇغرىلاپتۇ، پۇتىنى قەستەن سۇندۇرۇپ ياغاچ بىلەن تېڭىپ قويۇپ، ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپ، ئىشنى توغرىلاپتۇ.

بىر ئاز ئۆتمەي، ئۇۋىسىغا كېلىپلا بولغان ئىشنى تۇيۇپتۇ:

— ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ،

# كەنجى باتۇر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بولغانىكەن، بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بارىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بوۋاي قېرىپتۇ، ئىشلەپ ھېرىپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي يالغۇز ئولتۇرۇپ، كۆڭلىنى خىيالغا تولدۇرۇپ: «مېنىڭ بېشىم ئاقاردى، چىشىم سارغايدى. بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ، باللىرىم مەندىن ئايرىلىپ قالسا، كىشى قولىغا قاراپ قالمىسۇن، ئۆز ئەمگىكى بىلەن كۈن كەچۈرسۇن» دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، باللىرىنى ھۈنەرگە بېرىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ.

بوۋاينىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر مەھەللىدە بىر باي بارىكەن. ئۇنىڭ چوڭ بىر بېغى بولۇپ، باغدا ئۈزۈم، ئالما، ئۆرۈك، ئانار ۋە باشقا ھەر خىل مېۋىلەر يازدىن تارتىپ كۈزگىچە پىشىپ، ساپىقىدىن ئايرىلىپ يەرگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. باي ئەتىيازدا ئۈزۈم تاللىرى يوپۇرماق چىقارغاندىن باشلاپ تاكى كۈزگىچە باراڭدا سايىداپ، سېمىزلىكتىن ھاسىراپ ياتىدىكەن. باي يالغاندىن «مەن موزدۇز» دەپ ھەر يىلى بىر نەچچە شاگىرت ئالىدىكەن - دە، بىر ئاماللاپ ئۆلتۈرۈپ، ئىز - دېرىكىنى بىلدۈرمەي، ئۈزۈم تال تۈۋىگە كۆمىدىكەن.

ھېلىقى بىچارە بوۋاي بىر كۈنى چوڭ ئوغلىنى باينىڭ ئالدىغا يېتىلەپ بېرىپ:

چىقىپتۇ. باقى: «ئاللا، ۋاي جان!» دەپ ئوقـرۇق تەككـەن موزايدەك، مەلگە قاراپ قىچقىپتۇ. يىغلاپ ـ قاقشـاپ ۋار-قىراپ يۇرتنى بېشىغا كىيىپتۇ.

تەرەپ ـ تەرەپ، تۇشمۇ تۇشتىن خالايىقلار ئولىشىپ:

— نېمە سىر بۇ، توختاڭلا! ...
ئاجراتماڭلار، تىنچ! — دەپتۇ.
ھەممە قاراپ باقىغا:
— ساڭا لايىق ئىش، — دەپتۇ.

قارلىغاچلارمۇ ئولىشىپ:

— ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ،
ساڭا لايىق شۇنداق ئىش.
يامانلىققا — يامانلىق
جايىدا كەلسە ئوبدان ئە... ش! — دەپ تـوۋ-لىشىپتۇ.

ئۇششاق باللارمۇ:

— نەپسى يامان باقى باي،
ئەمدى قالدىڭ چاتاققا.
ئەقلىڭ بولسا ۋارقىرىماي،
كىرىۋالغىن پاتقاققا! ... دەپ زاڭـلـىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا باقىنىڭ «ھەرە چاققان پەرلەرگـە لاي سۇ-ۋۇسا ساقىيىمىش» دېگەن سۆزلەر ئېسىگە كېلىپ، پاتقاققـا ئۆزىنى بېشىچىلا تاشلاپتۇ.

بىرۋاي ئىنىكى توغلىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، تەقدىرگە تەن بېرىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى ئاكىلىرىغا قارىغاندا قاۋۇل، زېرەك، باتۇر بالىكەن، تەڭ - دېمەتلىكلىرى ئارىسىدا «كەنجى باتۇر» دەپ نام چىقارغانىكەن. شۇنىڭدەك ئۇ ناخشا - سازغا، ھېكايە - چۆچەككە ناھايىتى ئۇستا ئىكەن. بىر كۈنى بوۋاي بۇ بالىسىنىمۇ «ھۈنەر» ئۆگىنىشكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم قېنى بىلەن سەمرىگەن باينىڭ نولۇن ئايدەك ھۆسنىگە تولغان، ئۆزى ئەقىللىك، مىجەزى يېقىملىق بىر قىزى بارىكەن. بوۋاينىڭ كەنجى ئوغلى بۇ قىزنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ، يىگىتمۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئازراقلا پۇرسەت بولسا، ئىككىسى ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىكەن، ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىز يىگىتكە زالىم ئاتىسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇزۇمتالنىڭ تۈۋىگە كۆمگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. يىگىت ئىنتىقام ئېلىش قارارىغا كەپتۇ.

بىر كۈنى ھىيلىگەر باي يەنە ھېلىقى ئاكىلىرىغا بۇيرىغان ئىشلارنى تاپىلاپ قويۇپ، بازارغا كېتىپتۇ. قىز بىلەن يىگىت قانداق قىلىش توغرىسىدا پۈتۈشۈۋالغاندىن كېيىن، كەچكىچە باغ سەيلىسى قىپتۇ. ئاخشىمى باي كېلىپ، «شاگىرت»نى چاقىرىپ:

— قېنى يەپ، قېنى چەم. قېنى سۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىتمۇ ھودۇقماي تۇرۇپ:

— ئۇستام، ئاۋۋال سىزنى مېھمان قىلىپ، ئاندىن بۇيرۇغان ئىشىڭىزنى ئالدىڭىزغا قويسام قانداق؟ — دەپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ، ماغدۇرى كېتىپ، نەپسى تاقىلداپ، ئۇسسۇزلۇقتىن چاكىلداپ كەتكەن باي:

— ۋاي ئۇستام، مۇشۇ بالامنى بىر ھۈنەرلىك قىلىپ قويسىلا، — دەپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

بوۋاينىڭ ئوغلى بۇ ھويلىدا موزدوزلۇقنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەي، باينىڭ سۈيىنى ئەكىرىپ، ئوتۇنىنى يېرىپ، ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ، بىر نەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى باي بالىنى چاقىرىپ:

— مەن بازارغا بېرىپ كەلگۈچە قۇمدىن يىپ ئېشىپ، لايدىن چەم كېسىپ، غەلۋىردە سۇ ئەكىرىپ قوي، — دەپتۇ.

كەچكىچە بالىنىڭ بېشى قېتىپ، بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى تاپالماي تازا قىينىلىپتۇ. ئاخشىمى باي كېلىپ سوراپتىكەن، بالا يەرگە قاراپ، تىرناقلىرىنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ.

— قىلالمىغان بولساڭ، شۇ گۇناھىڭنىڭ ئۈچۈن ئاۋۇ يەردىن بىر ئورا كولا، — دەپ ئۆزۈمتالنىڭ تۈۋىنى كۆرسىتىپتۇ باي.

جىق ئىش كۆرمىگەن ساددا بالا يوغان كەتمەننى ئاپتۇ - دە، بېرىپ ئورىنى كولاپتۇ. ئورا ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولغاندا، باي كەينىدىن كېلىپ كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن بالىنى بىرنى قويۇپتۇ - دە، جېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئورىغا كۆمۈۋېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ بوۋاي ئوغلىنى سېغىنىپ كۆڭلى بارسا، قانخور باي:

— بالىڭىزغا ھۈنەر ئۆگىتىپ، دۇئا - تەكبىر قىلىپ يولغا سالدىم. ئۆيگە بارمىغان بولسا، بەلكىم شەھەر كۆرۈپ، پۇل تېپىپ باراي دەپ يۈرىدىغاندۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي قايتىپ كېتىپ، ئوتتۇرانچى ئوغلىنى ئاپىرىپ بەرگەنىكەن. باي ئۇنىمۇ ھېلىقى ئۇسۇل بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپتۇ.

باش - كۆزىگە راسا قويۇپتۇ، نوختىنىسى ساپتۇ، مىخ-
لىق توقۇمنى توقۇپتۇ، جاڭگاللغا بارغۇچە ئۇستىدىن چۈش-
مەپتۇ. كەچكىچە سۇمۇ ئىچكۈزمەي، ئوت - چۆپمۇ چىشلەت-
مەي، قۇرۇق ياغاچقا قاڭتۇرۇپ قويۇپتۇ. كەچقۇرۇن ئوتۇن-
نى راسا جىق ئارتىپ، تۆشىنى چىڭ تارتىپ، يەنە ئۇستىگە
مىنىۋاپتۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئوتۇننى چۈشۈرۈپ،
ئېغىلغا بوشىنالمىغۇدەك قىلىپ تازا چىڭ باغلاپ قويۇپتۇ - دە،
ئۆزى دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە-
لەرنى دادىسىغا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. بېشىنى نوخ-
تىدىن چىقىرۋېلىشقا ئامالسىز قالغان بەتنىيەت باي كال-
تەك - تاياق، ئاچلىق دەستىدىن قۇرۇق ئوقۇرنىڭ تۈۋىدىلا
ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەقىللىك قىز بىلەن باتۇر
يىگىت ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، خۇشال - خۇرام-
لىققا تولۇپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ.

— مانا قېتىق، يۇزىنى بۇزماي ئىچىمىز؛ مانا نان، پارچىلىماي يەيمىز، — دەپ ئالدىغا قويۇپتۇ يىگىت.

باي ھەڭگاڭ چىشلىرىنى ھەڭگايتىپ، چېقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— نانىنى ئۇشتىماستىن يېگىلى، قېتىقنى يۇزىنى بۇزماستىن ئىچكىلى بولامدىكەن؟! — دەپتىكەن. يىگىتمۇ:

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلىپ لايدا چەم كەسكىلى، قۇمدا يىپ ئەشكىلى، غەلۋىردە سۇ ئەكىرگىلى بولسۇن؟! — دەپتۇ.

سۆز تاپالماي زۇۋانى تۇتۇلغان باي قاپاقتەك ئىششىپ، ئۆلگەن ئېشەكنىڭ ئۆپكىسىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ، «بۇ مېنىڭ بېشىمغا چىققىدىغان ئوخشايدۇ، بىر ئامال قىلىپ بۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرمىسام بولمىدى» دەپ ئويلايتۇ.

ئەتىسى يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سەن بۈگۈن جاڭگالدىن بىر ئېشەك ئوتۇن ئەكەلگىن، — دەپتۇ. يىگىتمۇ چاندۇرماستىن:

— خوپ، بولىدۇ، — دەپ ئۆيگە ئارغامچىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ ھامان باي ئېغىلغا كىرىپلا ئېشەك سۈرىتىگە كىرىۋاپتۇ. باينىڭ قىزى بۇ ئەھۋالنىمۇ يىگىتكە مەلۇم قىلىپ:

— دادام سىزنى يوقىتىشىنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. مۇشۇ تۇرقىدا ئېشەك سۈرىتىگە كىرىۋالدى، نوختا ئۇنىڭ جان ھالقىسى. بېشىدىن نوختىنى ھەرگىز ئاجراتماڭ، شۇ چاغدىلا ئۇ شۇم غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ. سەزگۈر بولۇڭ، — دەپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ، يوغان كالتەكنى كۆتۈرۈپ ئېغىلغا كىرىپتۇ. «ئېشەك» تېپىشكە تەمشەلگەنىكەن،

— ھەي، مەسۇم، سەن بېرىپ ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن
قىرنىڭ قاپتىلىدىن گۆر كولىغىن، گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى
قولىقىڭ بىلەن باراۋەر بولسۇن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.
مەسۇم كەتمەننى كۆتۈرۈپ باي كۆرسەتكەن قىرغا
بېرىپتۇ ۋە ياخشىراق بىر جاينى تاللاپ ئاپتۇدە، كەت-
مەن بىلەن بىر چېپىپتۇ ۋە قولىقىنى قويۇپ ئۆلچەپ
كۆرگەنىكەن، بىر قولاق بوياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئون قولاق
باراۋەرلىكىدە چوڭقۇرمىش. ئۇ: «بولىدىلا، باينىڭ دېگىنى
دىنمۇ چوڭقۇر بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئارتۇقچە ئاۋارە
بولماستىن دەم ئېلىپ ياتسامۇ بولىدىكەن» دەپ بىر دە-
رەخنىڭ كۆلەڭگىسىدە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.
مەسچىت قوۋمى باينىڭ بالىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈر-
گەندىن كېيىن، ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن
بايىقى قىرنىڭ قاپتىلىدا كولاشقا بۇيرۇلغان گۆرگە ئېلىپ
بېرىشىپتۇ، قارىسا گۆر تەييار ئەمەس، مەسۇم بولسا،
دەرەخنىڭ كۆلەڭگىسىدە ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن باينىڭ
ناھايىتىمۇ ئاچچىقى كېلىپ:
— ھەي، پاخشەكتاز، ئەتىگەندىن بېرى نېمە قىلدىڭ؟
قېنى كولىغان گۆرۈڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە ئۇنىڭ كاچى-
تىغا بىر - ئىككىنى ساپتۇ.
— جېنىم باي دادا، قولىقىڭ بىلەن باراۋەر كولىغىن
دەپ سۆزلىرى ئېيتتىلىغۇ، ئەنە قارىسىلا، بىر قولاق بو-
ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئون قولاق باراۋەرلىكىدە كولاپ قوي-
دۇم، — دەپ ھېلىقى كەتمەننىڭ ئىزىنى كۆرسىتىپتۇ مەسۇم.
باينىڭ ھەرقانچە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ھازا
ئۈستىدە ئۆزىنى بېسىپ:
— بار، جۇگۇ، ئۆيدىكى بارلىق كەتمەن - گۈرجەكلەرنى
يىغىشتۇرۇپ كەلگىن، كۆپچىلىك ئولاش - چولاش بولۇپ

# باي بىلەن مەسۇم تاز

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، يا بېشى يوق، يا ئايىغى يوق بىر دەريانىڭ بويىدا چوڭ بىر يېزا بولغانىكەن. ئۇ يېزىدا ناھايىتى بېخىل ۋە ناھايىتى زالىم بىر باي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر خوتۇنى، بويىغا يەتكەن بىر قىزى ۋە ئىككى - ئۈچ ياشلاردا بىر ئوغلى بار ئىكەن.

ئۇ باي ھەر يىلى چاكار ئىشلىتىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭغا ھەق تۆلەشتىن قېچىپ، يىل توشاي دېگەن ۋاقىتتا كېچىسى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاستاغىنا تۇرىدىكەن-دە، ئۇخلاۋاتقان چاكارنى كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلاپ ئاققۇزۇۋېتىدىكەن.

باينىڭ بۇ ئىشىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بەزى كىشىلەر باينىڭ چاكارلىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىشىگە ھەيران بولۇشسىمۇ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدىكەن. پەقەت بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ مەسۇم دېگەن بىر تاز بالىسى باينىڭ ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ قاپتۇ ۋە ئۆز كۆڭلىدە: «شۇ دەرياغا تاشلىنىپ غەرق قىلىنغان گۇناھسىز كەمبەغەللەرنىڭ ئەنتىمىنى سەن بايدىن بىر ئالمىسام، توختا» دەپ ئويلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باي يەنە چاكار ئىزلىگەن ۋاقىتتا، ھېلىقى مەسۇم تاز كېلىپ چاكار بوپتۇ. ئۇنىڭ چاكار بولۇپ يۈرگىنىگە ھەپتە، ئايلار ئۆتۈپ يىل توشۇشقا يېقىنلىشىپ قالغاندا، باينىڭ ھېلىقى ئۈچ ياشلىق بالىسى ئۆلۈپ قاپتۇ. باي چاكارنى چاقىرىپ:

ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى. تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە چىقىپ مېنى ئويغات، بولمىسا، قاتتىق ئۇخلاپ قېلىشىم مۇمكىن، چۈنكى بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم، — دەپتۇ باي. ئۇ باي يازلىقى باغدا گۈللەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان بۈكالۈكتە ياتىدىكەن، چاكىرى بولسا، ئۇنى قورقمىسۇن دەپ نېرىراق بىر يەردە سۇپىدا ياتىدىكەن.

مەسۇم تاز بۇلارنىڭ مەسلىھىتىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە كېچىسى ئۇخلىماستىن يېتىپتۇ، بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، تۈن يېرىمىغا يېقىنلاشقاندا باي خورەك تارتىپ راسا قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇ.

مەسۇم تاز ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ باينىڭ يېنىغا بېرىپ ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ياتقۇزۇپتۇ-دە، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىغا يېتىۋاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن — تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەن چاغدا باينىڭ خوتۇنى شىپىلداپ كېلىپ:

— ھەي ئاتىسى، تۇرسىلا، ئاۋۇ تاز تۇڭگۇزدەك خۇرۇلداپ راسا قاتتىق ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئويغىنىپ قالغۇچە چاپسان ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى، — دەپ نوقۇپتۇ قاراڭغۇدا ئۇنىڭ مەسۇم ئىكەنلىكىنى تونۇماستىن.

مەسۇم تاز ئۈن چىقماستىن باينىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە سۇپىغا كېلىپ ئۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان باينى كۆتۈرۈپ بېرىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، مەسۇم تاز ئاشخانىغا كىرىپ چىراغنى ياندۇرۇپتۇ-دە:

«مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز كۆپ كىشىلەرنى دەرياغا تاشلاپ، خۇدانىڭ ئالدىدا ناھايىتى چوڭ گۇناھلارنى قىلدۇق. بۈگۈن ئاخشام چاكىرىمىز مەسۇمنىمۇ تاشلىغانىدۇق، لېكىن ئۇ، خۇدانىڭ ئەزىز بەندىسى بولغانلىقتىن

چاپسانراق، كولىۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مەسۇم ئۆيىگە بېرىپتۇ — دە، باينىڭ خوتۇنىغا:

— ئاغىچا خېنىم، باي دادام مۆھۈرنى بەرگەي دەيدۇ، — دەپتۇ.

باينىڭ خوتۇنى مەسۇمنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەستىن:

— ھەي، پاخشەكتاز، باي داداڭغا گۆر ئۈستىدە مۆھۈر نېمىگە كېرەك بولۇپ قاپتۇ؟ سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، — دەپ بەرمەپتۇ.

— نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغىنىنى بىلمەيمەن، لېكىن سورىغىنى خۇدا ھەققى راست، ئەگەر ئىشەنمىسىلە، يۈرسىلە ئۆگزىگە چىقىپ سوراپلى، ئەنە ئاۋۇ يەردىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ مەسۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن باينىڭ خوتۇنى بىلەن مەسۇم ئىككىسى ئۆگزىگە چىقىپتۇ. مەسۇم قىردىكى بايغا قاراپ:

— ھا-ا-ا-ي باي دادا! ئاغىچام بەرمەيۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باي كەتمەن گۈرجەكلەرنى بەرمەيۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ - دە، خوتۇنىغا ئاچچىقى كېلىپ:

— ھا-ا-ا-ي ئەخمەق خوتۇن، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن چاپسانراق بېرىۋەتسەڭچۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن باينىڭ خوتۇنى ساندۇقتىن مۆھۈرنى ئېلىپ بېرىپتۇ. مەسۇم مۆھۈرنى ئېلىپ، كەتمەن - گۈرجەكلەرنىمۇ يىغىشتۇرۇپ قىرغا كەپتۇ. ئۇ يەردە ئولاش-چولاش بولۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدە گۆرنى كولاپ، بالىنى دەپنە قىلىشىپتۇ. مۆھۈردىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى بولماپتۇ.

ئاخشىمى باي بىلەن خوتۇنى مەسلىھەتلىشىپ:

— بۇ تازىنىڭ ئىشلەپ يۈرگىنىگە بىر يىل توشۇپ قالدى، بۈگۈن ئەتە ھەق تەلەپ قىلىپ قالغۇچە بۇنى

# چېچەن تاز

بۇرۇندىن بۇرۇن، ساقىلى ئۇزۇن، ئۆمرىدە ئوغۇل كۆرمىگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، سۇمبۇل چاچلىق، قارا قاشلىق، قىلىقى تاتلىق، بىر تاللا قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ بۇ قىزىنى «كىمكى ماڭا گەپ تېپىپ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلىسە، بېرىمەن، بولمىسا كاللىسىنى ئالىمەن» دەپتۇ.

شەھەر - شەھەرلەردىن، يىراق يەرلەردىن نى - نى پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرى، چېچەنلەرنىڭ چېچەنلىرى كېلىپ پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىپ بېرەلمەي ئالەمدىن ئادا، جېنىدىن جۇدا بولۇپ كېتىپتۇ. خالايىقنىڭ ھەممىسى « بۇ بىر بالا بولدى »دەپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر ناۋاي بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بالىلىرىنىڭ ئىككىسى ساق، بىرى تاز ئىكەن.

ساق ئوغۇللىرى بېرىپ پادىشاھقا گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي بۇ ئىككى ئوغلىدىن ئايرىلىپ ھەر كۈنى ھەسرەت چېكىدىكەن. تاز بۇ ئەھۋالغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي تاز ئوغلىغا غەزىپى كېلىپ كايىپتۇ. تاز يەنە كۈلۈپ:

— ئاچچىقلانماڭ دادا، مەن پادىشاھنىڭ گېپىگە گەپ، سوئالىغا جاۋاب تېپىپ، قىزىنى سىزگە كېلىن قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ - دە، بوۋاينىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

سۇغا غەرق بولماستىن قايتىپ چىقتى. ئەمدى مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە شۇ كۈنگىچە خۇدانىڭ ئالدىدا قىلغان گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۆزۈم دەرياغا تاشلىدىم. بارلىق مال - مۈلكۈم، ئۆي - جايىم ۋە قىزىمنى ئۆزۈمنىڭ بالىسى ئورنىدا مەسۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم» دەپ يېزىپتۇ - دە، باينىڭ قولىنى قويدۇرۇپ، يېنىدىكى مۆھۈرىنى ئېلىپ بېسىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ھويلىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ: «ۋاي باي دادام! ۋاي باي دادام!» دەپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باينىڭ خوتۇنى ۋە قىزى قورقىنىدىن ئۆڭلىرى ئۆچۈپ يۈگۈرۈپ چىقسا، كېچىسى دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن مەسۇم تاز «ۋاي باي دادام» دەپ يىغلاپ يۈرگۈدەك. ھېلىقى خوتۇن ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ دەپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ تاشتەك قېتىپ قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ:

— ھەي تاز، نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي ئاغىچە خېنىمەي، باي دادام ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولمايتتىمۇ، بۇ خۇدانىڭ قانداق تەقدىرىدۇر؟! — دەپ تېخىمۇ بەكرەك يىغلاپ ھېلىقى خەتنى بېرىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى خەتنى ئوقۇپ يىغلىشىپتۇ، قاقشىشىپتۇ، بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، يىغا - زارىلا بېسىلغاندىن كېيىن، تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھېلىقى «ۋەسىيەت خەت»كە بىنائەن قىزنى مەسۇم تازغا نىكاھ قىلىپ بېرىپتۇ. مەسۇم تاز پۈتۈن مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇپتۇ. ئۇ: «بۇ ماللارغا مۇشۇ يېزا كەمبەغەللەرنىڭ پېشانە تەرى سىڭگەن» دەپ ماللارنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىۋېتىپتۇ - دە، ئۆزى شۇ كۈندىن باشلاپ بەختلىك كۈن كەچۈرۈشكە باشلىغانىكەن.

ئۇنى تۆرگە يەتمەيتتى.

دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئېشىكىڭ ئورۇقتۇ، تاز؟
يا كىچىك، قورۇقتۇ تاز؟

دەپتۇ. تاز:

— ئېشىكىم ئېشەك ئىدى،
خويما چوڭ ئېشەك ئىدى.
گەر سويسىڭىز تېرىسى
مىڭ قولغا تۇشەك ئىدى.

مىڭ قولغا كورمە چىقىپ،
قىشتىن ساق چىقىراتتى.
ئاشىقنى قىزىڭىزغا،
ئويماقچە بوپ قالاتتى.

دەپتۇ. پادىشاھ ھېچ نەرسە دېيەلمەي، ئاغزى گەپكە كەلمەي «قىزىم بىلەن سۆزلەشكىن» دەپتۇ.

تاز سۆزلەشكىلى قىزنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.
تازنىڭ كىرىشى بىلەنلا قىز:

— قىزلار — قىزلار، بۇنى كۆر،
بېشى پاخشەك تازنى كۆر.
قېتىق بېرىپ بۇ تازغا،
ئايدىن - ئايغا قوغلاپ سۈر.

دەپتۇ. تاز:

— قېتىق بەرسەڭ ئىچەرمەن،
ساڭا قېتىلىپ كېتەرمەن.

دەپتۇ. قىز:

پادىشاھ:

— ھە تاز، سەن نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپتىكەن، تاز:

— پادىشاھىم، ئالدىلىرىغا مەنمۇ كېلىپ قالدىم دەريانىڭ ئۇ قېتىغا تېرىق تېرىپ بۇ قېتىدا تۇرۇپ ئورۇۋالدىم، — دەپ نەزمە بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ:

— دەريارنىڭ كىچىكتۇ، تاز،
بولمىسا سەن بىر ماز.

دەپتۇ. تاز:

— دەريا چوڭ دەريا ئىدى،
ھېچ دەريا يېتەلمەيتتى.
ئاق غاز بىلەن قارا غاز،
ئۇچ قونۇپ ئۆتەلمەيتتى.

دەپتۇ. پادىشاھ:

— غازلەرنىڭ كىچىكتۇ، تاز؟
يا ئورۇق، ۋىجىكتۇ، تاز؟

دەپتۇ. تاز:

— غاز بولغاندا غاز ئىدى،
مىڭ غاز ئۇنداق بولمايتتى.
ئاق ئۆي بىلەن قارا ئۆينى،
قانىتىغا ئىلمايتتى.

دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئۆيۈڭ كىچىك كاتەكتۇ؟
يا بولمىسا چىپلەكتۇ؟

دەپتۇ. تاز:

— ئۆي بولغاندا ئۆي ئىدى،
ھېچ ئۆي ئاڭا يەتمەيتتى.
پەگادا ئېشەك ھاڭرىسا،

ئېيتىپ باق، تاز، بۇ نېمە؟
دەپتۇ. تاز:
— كۆك ئاسماندا كۆپ يۇلتۇز —
ئادەمزات ئەمەسمۇ؟
پەقەت ئىككىسى تەك يۇلتۇز—
بىز ئىككىمىز ئەمەسمۇ؟

دەيتتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزمۇ تازنىڭ گەپدانلىقىغا قول قويۇپ تېگىشكە رازى بوپتۇ، لېكىن پادىشاھ قىزىنى تازغا بەرمەسلىكنىڭ كويىغا چۈشۈپ:
— ئەتە مەن ئورنۇمدىن قوپقۇچە بىر جۈپ يولۋاس، بىر جۈپ ئېيىق، بىر جۈپ بۆرى، بىر جۈپ تۈلكە تۇتۇپ كېلىپ ئوردامدا ئويناتمىسىپ تورسەن، ئاندىن كېيىن قەرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ. تاز «ماقۇل» دەپتۇ ۋە ئۆيىگە بارماي تاغقا كېتىپتۇ. تاغدىن ئۇ جۈپ - جۈپ يولۋاس، ئېيىق، تۈلكە، بۆرىلەرنى ھەيدەپ كېلىپ ئوردىنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ.
پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ:
— جېنىم كۈيئوغلۇم، بۇ نېمىلەرنى ئۆز جايىغا ياندۇرۇۋەتكىن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ: تاز جانىۋارلارنى بىر بۇيرۇق بىلەن ياندۇرۇۋېتىپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرسە:
— ئون كۈندىن كېيىن كەلگىن، شۇ چاغدا توي قىلايلى، — دەپتۇ.
تاز دېگەن قەرەلدە كەلسە، پادىشاھ خەزىنىسىدىكى دۇنيادىن، مال - مۈلكىدىن ھېچ نەرسە قويماي ئېلىپ، شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ.
تاز «خەپ» دەپ ئات ئېغىلىغا كىرسە، پادىشاھنىڭ بىر قوتۇر ئۆلەرمەن ئېتى تۇرغۇدەك. تاز قوتۇر ئاتنى

— قىزلار ـ قىزلار بۇنى كۆر،
بىشى پاخشەك تازنى كۆر.
قىمىز بىرىپ بۇ تازغا،
قىردىن ـ قىرغا قوغلاپ سۇر!

دەپتۇ. تاز:

— قىمىز بەرسەڭ ئىچەرمەن،
قىردىن ئىشىپ يىتەرمەن.

دەپتۇ.

قىز: «توختاڭلار، بۇ تاز خىلى گەپكە ئۇستىدەك قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئەمدى سوئال قويۇپ باقاي» دەپ سۆزنى باشلاپتۇ:

— يىراق يەردە ئوت كۆيەر،
ئىيتىپ بەر، تاز بۇ قەيەر؟

تاز:

— يىراق يەردە ئوت كۆيگەن،
بۆرى كۆزى چەكچەيگەن.

دەپتۇ. قىز:

— سۇدا قوزىلار مەرەر،
ئىيتىپ باق، بۇ نىمىلەر؟

دەپتۇ. تاز:

— قوزا دىگەن پاقىلار،
پاقا سۇدا كۇكىرار.

دەپتۇ. قىز:

— كۆك ئاسماندا جىق يۇلتۇز،
ھەممىسىدە ئوخشاش رەڭ.
ئەمما ئۇلار چوڭ ـ كىچىك،
پەقەت ئىككىسىلا تەڭ.

ئېيتقىن، بېرەي سۆيۈنچە

دەپتۇ. يىلقىچى:

— ئېتىمنىڭ ئۇرۇق، ھېرىپتۇ،
تونۇڭ يىرتىق توزۇپتۇ.
بۇرغاڭ، ھىنگان، تايلىقىڭ،
بۇ يەردە نېمە قىلىپتۇ؟
خويمۇ كەپسەن ئۆلگۈرۈپ،
قېنىمىنى ماڭا بۇيرۇپتۇ

دەپتۇ. تازنىڭ بۇ گەپكە غەزىپى كېلىپ، سەككىز تىللىق تاسما قامچىسى بىلەن يىلقىچىنىڭ كاللىسىغا ئەپلەپ تۇرۇپ بىرنى قويۇپتىكەن، يىلقىچى جەھەننەمگە سەپەر قىپتۇ. ئاندىن كېيىن تاز دۇلدۇلنى ئوتلىتىۋېلىپ، ئۆزىمۇ بىر ئاز دەم ئېلىپ يەنە مېڭىپتۇ. بىر جايغا كېلىپ قۇل قويچىغا ئۇچراپتۇ، قويچىغا قاراپ:

— مېنىڭ ئاتام بار ئىدى،
مىڭ تۆگىسى نار ئىدى.
مىڭ نار تۆگە ئىچىدە،
قارا بۇرغام يوقالدى.
ئۇ بۇرغامنى ئىگىشىپ،
سېرىق ھىنگان يوقالدى.
ئۇ ھىنگاننى ئىگىشىپ،
نار تايلىقىم يوقالدى.
كۆرگەن بولساڭ قۇل قويچى،
ئېيتقىن بېرەي سۆيۈنچە

دەپتۇ. قۇل قويچى:

— قارا بۇرغام دېگۈچە،
قېيىن ئاتام دېمەمسەن.

يېتىلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ھەر كۈنى كۆمەچ نان بېرىپ راسا بېقىپتۇ. ئات سەمرىپ ئالامەت بىر دۇلدۇل بوپتۇ. تاز دۇلدۇل ئاتنى مىنىپ پادىشاھنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. «پادىشاھ كەينىمىزدىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىن» دەپ بىر كاتتا پالۋاننى كالا باقتۇرۇپ بىر يەرگە، يەنە بىر پالۋاننى يىلقا باقتۇرۇپ بىر يەرگە تاشلاپ كەتكەنىكەن.

تاز بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، يوغان سېرىق ئۇيى مىنىۋالغان بىر پالۋان پادا بېقىپ يۈرگۈدەك. تاز پادىچىنىڭ قېشىغا بېرىپ سۆز سوراي دېگۈچە پادىچى تازنىڭ گەدىنىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇپتۇ. ئەمما تاز گەدىنىنى تاتىلاپ قويۇپ، «ئاچچىقلانما بۇرادەر» دەپ قويۇپ كېتىۋېرىپتۇ. يىلقى پادا بېقىۋاتقان پالۋان «ئەجەبا» دەپ ھەيران قېلىپ، بىر يوغان قورام تاشقا مۇشتۇمى بىلەن بىرنى ئۇرسا، تاش قۇم بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىدىن كېيىن بېرىپ تازنى يەنە ئۇراي دېيىشىگە تاز «پۇھ» دەپتىكەن، پالۋان يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. تاز دۇلدۇلنى يۈگۈرتكىنىچە يىلقىچى باتۇرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مېنىڭ ئاتام بار ئىدى،
مىڭ تۆگىسى نار ئىدى.
مىڭ نارتۆگە ئىچىدە،
قارا بۇغرام يوقالدى.
ئۇ بۇغرامنى ئەگىشىپ،
سېرىق ھىنگان يوقالدى.
ئۇ ھىنگاننى ئەگىشىپ،
ناز تايلىقىم يوقالدى.
كۆرگەن بولساڭ يىلقىچى،

دىلىڭىز يېرىك بولغاندۇ؟
قولىڭىزنى كۆپ يالاپ،
تىلىم يېرىلىپ قالغاندۇ؟
دەپتۇ. قىز: چېچەن تازنىڭ بۇ قوشىقىغا ئانچە ئېتىبار بەرمەي:
— جاۋۇلداق تاز، يالاۋەرگەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. چېچەن تاز ئەپچىللىك بىلەن تۆت - بەش قېتىم قىزنىڭ قولىنى يالاپتۇ. بۇ چاغدا قىز خۇشال بولۇپ:
— ئەمدى تىلىڭ يۇمشاقتۇ،
يۇرۇكۇمگە خۇش ياقتى.
شۇنداق بولسا ئۇبدانغۇ،
زادى بۇنداق بولمايتتى؟
دەپتۇ. تاز:
— يۇمشىغاندۇ دىلىڭىز،
مەندەك غېرىب بىر تازغا.
ھېلىقى تەڭ جۇپ يۇلتۇز،
كېپقالغاندۇ يادىڭىزغا.
دەپتۇ. قىزنىڭ قولى ئىنەكنىڭ ئەمچىكىگە بارماي توختاپ قاپتۇ. «ئۇھ...!» دەپ تازغا قارىسا، كۆزىدە موزاي تۇتۇپ بېرىدىغان تاز ئەمەس ئىكەن. ھەيران قېلىپ تازنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ:
— سۆز، چىرايىڭ ئوخشىماس،
موزاي تۇتقۇچى تازغا.
كۆرەك جۇۋا، ياغاق بۆك
ئاشۇ تازنىڭ ئوخشايدۇ،
نېمە بەردىڭ ئۇ تازغا؟ — دەپ تىكىلىپ قاراپ، چېچەن تازنى تونۇۋاپتۇ.
ئىككىسى مۇڭدىشىپ تەڭلا خۇشال بولۇشۇپتۇ ... خېلى

سېرىق ھىنگان دېگۈچە،
قېيىن ئانام دېمەمسەن.
نار تايلىقىم دېگۈچە،
ئاشىق، جانان دېمەمسەن؟

دەپتۇ.

تاز دۈلدۈل ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قۇل قويچىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ. ئىككىسى ئايرىلماس دوست بوپتۇ.

قۇل قويچى تازغا پادىشاھنىڭ نەگە بارغانلىقىنى، قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى، بىر پادىشاھنىڭ بالىسىغا قىزىنى بەرمەكچى بولۇپ توي باشلىغانلىقىغا ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. تاز قۇل قويچىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، موزاي باقىدىغان پادىچى تازنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، پادىچى تازغا ئۆزىنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، دۈلدۈل ئېتىنى قويۇۋېتىپ، موزايلارنى ھەيدەپ پادىچى قىياپەتتە پادىشاھ تۇرغان مەھەللىگە كىرىپتۇ. ئاندىن پادىشاھنىڭ ئېغىلىغا موزايلارنى ھەيدەپ كىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئىنەكلەرنى ئۆزى ساغىدىكەن. موزايلار كەلگەندىن كېيىن قىز ئىنەك ساغقىلى ئېغىلغا چىقىپتۇ. بۇرۇنقى پادىچى تاز ئىنەك ساغقىلى تۇرغاندا، تىلىدا قىزنىڭ قولىنى يالاپ تۇرىدىكەن. بۇنى ئاڭلىۋالغان چېچەن تاز بىر موزاينىڭ تىلىنى كېسىۋېلىپ قىزغا كۆرسەتمەستىن موزاينىڭ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. قىز ئىنەكنى ساغقىلى تۇرغاندا موزاينىڭ تىلى بىلەن قىزنىڭ قولىنى يالاپتۇ. بۇ چاغدا قىز:

— ھوي تاز، بۈگۈن تىلىڭ نېمانچە يىرىك، — دەپتۇ.

تاز:

— يىرىك ئەمەس ئاپپاق قىز،

# ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشۈر

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا چۈشكەندە ئالدى بىلەن دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىكەن.

ئەنە شۇ يۇرتتا غەيۇر ئىسىملىك بىر دانىشمەن بارىكەن، ئۇ ھەر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە تۈپتۈزلا:

— ئەي شاھىم، بىر ئاز پۇقراپەرۋەر بولساڭ، — دەپلا كەينىگە يانىدىكەن.

پادىشاھ دانىشمەننىڭ بۇ سۆزىنى كۆڭلىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇقرالارغا يامانلىق قىلغان-قىلمىغانلىقى توغرىسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك سۈرۈشتۈرىدىكەن. دانىشمەنمۇ ھەر كۈنى كىرىپ، يۇقىرىقى شۇ سۆزنى تەكرارلاپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭغا چىدىماي بىر ۋەزىر بىر كۈنى پادىشاھقا:

— ئى، جاھاننىڭ ئاپتىپى ئۇلۇغ شاھىم! ھېلىقى دانىشمەننىڭ جانابلىرىنى كۆزگە ئىلماي قىلىۋاتقان ئەدەبسىزلىكلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم، پاسىۋانىم، ئىجازەت قىلسىلا ئېيتىدىغان گېپىم بارىدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئېيتىشقا ئىجازەت قىپتۇ. ۋەزىر سۆزىنى باشلاپتۇ:

— دانىشمەن دەپ ھۆرمەت قىلغانلىرىنى بىلمىگەن ھېلىقى بىر نېمە كوچا-كويلاردا «پادىشاھنىڭ تېنى

ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىنىكلەر سېغىلماي قاپتۇ. بۇ چاغدا قىزنىڭ ئانىسى «ۋاھ، ئەجەب كېچىكىپ قالدىغۇ قىزىم، نېمە بولغاندۇ؟» دەپ چىقسا، قىز تازغا يېقىن ئولتۇرۇپ، پاراڭلىشىۋاتقۇدەك. ئانىسى بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆيـگە كىرىپ، پادىشاھقا ۋەقەنى دەپ بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ. ئاخىر بۇ چېچەن تازنى ئۆلتۈرمەكـچى بولۇپ، زىياپەت قىپتۇ. پادىشاھ تازنىڭ ئالدىغا قوـيۇلغان تاۋاقتىكى ئاشقا زەھەر سېلىپ قويۇپتۇ. دادىسىنىڭ بۇ ئىشىنى سېزىپ قالغان قىز باشقىلارغا سەزدۇرمەيلا تازنىڭ ئالدىدىكى تاۋاقنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا تارتىپ ئۆزىـنىڭ ئالدىدىكى تاۋاقنى تازنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپتۇ. تاز ئاشنى راسا يەپتۇ. باشقىلار «تاز ئەنە ئۆلىدۇ، مانا ئۆلىدۇ» دەپ كۈتۈپتۇ. بۇ چاغدا قىز يالغاندىن ئاش يېگەن بولۇپ:

— نېمانچە زەھەر - ئاش بۇ؟ — دەپتۇ.

قېشىدىكىلەر «ۋاي ئاللا، تاۋاقلار خاتا قويۇلۇپ قاپتۇ. تاز خاتىرجەم يەۋاتامدۇ؟» دەپ بىر - بىرىگە قارىشىپ، غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. قىزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ تاۋىقىدىكى ئاشتىن توخۇغا ئۈچ - تۆت تال بېرىپتىكەن، توخۇ شۇ زامان ئۆلۈپتۇ.

قىز ئەنە شۇنداق قىلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ سىرىنى پاش قىلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ ئەلنىڭ ئالدىدا رەسۋاسى چىـقىپ، گەپ قىلالماي قاپتۇ، بولۇۋاتقان تويىنى بۇزۇپ، قىزىـنى چېچەن تازغا بېرىپتۇ. چوڭ توي - تاماشا بولۇپتۇ.

ىل - دۇنياغا قىزىقمايدىغان دانىشمەن:
— ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، كېرەك بولسا بۇنى سىلى ئالسىلا، — دەپ لىپاپىنى ۋەزىرگە ئۇزىتىپتۇ. ۋەزىر تەزىم قىلىپ لىپاپىنى ئېلىپتۇ - دە، خوشلىشىپ ئالدىراش مېڭىپتۇ. ۋەزىر نۇرغۇن مۇكاپات ئالىدىغان بولدۇم، — دەپ خۇشال بولۇپ خەتنى ئاپىرىدىغان جايغا تاپشۇرغانىكەن. دەرھاللا كاللىسى ئېلىنىپتۇ.
بىر كۈن ئۆتۈپ دانىشمەن يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئادەتتىكى گېپىنى تەكرارلاپ ماڭماقچى بولغاندا، پادىشاھ ئۇنى توختىتىپ:
— سەن قانداق قىلىپ ساق قالدىڭ؟ — دەپتۇ.
ھەيران بولغان دانىشمەن بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، تاقەتسىزلەنگەن پادىشاھ:
— ھەي، مېنىڭ ۋەزىرىم ناھەق ئۆلۈپتۇ، — دەپ غەزەپلىنىپتۇ.
تېخىمۇ ھەيرانلىقتا قالغان دانىشمەن ئىشنىڭ تېگىنى تەپسىلىي سوراپ بىلگەندىن كېيىن، پادىشاھقا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:
— مەن تۈنۈگۈن ئادىتىم بويىچە ئوردىغا كېتىۋاتسام، ۋەزىر ئۇچراپ چايغا تەكلىپ قىلدى. ئۆيگە كىرسەم تاماق ئېتىپتۇ. تاماققا سامساقنى ئىنتايىن كۆپ ساپتۇ، ئىچمەي دېسەم بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن سامساقنى كۆپ يېگەنلىكىمدىن، سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا يېقىن كەلگەندە، مەندىن سامساق پۇرىقى چىقىپ سىلىنى بىئارام قىلىپ قويۇشۇمدىن قورقۇپ، قولۇم بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋالغانىدىم، — دەپتۇ.
پادىشاھ دانىشمەننىڭ ئېيتقانلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن:
— ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشۈر، دېگەن مانا مۇشۇ، — دەپتۇ-دە، دانىشمەننى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىپتۇ.

سېسىقكەن» دېگەن گەپنى تارقىتىپتۇ، ئۇ بەدبەختنىڭ جانابلىرى ئالدىدا قىلىۋاتقان ئەدەبسىزلىكلىرىنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئىدى. بۇنىڭغا چارە قىلمىساق، بۇنىڭدىن ھەر بالا كېلىدۇ. قۇللىرىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسىلە، دانىشمەنگە: «يېقىن كېلىپ سۆزلە» دەيدىغان بولسىلا ئۇ، تۇمشۇقىنى ئېتىپ سۆزلەيدۇ.

پادىشاھ بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئەتىسى دانىشمەننى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

ۋەزىر ئۆز گېپىنىڭ توغرا چىقىشى ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپ قويغانىكەن. ئەتىسى دانىشمەن ئادىتى بويىچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي شاھىم، بىرئاز پۇقراپەرۋەر بولساڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەتەيىن:

— يېقىنراق كېلىپ سۆزلە، گېپىڭنى ئاڭلىمىدىم، — دەپتۇ.

دانىشمەن پادىشاھقا يېقىن كېلىپ، ئاغزىنى قولى بىلەن توساپ تۇرۇپ، سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە ۋەزىرنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ - دە، دانىشمەننى جازالىماق بوپتۇ.

پادىشاھ ئادىتى بويىچە ئىنئام بەرسە يارلىقنى ئۆزى يېزىپ، پېچەتلەپ، ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان جاينى ئېيتىپ بېرىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن دانىشمەنگىمۇ يارلىق سېلىنغان بىر لىپاپىنى ئۇزىتىپتۇ. دانىشمەن ئۇنى قولىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئوردىدىن چىقسا ھېلىقى ۋەزىر ئۇچراپ:

— دانىشمەن قايتىپلا، — دەپتۇ - دە، دانىشمەننىڭ قولىدىكى لىپاپىغا كۆزى چۈشۈپتۇ، ۋەزىرگە لىپاپىنىڭ ئىچىدە مۇكاپات يارلىقى باردەك بىلىنىپتۇ، شۇڭا ئۇ خۇشامەتگويلۇق بىلەن، — مۇبارەك بولسۇن، — دەپتۇ.

— يوقسۇ تەقسىر، ھازىر ئۆزلىرى يېگەن ئانارنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ چىققانىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

— ئۇنداق بولسا، ئاۋۋالقى ئانارنىڭ نېمىشقا تاتلىق، بۇ نېمە ئۈچۈن ئاچچىق؟

— مېنىڭدە پەقەتلا بىر تۈپ ئانار بار، ھەر ئىككىسى قېتىم ئېلىپ كەلگىنىم شۇ ئانارنىڭ.

— يالغان ئېيتمىساڭچۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ غەزىپىنى چىدىيالماي.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دېھقان، — ئەيىب بىزدە ئەمەس، پادىشاھىمىزدا، پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟

— پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، ھەر قانداق تاتلىق نېمە، كىشىلەرگە ئاچچىق تۇيۇلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

پادىشاھ دېھقاننىڭ دانىشمەنلىكىگە ھەيران قېلىپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

# ئانار

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا بىر پادىشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ. كۈن ئىسسىق بولغانلىقتىن ئۇسساپ كېتىپ سۇ ئىزلەپ ماڭغانىكەن، يولى بىر خارابە باغقا توغرا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇسسۇزلۇق تېپىشقا ئالدىراپ، باغ ئىگىسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشمەي:

— ئۆيدە كىم بار؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن بار، — دەپ بوۋاي ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ قارىسا، بىر ئاتلىق ھەيۋەتلىك ئادەم تۇرغۇدەك. بوۋاي سالام قىپتۇ. ئاتلىق سالامغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا:

— ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار تەقسىر، — دەپ ئىككى تال ئانارنى ئاچىقىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئانارنى يەپ بولغاندىن كېيىن: «مەن بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى تۇرسام، بۇنداق تاتلىق ئانار مېنىڭ بېغىمدا بولماي بىر گادايىنىڭ بېغىدا بولۇشى مەن ئۈچۈن نومۇسقۇ؟ توختا، بۇ ئانارنى بېغىمغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەتسەم نېمە قىلالايدۇ؟» دېگەن ئويغا كەپتۇ. ئاڭغىچە يەنە ئۇسساپتۇ. يەنە ئانار تەلەپ قىپتۇ. باغۋەن ئىلگىرىكى ئانارىدىن يەنە ئىككىنى ئېلىپ چىقىپ بەرگەنىكەن، بۇ ئىككىسىلا ئاچچىق، ئاغزىغا ئالغۇسىز بىر نەرسە بولۇپ چىقىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمىشقا ھېلىقى ئانارىدىن ئېلىپ چىقمىدىڭ؟ — دېگىنىكەن،

جاۋاب تېپىپ كەلدىم: دۇنيادا ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسە كۆڭۈل، ئەڭ ئاچچىق نەرسە دۈشمەن، ئەڭ تاتلىق نەرسە قېرىنداش، ئەڭ قاتتىق نەرسە يوقسۇزچىلىق، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

خان بۇ جاۋابقا ھەيران قېلىپ:

— بۇنى سەن ئۆزۈڭ تاپتىڭمۇ ياكى باشقا بىرى ئېيتىپ بەردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى يالغان ئېيتىپ ماختانغاندىن كۆرە، راستىنى ئېيتىپ ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرۈپ:

— بۇنى قىزىم ئېيتىپ بەردى، — دەپتۇ.

— بارغىن بولمىسا، سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، لېكىن شۇ قىزىڭنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكىن. ئەگەر قىزىڭ تەختىمگە باستۇرۇپ كىرسىمۇ بېشىنى ئالىمەن، كىرمەستىن تاشقىرىدا توختاپ قالسىمۇ بېشىنى ئالىمەن، — دەپتۇ خان.

ئۇ كىشى يەنە چوڭقۇر قايغۇغا چۆكۈپ ئۆيىگە كەپتۇ-دە:

— جېنىم قىزىم، ئۆزۈمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ سېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىم. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈمنىڭ ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمىدى، — دەپ قىزىنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— نېمە بولدى دادا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي، قىزىم، مەن خانغا سەن ئېيتىپ بەرگەن جاۋابنى ئېيتقانىدىم، ئۆزۈڭ تاپتىڭمۇ ياكى باشقا بىرى ئېيتىپ بەردىمۇ دەپ سورىدى. مەن يالغان ئېيتىپ ماختىنىشنى نومۇس كۆرۈپ، قىزىم ئېيتىپ بەردى دېۋىدىم، قىزىڭنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتكىن، ئەگەر قىزىڭ تەختىمگە باستۇرۇپ كىرسىمۇ بېشىنى ئالىمەن، كىرمەستىن تاشقىرىدا توختاپ قالسىمۇ بېشىنى ئالىمەن دەپ بۇيرۇدى. ئەمدى

ئوقتەك دەپ ئېيتىشىدۇ» دەپتۇ. بەزىلىرى: «دۇنيادا ئەڭ ئاچچىق نەرسە لازا» دەپتۇ، بەزىلىرى: «ياق، زەھەردىن ئاچچىق نەرسە يوق، چۈنكى جان - جانغا ئۆتۈپ كەتكەن سۆزنى زەھەردەك سانچىۋالدى دېيىشىدۇ» دەپتۇ. بەزىلىرى، «دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسە بال» دەپتۇ، بەزىلىرى: «ياق، ناۋاتتىن تاتلىق نەرسە يوق، چۈنكى ئەڭ تاتلىق نەرسە ناۋاتقا ئوخشىتىلىدۇ، شۇڭا لەۋلىرىڭ ناۋات، يارىم، دېگەن ناخشا بار» دەپتۇ، بەزىلىرى: «دۇنيادا ئەڭ قاتتىق نەرسە تۆمۈر» دەپتۇ، بەزىلىرى: «ياق، تاشتىن قاتتىق نەرسە يوق، چۈنكى كۆڭلى قاتتىق كىشىنى باغرىڭ تاشمىدى؟ دەپ ئېيتىشىدۇ» دەپتۇ.

تۈلكىلەرنىڭ بۇ سۆزلىرىگە كۆپتىن بېرى قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان چېچەنخان ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە:

— تۈلكىلەر، ئاڭلاڭلار، بىر قارىساقتا ھەممىڭلارنىڭ [illegible] توغرا، لېكىن مېنىڭچە باشقىچىرەك بولسا كېرەك. مېنىڭچە دۇنيادا ئەڭ [illegible] نەرسە كۆڭۈل، ئەڭ ئاچ[illegible] نەرسە [illegible]، ئەڭ تاتلىق نەرسە [illegible]، ئەڭ [illegible] نەرسە [illegible] — دەپتۇ.

[illegible]

— [illegible]

[illegible]

— [illegible] — دەپ سورايتۇ.

— خان [illegible] — قانائەتلەن[illegible] تۇرالمىدۇق، [illegible] ھەر ھالدا سۆزلىرىڭىزغا [illegible]

قانداق بىلگەنلىكىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، — دەپتۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن چىمەنخان ئىچكىرى كىرىپ يەنە بىر قېتىم
تەزىم قىپتۇ - دە:
— مەن دۇنيادا ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسىنىڭ كۆڭۈل ئى-
كەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ھەر
قانداق كىشى كۆڭلىدە پۈتۈن ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى
ئايلىنىپ چىقالايدۇ. دۇنيادا ئەڭ ئاچچىق نەرسە دۈشمەن
ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، يېقىندا ئىككى كىشى
بىر - بىرىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈشتى، سەۋەبىنى سورىسام،
ئۇلار كۆپتىن بېرى بىر - بىرىگە دۈشمەنلىشىپ يۈرگەنى-
كەن. دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكى-
نى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، بىر كۈنى مومامنىڭ ئىككى ئوغلى
سوقۇشۇپ كىچىكىنىڭ قولى چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ قارىسام كىچىكىنىڭ چىققان قولى چوڭىنىڭ
بوينىدا، چوڭىنىڭ قولى كىچىكىنىڭ بوينىدا بىر تاتلىق
ئۇخلاۋېتىپتۇ. دۇنيادا ئەڭ قاتتىق نەرسە يوقسۇزچىلىق
ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، بىر كۈنى دادام ئۆيدە
يوق چاغدا بىزنىڭكىگە يىراقتىن مېھمانلار كېلىپ قالدى.
ئۆيدە ھېچنېمە بولمىغاچقا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىرەر
چىنە چايمۇ قويالماي ناھايىتى خىجالەت بولغانىدۇق، —
دەپتۇ.
خان بۇ قىزنىڭ چېچەنلىكىگە قايىل قېلىپ، ئۇنىڭ
ئاتىسىنى سارايغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئالغانىكەن.

نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، — دەپ تېخىمۇ يىغلاپتۇ ئۇ كىشى. چىمەنخان:

— ۋاي، دادا، شۇنىڭغىمۇ شۇنچە كۆز يېشى تۆكەمسىز؟ خانغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، زادىلا قايغۇرماڭ، — دەپ خاننىڭ ئالدىغا كېتىپتۇ. نېمە بولاركىن دەپ دادىسىمۇ قىزىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

چىمەنخان خاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئىچكىرىمۇ كىرمەي، تاشقىرىدىمۇ قالماي، بوسۇغىنى دەسسەپ توختاپتۇ-دە، خانغا تەزىم قىلىپ:

— خان جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن ھوزۇرلىرىغا كەلدىم. جانابلىرىنىڭ ھەر قانداق بۇيرۇقلىرى بولسا بەجا كەلتۈرۈشكە جېنىم پىدا، — دەپتۇ.

خان بۇ قىزنىڭ بوسۇغىدا توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ئىچكىرى كىرمەي ياكى تاشقىرىدا تۇرماي بوسۇغىدا توختاپ قالدىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— جانابىي ئالىيلىرى، مەرتىۋە ۋە بايلىقلىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىگە قارىماي قول ئاستىلىرىدىكى ھەممە پۇقرا بەش كۈن بولسىمۇ يورۇق دۇنيادا ياشاشنى خالايدۇ. مەنمۇ شۇ پۇقرالارنىڭ بىرى، ياشاشنى خالىغىنىم ئۈچۈن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچەمدىكىن دەپ ئىچكىرى بىلەن تاشقىرىنىڭ خالىس ئوتتۇرىسى بولغان ۋە جانابلىرىنىڭ شەرتىدە تىلغا ئېلىنمىغان بوسۇغىدا توختاپ قالدىم، — دەپتۇ چىمەنخان.

كىچىككىنە قىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان دانا سۆزلەرگە ھەيران قالغان خان:

— خوپ مەيلى، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، ئەمدى ئىچكىرى كىرىپ، ئاتاڭغا ئېيتىپ بەرگەن جاۋابلىرىڭنى

قانداق بىلگەنلىكىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، — دەپتۇ. شۇ-
نىڭدىن كېيىن چىمەنخان ئىچكىرى كىرىپ يەنە بىر قېتىم
تەزىم قىپتۇ - دە:
— مەن دۇنيادا ئەڭ يۈگۈرۈك نەرسىنىڭ كۆڭۈل ئى-
كەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ھەر
قانداق كىشى كۆڭلىدە پۈتۈن ئۈن سەككىز مىڭ ئالەمنى
ئايلىنىپ چىقالايدۇ. دۇنيادا ئەڭ ئاچچىق نەرسە دۈشمەن
ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، يېقىندا ئىككى كىشى
بىر - بىرىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈشتى، سەۋەبىنى سورىسام،
ئۇلار كۆپتىن بېرى بىر - بىرىگە دۈشمەنلىشىپ يۈرگەنى-
كەن. دۇنيادا ئەڭ تاتلىق نەرسىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكى-
نى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، بىر كۈنى موماينىڭ ئىككى ئوغلى
سوقۇشۇپ كىچىكىنىڭ قولى چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ قارىسام كىچىكىنىڭ چىققان قولى چوڭىنىڭ
بوينىدا، چوڭىنىڭ قولى كىچىكىنىڭ بوينىدا بىر تاتلىق
ئۇخلاۋېتىپتۇ. دۇنيادا ئەڭ قاتتىق نەرسە يوقسۇزچىلىق
ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىمكى، بىر كۈنى دادام ئۆيدە
يوق چاغدا بىزنىڭكىگە يىراقتىن مېھمانلار كېلىپ قالدى.
ئۆيدە ھېچنېمە بولمىغاچقا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بىرەر
چىنە چايمۇ قويالماي ناھايىتى خىجالەت بولغانىدۇق، —
دەپتۇ.

خان بۇ قىزنىڭ چېچەنلىكىگە قايىل قېلىپ، ئۇنىڭ
ئاتىسىنى سارايغا مەسلىھەتچى قىلىپ ئالغانىكەن.

نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم، — دەپ تېخىمۇ يىغلاپتۇ ئۇ كىشى. چىمەنخان:

— ۋاي، دادا، شۇنىڭغىمۇ شۇنچە كۆز يېشى تۆكەمسىز؟ خانغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، زادىلا قايغۇرماڭ، — دەپ خاننىڭ ئالدىغا كېتىپتۇ. نېمە بولاركىن دەپ دادىسىمۇ قىزىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

چىمەنخان خاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئىچكىرىمۇ كىرمەي، تاشقىرىدىمۇ قالماي، بوسۇغىنى دەسسەپ توختاپتۇ-دە، خانغا تەزىم قىلىپ:

— خان جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن ھوزۇرلىرىغا كەلدىم. جانابلىرىنىڭ ھەر قانداق بۇيرۇقلىرى بولسا بەجا كەلتۈرۈشكە جېنىم پىدا، — دەپتۇ.

خان بۇ قىزنىڭ بوسۇغىدا توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا ئىچكىرى كىرمەي ياكى تاشقىرىدا تۇرماي بوسۇغىدا توختاپ قالدىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

— جانابىي ئالىيلىرى، مەرتىۋە ۋە بايلىقلىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىگە قارىماي قول ئاستىلىرىدىكى ھەممە پۇقرا بەش كۈن بولسىمۇ يورۇق دۇنيادا ياشاشنى خالايدۇ. مەنمۇ شۇ پۇقرالارنىڭ بىرى، ياشاشنى خالىغىنىم ئۈچۈن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچەمدىكىن دەپ ئىچكىرى بىلەن تاشقىرىنىڭ خالىس ئوتتۇرىسى بولغان ۋە جانابلىرىنىڭ شەرتىدە تىلغا ئېلىنمىغان بوسۇغىدا توختاپ قالدىم، — دەپتۇ چىمەنخان.

كىچىككىنە قىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان دانا سۆزلەرگە ھەيران قالغان خان:

— خوپ مەيلى، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، ئەمدى ئىچكىرى كىرىپ، ئاتاڭغا ئېيتىپ بەرگەن جاۋابلىرىڭنى

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەندە قىزنىڭ دادىسى:

— بۇ ئىشنى قىزىم بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈڭلار، — دەپ قىزىنى چاقىرىپ بېرىپ، ئۆزى چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەلچىلەرگە قىز قوبۇل كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەلچىلەر قىزدىن خۇشال بولغان ھالدا تويلۇقىنى سورىغاندا، قىز مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ:

— ئالدى بىلەن مېنىڭ بىر سوئالىم بار، سوراشقا بولارمىكىن؟ شۇنىڭغا جاۋاب بېرىشسىلە مەن تويلۇقىنى ئېيتاي، — دەپتۇ. ئەلچىلەر سوراشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، قىز: پادىشاھنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ۋە قانچە نۆۋەت ئۆيلەنگەنلىكىنى سورىغانىكەن، ئەلچىلەر ھېچ ئويلانماستىنلا:

— پادىشاھ 70 ياشتا. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى سانىسا بىلگىلى بولار، لېكىن پادىشاھنىڭ قانچە خوتۇن ئالغانلىقىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىز ھېچبىر ھودۇقماستىن:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ تويلۇقۇم 20 بۆرە، 30 قاپلان، 40 ئارسلان، 60 ئاختا، 70 جىڭ پاختا ۋە 80 تاختا بولسۇن، مۇشۇلار قاچان تەييارلانسا شۇ ۋاقىتتا توي باشلانسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەلچىلەر «ئاق ياكى كۆك» دېيەلمەي قايتىپتۇ.

پادىشاھ پۈتۈن ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— قىزنىڭ سالغان تويلۇقىنى قانداق قىلىپ تەييارلايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ، ۋەزىرلەر قىزنى مەسخىرە قىلىشىپ كۈلۈپ:

# دانىشمەن قىز

ئۆتكەن زاماندا بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ يالغۇز قىزى بولغانىكەن. قىز ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، خۇددى بىر پەرىزات ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالى دادىسىنى بىر تەرەپتىن خۇشال قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەندىشىگە سېلىپ قو- يۇپتۇ. دېگەندەكلا، بۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىر كۈنى دېھقاننى ئوردىسىغا قىچقىرىپ، قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى ئېيتىپتۇ. دېھقان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىپ، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قىزى دادىسىنىڭ بۇ ئەھ- ۋالىنى كۆرۈپ سەۋەبىنى سوراپتۇ. دادىسى «ئېيتساممۇ- ئېيتمىساممۇ دەرد» دەپ ئويلاپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ئۇنى ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ جاۋاب بەرمەي، ئۈچ كۈن مۇددەت سورىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— قىزىم، سېنى بەرمىسەم، مېنى ئۆلتۈرىدۇ. بېرەي دېسەم، سەن بەختسىز بولىسەن، — دەپ ئۇنى باغرىغا بې- سىپ زار - زار يىغلاپ كېتىپتۇ. قىز ئەھۋالنى چۈشەنگەن- دىن كېيىن، دادىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇڭ، ئوردىغا بارماي تۇرۇپ، پادىشاھتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلالايمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ دادىسى قىزىنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي «خۇدادىن كەلگىنىنى كۆرەرمەن» دەپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

سەۋەبىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قىزنىڭ توياۇقى ھەققىدىكى سىلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىڭلاردىن كۈلدۈم. قىزنىڭ 20 بۆرە دېگىنى، ئادەم بالىسى 20 ياشقا تولغاندا چەبدەس؛ 30 قاپلان دېگىنى 30 ياشقا تولغاندا قاپلاندەك كۈچلۈك؛ 40 ئارسلان دېگىنى، 40 ياشقا تولغاندا ئارسلاندەك ھەيۋەتلىك بولىدۇ، لېكىن، 60 ياشقا تولغاندا خۇددى ئاختا ئاتتا ئوخشاش، 70 ياشتا پاختىدەك بوشىشىپ قالىدۇ، ئەمدى 80 ياشقا تولغاندا ئادەم تاختا تەلەپ قىلىدۇ، يەنى جىنازا كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ، 70 ياشقا كىرگەن پادىشاھ مەندەك قىزلارنى ئالىمەن دېمەي، ئەمدى قاچان جىنازا كېلەركىن، دەپ شۇنى كۈتسۇن، پادىشاھقا ھازىر قىز ئەمەس، بەلكى تاختا كېرەك دېگىنى. مانا بۇنىڭدىن، ھەر قايسىلىرى ناتوغرا پىكىر قىلىپ ئىشقا كىرىشكەنلىكلىرى ئۈچۈن كۈلدۈم، — دەپ يەنە كۈلۈپتۇ.

پادىشاھ ئويلىسا راست. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرلەر ئالاقزادە بولۇپ، ھوش - كاللىسىنى يوقىتىپتۇ، پادىشاھ بولسا، قىزنىڭ ئۆتكۈر ۋە قاقشاتقۇچ پىكرى ئاستىدا ھوشىدىن كېتىپ ئوڭلىنالماي ئۆلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ ئۆلۈمى پۈتۈن خەلقنى خۇشال قىپتۇ. قىزنىڭ شۆھرىتى ئېشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق بۇ قىزنى « دانىشمەن قىز » دەپ ئاتاپتۇ.

— توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال دېگەندەك، بۇ تېجەمەلنىڭ قىزى ساراڭ بولسا كېرەك، خىيالىغا كەلگىنىنى جۆيلۈپتۇ، — دەپ پادىشاھقا خۇشامەت قىپتۇ. ئاندىن يەنە پادىشاھقا، — جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بىر كېچىلىك لەززىتى ئۈچۈن بۇ قانچىلىك نېمىتى. پەرمان بولسا مۇنداق قىلساق، — دەپ تاغدىكى چارۋىچىلارغا 20 بۆرە، 30 قاپلان، 40 ئارسلاننى بەش كۈندە تەييارلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدىغانلىقىنى، 60 ئاختا بولسا، ئاتخانىدا تەييار ئىكەنلىكىنى، 70 جىڭ پاختىمۇ تەييار ئىكەنلىكىنى، 80 تاختىنى ياغاچچىلارغا بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تەييارلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر مەدىكار پېشايۋان ئالدىنى سۈپۈرۈپ تۇرۇپ ھېلىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ھەم ۋەزىرلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىدىن ھەيران قېلىپ، ئۆزىنى تۇتالماي قاتتىق كۈلۈپ تاشلاپتۇ. پادىشاھ ئاڭلاپ قېلىپ دېرىزىدىن قارىسا مەدىكار يالغۇز، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق كۈلۈپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ «بۇ كۈلكىدە بىر سىر بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلاپ، مەدىكارنى ئالدىغا چاقىرىپ، نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنى سورىغانىكەن، مەدىكار: «ئۆزۈمچىلا» دەپ راستىنى ئېيتماپتۇ. پادىشاھ تېخىمۇ قىزىقىپ تېرە تاراقلىتىپ كۆرسىمۇ بىر نەتىجە چىقماپتۇ. ئاخىر غەزەپكە كېلىپ جاللاتنى چاقىرىپ، كۈلۈشنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمىسە، چېپىشنى بۇيرۇپتۇ. مەدىكار ئىشنىڭ يامان يەرگە يەتكەنلىكىنى بىلىپ:

— بىر قوشۇق قېنىمىدىن كەچسىلە ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ.

پادىشاھ: «كەچتىم» دېگەندىن كېيىن، كۈلۈشنىڭ سە-

كېرەك » دەپ، بالىنىڭ ئۆيىنىڭ روجىكىدىن ماراپتۇ. قارىسا، بالا بىھۇش ياتقۇدەك. چوكان بالىنىڭ تاپىنىنى بىگىز بىلەن تېشىپ، قېنىنى شوراۋاتقۇدەك. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بالا ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان، چوكان بولسا، كۈندىن - كۈنگە ئايدەك تولۇپ، كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران قالغۇدەك بىر گۈزەلگە ئايلىنىۋاتقانىكەن.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئاتا - ئانا چوكاننى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. بۇلار بىر كۈنى با مەسلىھەت نان يېقىش باھانىسى بىلەن تونۇرنى قىزىتىپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى چوكانغا قاراپ:

— ئەمدى تونۇر قىزىدى، سىز تۇز چېچىڭ، مەن زۇگىلا قىلاي، — دەپتۇ. چوكان:

— ماقۇل، — دەپ يوغان تونۇرغا ئېڭىشىپ تۇز چېچىشقا باشلاپتۇ. ئاتا - ئانىسى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، چوكاننى تونۇرغا ئىتتىرىپ، ئاغزىنى قاپقاق بىلەن يېپىۋاپتۇ. كەچقۇرۇن تونۇرنى ئېچىپ قارىسا، كۈل ئورنىدا چېچەكتەك ئالتۇن تۇرغۇدەك. بۇ ئاشۇ چوكاننىڭ كىشىلەرنىڭ قېنىنى شوراپ يۈرۈپ يىغقان ئالتۇنى ئىكەن. چوكان شۇ ئالتۇننىڭ تەسىرىدىن كۈندىن - كۈنگە گۈزەللەشكەن ئىكەن.

# چوكان

بۇرۇن بىر كەمبەغەلنىڭ يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ
باينىڭ قويلىرىنى بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە، بالا قويىنى ھەيدەپ كېلىۋاتسا، قاش - كۆزى
جايىدا كەلگەن بىر چوكان بوخچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ
ئۇچراپ قاپتۇ. بالا چوكاندىن:

— سىلى كىم بولىلا؟ — دەپ سورىغانىكەن.

— ئاتا - ئانام يوق، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىممۇ يوق،
بالىسى يوقتا بالا، خوتۇنى يوقتا خوتۇن بولىمەن، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بالا چوكاننى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ، بۇ
تەكلىپ چوكانغىمۇ خۇش يېقىپتۇ. ئوغلىنىڭ ئۆيگە چوكان
باشلاپ كەلگەنلىكىگە ئاتا - ئانىسى ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ،
چوكاننى «كېلىنىمىز» دەپ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئاپتۇ.
ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بالا چوكاننى
رەسىم - يوسۇنلار بىلەن ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ. بۇلارنىڭ
تۇرمۇشى بىر قانچە كۈن كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بولسىمۇ، لې-
كىن بالا بارا - بارا سارغىيىشقا باشلاپتۇ. بالىنىڭ ئەھۋالى-
نى كۆرگەن ئاتا - ئانا ھەيران بوپتۇ، ئۇرغۇنلىغان سەۋەب-
لەرنى قىپتۇ. ھېچقانداق داۋا شىپا بولماپتۇ. بالا بارغانسې-
رى ئوساللىشىپ ئۆلەر ھالەتكە يېتىپتۇ. بالىنىڭ ئاتا -
ئانىسى «ئوغلىمىز ياش ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى. بالىمىز
بالدۇر ساپساق ئىدى، خوتۇن ئالغاندىن كېيىن مۇشۇ
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، خوتۇنىدا بىر گەپ بولۇشى

ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قىز تالاغا چىقسا، بايىقى بالا ئۆز جايىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغۇدەك. قىز بۇ بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۇرغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

— ھوي بالا، سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز يوقمۇ؟ بايا شۇنداق تۇرۇۋىدىڭىز، تېخىچە قوزغالماپسىزغۇ؟

— مېنىڭغۇ ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ ئوغۇل، ئىزا تارتقانلىقىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ، — شۇ ئىشىمنىڭ تۈگۈنىنى يېشەلمەي شۇنداق تۇرىمەن.

— ئېيتىڭا، ئۇ قانداق تۈگۈن، مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ قىز.

— دادام ماۋۇ پۇلغا بىزگە ئوزۇق، كالىغا بوغۇز، توخۇغا دان ئېلىپ كەل، دېۋىدى، بازارغا بېرىپ، ئۇنى-بۇنى سوراپ باقسام، بۇ پۇلغا شۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىلا كېلىدىكەن. دادامنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بېرىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىز مۇلايىملىق بىلەن:

— مەن ئېيتىپ بەرسەم خۇش بولامسىز؟ — دەپتۇ.

ئوغۇل خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ.

— بازارغا بېرىپ، پۇلىڭىزغا قوغۇن ئېلىڭ. قوغۇننىڭ ئېتى سىلەرگە ئوزۇق، شاپىقى كالىغا بوغۇز، ئۇرۇقى توخۇغا دان بولىدۇ، — دەپتۇ قىز.

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تۇرۇپ ئويلىسا راست. ئۇ قىزغا رەھمەت ئېيتىپ، بازاردىن قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ، ئۆيىگە يېنىپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ:

— بۇنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تېپىپ ئەكەلدىڭمۇ ياكى بىر

# كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن

بۇرۇن بۇرنىكەن، توخۇ تۇرنىكەن، مانا شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئىنچىككە تاقاشقۇدەك بىر ئوغلى بولۇپ، ئەقلى - ھوشى سەل كەمرەك ئىكەن، سودا - سېتىق ئىشلىرىغا خامراق ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئادەم: «ئوغلۇم كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى ئۆيلەپ قويماي بولمايدۇ. ئوغلۇمنى باشقۇرالايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن تاپسام ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلاپتۇ. مۇنداق قىزنى ئۇرۇق - تۇغقان، قەۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئاخىر: «خېلىدىن بېرى ئوغلۇمنى تۈزۈكرەك ئىشقا سېلىپ كۆرمەپتىمەن. بىر ئىشقا بۇيرۇپ باقاي، ئاز - پاز ئەقىل كىرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ يانچۇقىدىن ئىككى پۇل ئېلىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ:

— بالام، بۇ پۇلغا بازاردىن بىزگە ئوزۇق، كالىغا بوغۇز، توخۇغا دان ئېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ.

ئوغلى پۇلنى ئېلىپ بازارغا بېرىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ باھاسىنى سوراپ كۆرۈپتۇ، قارىسا، بۇ پۇلغا پەقەت بىرلا نەرسە كېلىدىكەن. بازارنى ئايلىنىپ، دادىسى دېگەن سودىلىقنى تاپالمىغاندىن كېيىن بېشى قېتىپتۇ. ئۆيىگە يېقىن بىر خالتا كوچىغا كىرىپ، قولۇپلاقلىق بىر ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ بالىنىڭ بۇنداق تۇرغىنىنى كۆرگەن بىر قىز ئويناۋاتقان يېرىدىن قوپۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بالا بۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم

# چېچەن كېلىن

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. ئۆتكەن زاماندا ئاۋۇت مەرگەن دېگەن بىر ئوۋچى بار ئىكەن. ئۇ ئوۋچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ، لايىق ئىزدەپتۇ. ئاخىر ئوغلىنى باشقۇرغۇدەك قىز تاپالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ خوتۇنى بىلەن كېلىشىپ، باشقا جايدىن كېلىن تېپىپ كېلىشكە مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا هاۋا گۈلدۈرلەپ، قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. مەرگەن كېيىمىنىڭ هۆل بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، پاناھ جاي ئىزدەپ ماڭغانىكەن، ئالدىغا بىر تۈپ دەرەخ ئۇچراپتۇ. ئۇ دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، يېقىن جايدا كالا بېقىۋاتقان بىر توپ قىزلار ئىچىدىن بىر قىز تەمەچلىرىنى قولتۇقلاپ، كالىسىنى ئۇدۇل مۇشۇ دەرەخ تۈۋىگە هەيدەپ كەپتۇ. قالغانلىرى بولسا، كالىنى ئالدىغا سېلىپ، تەمەچلىرىنى يۈدۈپ مەهەللە تەرەپكە كېتىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ ئايرىلىپ قالغانلىقىغا چۈشىنەلمەي:

— قىزىم دوستلىرىڭىزنىڭ هەممىسى كەتتى، سىز نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىز ئالدىرىماي كالىسى بىلەن تەمەچلىرىنى دالدىغا قويۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇلار ئۆيلىرىگە كېتىشىپ ئۈچ ئىشتىن زىيان تارتتى.

ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ،

كىم ئەقىل كۆرسەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغۇل دادىسىغا راستىنى ئېيتىپتۇ. بالىنىڭ دادىسى «ھە، مېنىڭ ئوغلۇمنى باشقۇرىدىغان، چىرىقىمنى ئۆچۈرمەيدىغان دۆڭگۈلدىكىدەك كېلىن تېپىلىپتۇ» دەپ ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ بېرىپ، قىزنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ قويۇپ، يېنىپ كەپتۇ. كېيىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تويلىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەرگەن، قىزنىڭ چېچىغا گويەك (چاچتەڭگە) ئېلىپ كېلىپ تويىنى قىپتۇ. قىز بىلەن ئوغۇل ئىككىسى ئوبدان چىقىشىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ، ئاۋۇت مەرگەنمۇ تەڭلا ئوۋغا چىقىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىدىن قاچقان كىيىكنى مەرگەن ئېتىۋاپتۇ. كىيىكنى قوغلاپ كەلگەن پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ تېرىكىپ:

— سەن مېنىڭ ئولجامنى ئېتىۋالغان گۇناھىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئالدىمدىكى تاشتىن ھەپتە ئىچىدە ئۆتۈك تىكىپ كۆڭلۈمنى ئالىسەن. ئەگەر بۇيرۇقۇمنى ئورۇندىيالمىساڭ، سېنى كىيىكتەك قانغا مىلەيمەن، — دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. مەرگەن بىر ھازاغىچە شاھنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، كىيىك بىلەن تاشنى كۆتۈرۈپ خاپا ھالدا ئۆيىگە يېنىپتۇ. كېلىن قېيىنئاتىسىنىڭ خاپا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— تاشنى ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىپ خاتىرجەم ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە، پادىشاھقا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، — دەپتۇ. كېلىنىنىڭ چېچەنلىكىگە ئىشەنگەن مەرگەن خاتىرجەم بولۇپ يەنە ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ. بۇ نۆۋەت ئوۋغا چىققان پادىشاھ ئاۋۇت مەرگەننىڭ يېزىسىغا كېلىپ ئۆتۈكنى سۈرۈشتۈرمەكچى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ يېزىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوششاق بالىلار بۇ خەۋەرنى ئاۋۇت مەرگەننىڭ ئۆيىگە يەتكۈزۈپتۇ. چېچەن كېلىن ياغلىقىنى چىگىپ، قولىغا تەڭلىنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ، ئۆستەڭ بويىدىن قۇم ئېلىپ كېلىپ يۇغۇرۇشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھ ئاۋۇت مەرگەننىڭ ئۆيىنى سوراپ كېلىپ قارىسا، ئىشىك تۈۋىدە بىر چوكان تەڭلىگە قۇم قۇيۇپ يۇغۇرۇۋاتقۇدەك.

— ئۇلار قانداق ئۈچ ئىشتىن زىيان تارتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىرىنچى زىيان، — دەپتۇ قىز، — ئۇلارنىڭ كالىلىرى تېخى تويمىغان. ئۇلار يامغۇر توختىسا، كالىلىرىنى يەنە ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن كەچ بولدى دەپ ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنداق قىلىپ كالىلىرىنى تويغۇزالمايدۇ، بۇ بىر زىيان. ئىككىنچىسى، ئۆيىگە بارغۇچە تەرگەن تەمەچلىرى هۆل بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، كىيىملىرىنى هۆل قىلىۋالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ ئەقلىگە قايىل بوپتۇ. «مۇشۇ قىز ماڭا كېلىنلىككە يارايدىكەن» دېگەن خىيال بىلەن:

— قىزىم، مەن سىلەرگە مېھمان بولۇپ بارسام نېمە سويىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تاپالىساق بىر، تاپالمىساق ئىككى قوي سويىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەرگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سوراشتىن ئىزا تارتىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسى مېھمانغا سويۇشقا ئەركەك قوي ئىزدەپ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئاخىر كېلىپ، ئۆزىنىڭ بوغاز قويىدىن بىرنى سويۇپتۇ. قويىنىڭ قورسىقىدىن چىققان پاخلاننى كۆرگەن ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ «تاپساق بىرنى، تاپالمىساق ئىككىنى سويىمىز» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. ئاخشىمى تاماق ۋاقتىدا ئاۋۇت مەرگەن قىزغا قاراپ بۇرۇتىنى سىلاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ «مېنىڭ بويىمغا يەتكەن بىر ئوغلۇم بار، سەن ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دېگىنى ئىكەن. قىز كوكۇلىسىنى سىلاپتۇ. بۇ، قىزنىڭ لايىقىنى «ماقۇل» كۆرگىنى ئىكەن. تويلۇقىڭىزنى ئېيتىڭىز دېگەن ئىشارەت بىلەن مەرگەن قېشىنى سىلاپتىكەن، قىز چېچىنى سىلاپتۇ.

## سەۋەبىنى تېپىپتۇ

زامانىلارنىڭ زامانىسىدا بىر مەھەللىدە ئەمەت بىلەن سەمەت دېگەن ئاكا ـ ئۇكا ياشاپتىكەن. قارىماققا سەمەت ئاكىسى ئەمەتتىن قېرى كۆرۈنىدىكەن. بۇ ئىككىسى بىللە ماڭغان چاغلاردا ئۇلارنى تونۇمايدىغان كىشىلەر ساقىلىغا ئاق كىرىپ كەتكەن سەمەتنى چوڭ دەپ تالىشىپ قالىدىكەن.

كۆنلەردىن بىر كۆنى دەرەخ تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرغان بىرقانچە قېرىلار بىلەن ياشلار ئارىسىدا «نېمىشقا ئاكىسىدىن ئىنىسى قېرى كۆرۈنىدۇ؟» دەپ تالاش بولۇپ قاپتۇ. بىرى، ئۇنى دەپتۇ، بىرى بۇنى دەپتۇ، لېكىن ھېچكىم سەۋەبىنى تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇلاردىن بەش ـ ئالتە كىشى ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىلىپ كەلمەكچى بولۇپ مېڭىشىپتۇ. ئاۋۋال سەمەتنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. مېھمانلارنى كۆرۈپ سەمەتنىڭ خۇشاللىقى ئىچى-ئىچىگە پاتماي قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېپتۇ، لېكىن سەمەتنىڭ خوتۇنى چىرايىنىمۇ ئاچماي بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىپتۇ. سەمەت خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ياخشى مېھمانلار كەلدى، بىرەر نېمە قىلساڭچۇ، — دەپتۇ.

— ئۆيدە گۆش يوق، — دەپتۇ خوتۇنى قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە دومسىيىپ.

— گۆشىمىز بولمىسىمۇ بىر ئامال قىلساڭچۇ، — دەپتۇ مېھمانلار ئالدىدا خىجالەت بولغان سەمەت.

— ھەي قىزىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ قۇمنى يۇغۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزلىرى دادامغا بۇيرۇغان ئۆتۈككە ئاپ-قۇت قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوكان. بۇ سۆزگە ھەيران قالغان پادىشاھ:

— قۇممۇ ئاپقۇت بولامدىكەن؟ — دەپ سورىغانىكەن. قىز:

— تاشمۇ ئۆتۈك بولامدىكەن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۆزىنىڭ كەپتە يېڭىلگەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھ لام - جىم دېيەلمەستىن كەينىگە يېنىپ، كەلگەن جايىغا قايتىپتۇ.

داستىخاننى باغدىكى شىپاڭغا سالغىن، غىزانى سەگىدەپ ھۇزۇر قىلىپ يەيلى.

خوتۇنى ئېرىنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. ئەر - خوتۇن شىپاڭدا ئولتۇرۇپ غىزا يەپتۇ. قورسىقى راسا تويۇپ ھۇزۇرلانغان كۆرەك بايۋەچچە ئاسماندا توپ - توپى بىلەن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان غازلارنى كۆرۈپ:

— خوتۇن، چاپسان ئوقيانى ئېلىپ چىق. كېتىۋاتقان غازلارنى بىر ئوۋلاي، — دەپتۇ. خوتۇنى ئىندىمەي، شۇئانلا ئوقيانى ئاچىقىپ بېرىپتۇ. كۆرەك بايۋەچچە ئوقيانى توغرىلاپ، پەس ئۇچۇپ كېتىۋاتقان غازلارغا قارىتىپ ئاتقانىكەن، توپ ئىچىدىن بىر غاز پالاقلاپ يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن كۆرەك بايۋەچچىنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ:

— ئەمدى نېمە دەيسەن خوتۇن، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان غازنى چۈشۈرگىنىم پېشانەمنىڭ ئوڭلۇقى، زوۋۋالامنىڭ چوڭلۇقى ئەمەسمۇ؟! مەندەك بىر ئامەتلىك ئادەمگە خوتۇن بولغىنىڭغا شۈكرى قىلساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوغىسى قايناپ:

— سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇما،
بويتاق يۈرگەن چېغىڭدا،
بىر يارماق يوق قولۇڭدا،
تاپقىنىڭنى تۈگىتىپ،
يۈرەر ئىدىڭ تۈگۈلۈپ.
مەن كەلگەچكە ئۆيۈڭگە،
ئېچىنغاچقا كۈنۈڭگە،
تېجەپ تۇتۇپ ئۆيۈڭنى،
غادايتتىمۇ بوينۇڭنى؟! — دەپتۇ.

# کۆرەك بايۋەچچە بىلەن پەملىك ئايال

بۇرۇنقى زامانىدا بىر کۆرەك بايۋەچچە بىلەن بىر پەملىك ئايال ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتكەنىكەن. کۆرەك بايۋەچچە «ئىككى نان تاپسا بىرنى داپ چېلىپ»، «باردا پولدۇرۇك، يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇك» دېگەندەك، تاپقىنىنى چوك يەپ، چوك ئىچىپ بايۋەچچىلىك قىلىپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بەكمۇ هاكاۋۇر ئىكەن. خوتۇنى بولسا پەملىك، ھەممە ئىشقا ئەپلىك ئىكەن. ئېرىنىڭ تاپقىنىنى سەپ بىلەن ئىشلىتىپ، تېرىپ - تۇشۇپ، يېگىنىنى ئاسراپ، كونىسىنى ياماپ، يوقنى بار قىلىپ ئۆتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھال - ئوقىتى بىرئاز ياخشىلانغانىكەن.

کۆرەك بايۋەچچە خوتۇنىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئانچە - مۇنچە ئېشىنىپ، ھاللىق بولۇپ قالغىنىغا تەن بەرمەي، خوتۇنىغا:

— ئامەتىمنىڭ بولغىنىدىن،
تەلىيىمنىڭ ئوڭلىقىدىن،
كۆرۈۋاتىسەنغۇ راھەت،
تارتماي قىلچە ئەلەم - دەرد؛
بۇمۇ ساڭا بىر ئامەت، — دەپ كۆرەڭلەيدىكەن.

ئەمما خوتۇنى ئېغىر بېسىقلىق قىلىپ ئۇنچىقمايدىكەن. ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قورساق راسا ئېچىپتۇ، چۈشلۈك غىزا پىشىپتۇ.

— خوتۇن، — دەپتۇ بايۋەچچە، — ھاۋا بەك ئىسسىق

ئۆزىنىڭ ئىنتايىن نامراتلىقىنى ئېيتىپتۇ. پەملىك ئايال:

— ئەندىشە قىلماڭ، سەۋەب قىلساق ئۇچىمىز، ياخشى ئۆتەر كۈنىمىز، — دەپتۇ.

ئايال بوۋاينىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بوۋاي بىلەن مومايىنى خۇددى ئۆز ئاتا - ئانىسىدەك ھۆرمەتلەپتۇ، خىزمىتىنى ئوبدان قىپتۇ. بوۋاينىڭ ئوتۇن سېتىپ ئەكىلىدىغان ئۇنىنى قازانغا بىراقلا سېلىپ ئوماچ چالماي، كۈندە بىر سىقىم ئاشۇرۇپ قېلىپ، قالغىنىنى خېمىر يۇغۇرۇپ، ئۈگرە كېسىپ، سۇيۇق ئاش قىلىدىغان بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن موماي:

قىزىم، بىر سىقىم ئۇننى ئېلىپ قېلىپ نېمە قىلارسىز؟
ئانچىلىك ئۇن نېمىگىمۇ دال بولار، — دەپتۇ. ئايال:

— تاما - تاما كۆل بولار،
سىقىم - سىقىم ساك تولار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ - دە، كۈندە بىر سىقىمدىن ئۇننى ئاشۇرۇپ قېلىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئايلار ئۆتۈپ، كۈنلەر ئۆتۈپ، خېلى نۇرغۇن ئۇن يىغىلىپتۇ. پەملىك ئايال بوۋايغا:

— ئەمدى ئوتۇن ساتسىڭىز ئۇن ئەكەلمەي، ئۇنىنىڭ پۇلىغا ئۆيدە باققۇدەك بىر جانلىق ئەكىلىڭ، — دەپتۇ.

بوۋاي ئوتۇنىنى سېتىپ، بازاردىن بىر مېكىيان ئېلىپ كەپتۇ. بوۋاينىڭ بۇ ئىشىدىن پەملىك ئايال تازىمۇ خۇشال بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، پەملىك ئايال توخۇلارنى بېقىپ، تۇخۇمنى يىغىپ، باسۇرۇپ جۆجە چىقىرىپتۇ. جۆجىلەر توخۇ بوپتۇ، تۇخۇملىرى مول بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ھالكۈنى خېلى ياخشىلىنىپتۇ. شۇندىن كېيىن پەملىك ئايال بوۋايغا يەنە:

— ئەمدى ئوتۇنغا بارماڭ، يەر ئاچايلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بوۋاي ماقۇل بوپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دۆرەك بايۋەچچە ئاچچىقلىنىپ چالۋاقاپ كېتىپتۇ:

— بۇ گەپچە، مېنى سەن بېقىۋېتىپسەن - دە؟ بۇگۈندىن باشلاپ ئۆيۈمدىن چىق. سەن بولمىساڭمۇ راھەت - پاراغەتتە ئۆتۈۋېرىمەن. چەندازامدا پۇل بولسا، خوتۇن ئوينار قېشىمدا، — دەپتۇ. خوتۇنى

— خوپ، — دەپتۇ - دە، بوخچىسىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ يول مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. بىر يېزىغا يېتىپ بارغاندا ئالدىغا بىر ئوتۇنچى بوۋاي ئۇچراپتۇ. بوۋاي بۇ خوتۇننىڭ ئەلەم بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ:

— قىزىم، يول بولسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىزى يوققا قىز بولغىلى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال. بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ناۋادا كەمبەغەل كۆرمىسەڭ، بىزگە بالا بول، — دەپتۇ. پەملىك ئايال ماقۇل بوپتۇ.

بوۋاينىڭ يا ئوغلى، يا قىزى يوق ئىكەن. موماي بىلەن ئىككىسى بىر كەپىدە ئولتۇرىدىكەن. بۇلار بوۋاينىڭ ئوتۇنچىلىقى بىلەن يېرىم ئاچ، يېرىم توق، بېشىغا تاپسا، ئايىغىغا يوق، بەكمۇ نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بوۋاي كۈندە بىر يۈدە ئوتۇن كېسىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن، ئۇنىڭغا ئۇن ئېلىپ ئۆيىگە كېلىدىكەن. موماي بولسا، خالتىنى ئىككى بۇرجىكىدىن تۇتۇپ ئۇننى قازانغا بىرلا تۆكىدىكەن - دە، بوۋاينىڭ ئەكەلگىنىنى بىر قېتىمدىلا ئۇماچ چېلىپ تۈگىتىدىكەن. ئەتىسى بوۋاي يەنە ئوتۇن سېتىپ ئۇن ئەكەلگۈچە موماي ئاچ ئولتۇرىدىكەن.

بوۋاي ئايالنىڭ بالىلىققا ماقۇل بولغىنىغا بىر تەرەپتىن خۇشال بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن دەرگۇمانىدا بولۇپ،

# پادىشاھ بىلەن باقال

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ساۋۇت دېگەن كەمبەغەل بىر باقال بارىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ناۋات ياساپ، غالتەك بىلەت بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. خوتۇنى ئايخان ئەمگەكچى، چىرايلىق بىر ئايال بولۇپ، ئۇلار بەك كەمبەغەللىكتە تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، لېكىن ئەر-خوتۇن ئىككىسى ناھايىتى ئىناق تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئايخان سۇ ئەكەلگىلى كوچىغا چىققاندا، بەختكە قارشى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مەككار ۋەزىر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ۋەزىر بۇ چىرايلىق خوتۇننى كۆرۈپ قېلىپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلىۋاپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ زالىم بىر پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ 41 خوتۇنى بارىكەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، بىرەر چىرايلىق قىز ياكى خوتۇننىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسىلا، زورلۇق بىلەن ئېلىۋالىدىكەن. ئۇ، شۇ كېچىسىلا ۋەزىرى بىلەن بىرقانچە ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ، زورلۇق بىلەن ئايخاننى ئۆز ئوردىسىغا ئالدۇرۇپتۇ.

ئايخان ئوردىدا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، ھامان ئېرىنى ئەسلەيدىكەن، كۈن بويى قاپىقى ئېچىلماي، پادىشاھقا بەكمۇ غەزەپلىنىدىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپ چارىلەرنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ.

ئايخاننى زورلۇق بىلەن تارتىپ ئەكەتكەندىن كېيىن،

ئۇلار بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق تېرىپ، دېھقانچىلىق قىپتۇ. ھوسۇللىرى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پەملىك ئايالنىڭ سەۋەبى بىلەن ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى كۆرەك بايۋەچچىدىن ئاڭلايلى. كۆرەك بايۋەچچە خوتۇنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن:

ئىش - ئوقەتنى ئاز قىلىپ،
تاماشانى ساز قىلىپ،
بار - يوقىنى يەپ بوپتۇ،
ئەل ئىچىدە گەپ بوپتۇ.
بىر داچەنگە زار بوپتۇ،
يۇرت ئىچىدە خار بوپتۇ.

شۇ چاغدا بايۋەچچە ئۆز خوتۇنىنىڭ قەدرىگە يېتىپتۇ. ئۇ، خوتۇنىنى ئىزلە - ئىزلە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەردىن كېيىن بوۋاينىڭ ئۆيىدىن تېپىپتۇ. يىغلاپتۇ - قاقشاپتۇ، ناماقۇل بولۇپ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. خوتۇنىمۇ ئۇنى ئەپۇ قىپتۇ. ئوتتۇنچى بوۋايغا كۆيئوغۇل بولۇپ كىرىپتۇ. بايۋەچچە «كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەننى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، كۆرەڭلىمەيدىغان بوپتۇ. شۇندىن كېيىن بوۋاي بىلەن موماي، كۆرەك بايۋەچچە بىلەن پەملىك ئايال بىر ئائىلىدە ھالال ئەمگەك قىلىپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

# گومۇش شاھزادە

بۇرۇنقى زاماندا بىر چوڭ پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ دۇنيادا بىرلا بالىسى بارىكەن. ئۇنىڭغانغا يۇنىڭغانىدەك، بۇ بالا گومۇش بولۇپ چوڭ بوپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى ئۆيلەمەكچى بوپتۇ، بىراق بالىسىنىڭ گومۇشلۇقىدىن ئەنسىرەپ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ زىرەك ۋەزىرىنى قېشىغا چاقىرىپ:

— بالامنى ئۆيلىمەكچى بولۇۋاتىمەن. ساڭا مەلۇم، بۇ گومۇشراق بالا بولۇپ قالدى، ئۆيلەنگەندىن كېيىن گومۇشلۇق قىلىپ ئىشنى چاندۇرۇپ يۈرمىسۇن. ھازىرچە قۇدىلار بالامنىڭ گومۇشلۇقىنى بىلمەيدۇ، ئۆيلەنگەندىن كېيىن سەن ئۇنىڭ بىلەن قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بىللە بېرىپ - كېلىپ يۈرسەڭ ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ. ۋەزىر ماقۇل بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ بالىسىنى ئۆيلەپتۇ. ۋەزىر گومۇش شاھزادىنى قېيىناتىسىنىڭ ئۆيىگە جۇمەلىتىپ ئاپىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ قۇدىلىرى كۈيئوغلى بىلەن ۋەزىرنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قاپتۇ.

كۈيئوغلى بىلەن ۋەزىر سېرىدىق سىرلاقلىق دۈگىلەك جوزىنىڭ ئەتراپىدا قېلىن سېلىنغان كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپتۇ. جوزىنىڭ ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ۋەزىر ئۇنىڭ ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغانلىقىنى بىلىپ شاھزادىگە:

— ۋاي شاھزادەم، قېيىن ئانىلىرى كىرگەندە جوزىنىڭ گىرۋىكىگە مۇشتىلىرى بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ: «ماۋۇ

ساۋۇت ئۆيدە يالغۇز قېلىپ بەكمۇ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ، ئايخان بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تېپىش ئۈچۈن، يەنە ناۋات ياساپ غالتەك بىلەن ئوردا تەرەپكە بېرىپتۇ.

ئايخان ئوردىنىڭ ئىچىدە ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ - دە، ئېرىنى كۆرۈش بىلەن خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ئايخاننىڭ خىزمىتىگە قويۇلغان كېنىزەك بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋېلىپ پادىشاھقا:

— ئايخان ناۋاتچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ناۋاتچىنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ. ساۋۇت بۇنىڭ سىرىنى ئۇقالماي بەك قورقۇپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ جازالاش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ، بىر ئاز خاتىرجەم بوپتۇ. پادىشاھ ساۋۇتنى ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيىپتۇ، غالتەكنى ھەيدىگەن ھالدا ناۋاتچىدەك توۋلاپ، ئايخان تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەقىللىق ۋە جەسۇر ئايخان پادىشاھنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ دەرھال بىر پىكىرگە كەپتۇ - دە، شۇ ئاندىلا ياساۋۇللارنى چىقىرىپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىگانە كىشىنى ئۆيۈمگە يېقىن كەلتۈرۈسىلەر؟! ئەگەر پادىشاھ بىلىپ قالىدىغان بولسا، بىرىڭلارمۇ ساق قالمايسىلەر! بۇ كىشىنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ توۋلاپتۇ. ياساۋۇللار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئايخان ئۆزىنىڭ ئېرىنى تېپىۋاپتۇ. ساۋۇت شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ.

ئوردىدىكىلەرنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەن، كىشىلەر پەقەت ئايخاننى پادىشاھقا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپتۇ، دېيىشىپتۇ. پادىشاھمۇ شەپقەتلىك بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.

# گومۇش شاھزادە

بۇرۇنقى زاماندا بىر چوڭ پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ دۇنيادا بىرلا بالىسى بارىكەن. ئۇنىڭغا يۇنىغاندەك، بۇ بالا گومۇش بولۇپ چوڭ بوپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنى ئۆيلەمەكچى بوپتۇ، بىراق بالىسىنىڭ گومۇشلۇقىدىن ئەنسىرەپ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ زېرەك ۋەزىرىنى قېشىغا چاقىرىپ:

— بالامنى ئۆيلىمەكچى بولۇۋاتىمەن. ساڭا مەلۇم، بۇ گومۇشراق بالا بولۇپ قالدى، ئۆيلەنگەندىن كېيىن گومۇشلۇق قىلىپ ئىشنى چاندۇرۇپ يۈرمىسۇن. ھازىرچە قۇدىلار بالامنىڭ گومۇشلۇقىنى بىلمەيدۇ، ئۆيلەنگەندىن كېيىن سەن ئۇنىڭ بىلەن قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بىللە بېرىپ - كېلىپ يۈرسەڭ ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ. ۋەزىر ماقۇل بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ بالىسىنى ئۆيلەپتۇ. ۋەزىر گومۇش شاھزادىنى قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە جۈمەلىتىپ ئاپىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ قودىلىرى كۆيئوغلى بىلەن ۋەزىرنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قاپتۇ.

كۆيئوغلى بىلەن ۋەزىر سېرىق سىرلاقلىق دۈگىلەك جوزىنىڭ ئەتراپىدا قېلىن سېلىنغان كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپتۇ. جوزىنىڭ ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ۋەزىر ئۇنىڭ ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغانلىقىنى بىلىپ شاھزادىگە:

— ۋاي شاھزادەم، قېيىن ئانىلىرى كىرگەندە جوزىنىڭ گىرۋىكىگە مۇشتىلىرى بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ: «ماۋۇ

ساۋۇت ئۆيىدە يالغۇز قېلىپ بەكمۇ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ، ئايخان بىلەن كۆرۈشۈشكە پۇرسەت تېپىش ئۈچۈن، يەنە ناۋات ياساپ غالتەك بىلەن ئوردا تەرەپكە بېرىپتۇ.

ئايخان ئوردىنىڭ تېشىدا ئېرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ - دە، ئېرىنى كۆرۈش بىلەن خۇشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي كېتىپتۇ. ئايخاننىڭ خىزمىتىگە قويۇلغان كېنىزەك بۇنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋېلىپ پادىشاھقا:

— ئايخان ناۋاتچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ناۋاتچىنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ. ساۋۇت بۇنىڭ سىرىنى ئۇقالماي بەك قورقۇپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ جازالاش نىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ، بىر ئاز خاتىرجەم بوپتۇ. پادىشاھ ساۋۇتنى ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيىپتۇ، غالتەكنى ھەيدىگەن ھالدا ناۋاتچىدەك توۋلاپ، ئايخان تۇرغان ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەقىللىك ۋە جەسۇر ئايخان پادىشاھنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ دەرھال بىر پىكىرگە كەپتۇ - دە، شۇ ئاندىلا ياساۋۇللارنى قىچقىرىپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق بىگانە كىشىنى ئۆيۈمگە يېقىن كەلتۈرۈسىلەر؟! ئەگەر پادىشاھ بىلىپ قالىدىغان بولسا، بىرىڭلارمۇ ساق قالمايسىلەر! بۇ كىشىنى دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ توۋلاپتۇ. ياساۋۇللار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئايخان ئۆزىنىڭ ئېرىنى تېپىۋاپتۇ. ساۋۇت شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ.

ئوردىدىكىلەرنىڭ ۋە پۇقرالارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەن، كىشىلەر پەقەت ئايخاننى پادىشاھقا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتىپتۇ، دېيىشىپتۇ. پادىشاھمۇ شەپقەتلىك بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.

ئۇنىڭغا ئازراق دەم ئېلىپ، بىرەر چىشلەم بىر نەرسە يەۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقماپتۇ. ئۇ، راسا ھېرىپ، ھالى قالماي، ھويلا سۈپۈرۈۋاتقاندا توپىنىڭ ئارىسىدىن بىر كۈمۈش پۇل تېپىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى توق بولۇپ، باقى كەلگەندە راسا ماختىنىپ، ئۇنى بىر ئالداشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كەچلىكى ئۇلار ئوچاقنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ:

— پاھ، ئاغىنە! مالچى بولۇش نېمە دېگەن ياخشى، تىپ - تىنچ، راھەت. مالنى يېغىپ قويىسەن - دە، ئۇخلايسەن. ئۇزاق كۈننى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزىسەن. ئۆيگە كەلگەندە باي ئاتام بىلەن ئاغىچا ئاپام قەنت بىلەن چاي، بوغۇرساق بىلەن ماي بېرىدۇ، نېمە يەيمەن، نېمە ئىچىمەن دېسەڭ، شۇ تەييار. شۇڭا قوينۇمدىكى نېنىمنى يېگىنىم يوق، كۆردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ باقى.

— ئۆي ۋە ھويلا ئارامنىڭ ئىشىمۇ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن، بارلىق ئىشنى بىردەمدە تۈگىتىۋېتىسەن - دە، ئاندىن بوشاپ قالىدىكەنسەن. شۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان ئىش يوق، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىمەن. باي ئاكام بىلەن ئاغىچا ھەدەمگە ئۇسسۇلۇم يېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، «بەللى يىگىت!» دەپ ماڭا بىر مۇنچە پۇل بەردى، كەچكىچە خەجلىسەم يەنە بىرى ئېشىپ قالدى، — دەپ ھېلىقى تېپىۋالغان كۈمۈش پۇلنى كۆرسىتىپتۇ ساقى.

پۇلنى كۆرۈپ باقىنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ - دە، ساقىنى ئالدىماقچى بولۇپ:

— بىراق، مال باققاندا ئادەم يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ كېتىدىكەن، — دەپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ساقىغا قاراپ قويۇپتۇ.

— بۇنى بىر دېمە! بۇ يوغان ھويلىدىكى تۆت تامنىڭ

بوپتۇ. ھەر ئىككىسى ئۆيلىرىگە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىپ، قاپلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ باقسا، بىرىنىڭكىدىن قوي قومۇلىقى، يەنە بىرىنىڭكىدىن تۆگە مايىقى چىقىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى «خەپ» دېگىنىچە دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ - دە، يولى كەلگەندە بىر - بىرىنى راسا بىر قاپقانغا چۈشۈرۈپ، يۇخادىن چىقىشنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

— كۈنلەر ئۆتۈپ باقى بىلەن ساقى يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— يول بولسۇن؟ — دەپتۇ باقى ساقىغا.

— جىلىل بايىنىڭكىگە ئىش ئىزلەپ كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ ساقى.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ باراي، ئىككىمىز بىللە ئىشلەپ قالساق ياخشى ئەمەسمۇ، — دەپتۇ باقى.

جىلىل بايغا مال بېقىپ بېرىشكە بىر مالچى، چوڭ قوراسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە بىر مالاي لازىم ئىكەن. باقى مال باقماقچى، ساقى باي قوراسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلماقچى بولۇپ ئىشقا كىرىشىپتۇ.

باقى ئەتىگەن تۇرۇپ، بىر پارچە قاتتىق ناننى قوينىغا سېلىپ، بىر قوتان مالنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇ دالىدا ئەتىدىن - كەچكىچە كۈنگە قاقلىنىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن سۇغا زار بولغانىنىڭ ئۈستىگە تازىلىپ كەتكەن ماللارنى يىغىمەن، دەپ قوش جاپا تارتىدىكەن. تاپىنىغا كىرگەن تىكەنلەر پۇتىدىن قان ئېقىتسا، تاپاندىن ئۆتكەن ئىسسىق كۆزىدىن ياش چىقىرىدىكەن. باقى بىرىنچى كۈنىلا شۇنچىلىك ھېرىپ كېتىپتۇكى، ئېلىپ كەلگەن قاتتىق ناننى يېيىشكىمۇ دەرمانى قالماي، كەچقۇرۇن ئۆلەي - ئۆچەي دەپ ئۆيگە ئاران يېتىپ كەپتۇ.

باي ئۆيىنىڭ ئىشىمۇ ساقىغا ئاسان چۈشمەپتۇ!

ئاندىن ئۇ ھېلىقى تۆشۈكتىن خەزىنە ئىچىگە قاراپ:

— ھەي قارا يۈز، مېنى ئالداپ نېمە ئىشلارنى قىل-
مىغان ئىدىڭ؟! ئەمدى مەن ئالتۇننى ئالدىم، سەن خەزى-
نىدە قالدىڭ. ئەتە ئۆزۈڭنى داردا كۆرىسەن، — دەپ شامال
ھەيدىگەن قامغاقتەك يولغا راۋان بوپتۇ. لېكىن، خەزىنە يې-
نىدىن ئانچە يىراققا بارمايلا نەپسى تاقىلداپ ئالتۇنلارنى
كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ كېتىپتۇ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ
ئاغزىنى ئېچىپتۇ. شۇ چاغدا ساندۇق ئىچىدىكى ساقى:

— ھوي قارا نىيەت، سەن مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ
بەرمەكچىمىدىڭ، — دېگىنىچە ئىرغىپ قوپۇپ ياقىغا ئېسى-
لىپتۇ. ئاجرىتىدىغان ئادەم يوق. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى
تازا مۇشتلاپ، ئاغزى - بۇرنى قان بولۇشۇپتۇ. پادىشاھنىڭ
غەزىنىسى ئەتراپىدا ئۇخلاۋاتقان لەشكەرلىرى بۇ ئوپۇر -
توپۇرنى ئاڭلاپ، ئويقۇلىرىنى ئېچىپ كېلىپ قارىسا، بىر
ساندۇق ئالتۇننىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم مۇشتلىشىۋاتقۇدەك.
لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ئوردىغا ئې-
لىپ مېڭىپتۇ. ئەتىسى ئۇلارنىڭ خەزىنىگە تەككەن ئوغرىلار
ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى دارغا ئېسىلىپتۇ.
« ئالدامچى بىلەن يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام » دېگەن
سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

ئىچىدە مەنمۇ زېرىكىپ كېتەتتىكەنمەن، — دەپتۇ ساقى.
بولمىسا ئىشلىرىمىزنى تېگىشىمىزمۇيە؟ — دەپتۇ
ھەر ئىككىلىسى تەڭلا.
ئەتىسى ساقى مال بېقىشقا چىقىپ، ئەتراپقا پىتىراپ
كەتكەن ماللارنى يىغالماي جېنى تومشۇقىغا يېتىپتۇ. ئۆزى-
نىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ «خەپ» دېگىنىچە باينىڭ مال-
لىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ.
باقىمۇ ھويلىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتەلمەي كۆرمىگەننى
كۆرۈپتۇ. كەچكە يېقىن بولالماي ئۇمۇ قويرۇقنى تىكىۋېتىپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار ئىككىسى يەنە ئۇچرىشىپ
قاپتۇ. «قوشماق مېغىزدەك يېقىن دوستلار تۇرۇپ، نېمە ئۇ-
چۈن بىر - بىرىمىزنى ئالداپ يۈرىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە
ئىناق بولۇپ، باشقىلارنى بابلايلى» دېيىشىپتۇ ئۇلار. مەس-
لىھەتلىشىپ خاننىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلىماقچى بولۇشۇپتۇ.
باقى بىر ئارغامچا، ساقى بىر ساندۇقنى ئېلىپ، خاننىڭ
خەزىنىسىگە كېچىلەپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قاراۋۇللارنىڭ
ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خەزىنىنى ئۈستىدىن
تېشىپتۇ. باقى ساقىنى ساندۇققا سېلىپ ئارغامچا
بىلەن خەزىنىگە چۈشۈرۈپتۇ. ساقى ساندۇقتىن چىقىپ، چوڭ-
قۇر خەزىنىنىڭ تېگىدىكى ئالتۇنلارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ.
ساندۇقنى يېرىمىغىچە ئالتۇنغا توشتۇرۇپ، باقىغا قاراپ:
— يېرىم ساندۇق بولسا بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— توشتۇر، توشتۇر، لىق توشتۇر! — دەپتۇ باقى.
ئاغىنىسىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلگەن ساقى «سان-
دوقنى لىق توشتۇرۇپ بەرسەم، ساندۇقنى تارتىۋېلىپلا،
مېنى تاشلاپ قاچىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ساندۇقنىڭ
ئىچىگە ئۆزى چۈشۈپ «تارت!» دەپتۇ. ساندۇقنىڭ ئاغزى
يېپىلمايلا باقى ساندۇقنى بار كۈچى بىلەن تارتىۋاپتۇ.

— مەيلى، چىقساق چىقىپ كېتەيلى، ئەمما قانداق چىقىمىز؟ ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇزۇن شوتا تېپىپ بولامدىكىن؟ — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇنداق ئۇزۇن شوتىغۇ تېپىلماس، لېكىن شوتىسىز چىقىشنىڭ يولى بار، — دەپتۇ هاسان دەۋلەك.

— قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— تاغدىكى هاڭدا بىر سۇمرۇغ قۇشنىڭ ئۇۋىسى بار. مەن ئۇنى بىر كۈنى ئاتامنى ئەگىشىپ تاغقا بارغاندا كۆرگەنمەن. بىر ئامال قىلىپ ئەنە شۇ قۇشنى تۇتۇۋالساق ئاسمانغا شۇ ئاچىقىپ قويىدۇ، — دەپتۇ هاسان دەۋلەك.

— بۇ ياخشى پىكىر، مەيلى، بولمىسا، ئەتىلىككە شۇنداق قىلىلى، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ئىككى هورۇن ئاخىر شۇ مەسلىهەتكە كەپتۇ - دە، ئەتىسى سەهەر تۇرۇپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تاغقا يېتىپ كېلىپ هاڭدىكى سۇمرۇغ قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋاپتۇ. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن ۋاقىتتا سۇمرۇغ قۇش غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇۋىسىغا قونۇشى بىلەن هاسان دەۋلەك قۇشنىڭ بىر پۇتىنى مەهكەم تۇتۇۋاپتۇ - دە، دوستىغا:

— مېنىڭ پۇتۇمنى تۇت! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ساۋۇت قاپاق شۇ زامان دوستىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپتۇ. قۇش قورقىنىدىن يەنە هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ساۋۇت قاپاق هاسان دەۋلەكنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ، هاسان دەۋلەك بولسا قۇشنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ پۇلاڭلىغىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.

قۇش بۇلارنى يەتتە قات بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئەكىرىپ يۈرۈپتۇ.

# ئىككى ھورۇننىڭ ئۆلۈمى

ئىلگىرىكى زاماندا ھاسان دەۋلەك ۋە ساۋۇت قاپاق دېگەن ئىككى ھورۇن بولغانىكەن. ئۇ ئىككىسى ناھايىتى ھورۇن ئىكەن. ئۇلار ئاتىسىنىڭ تاپقىنىنى يەپ، ئۆزلىرى زادى ئىشلىمەيدىكەن، ئەتىدىن - كەچكىچە دۈمبىسىنى تامغا يۆلەپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كۆزىگىمۇ يامان كۆرۈنۈپ قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇلار قورسىقىغا بىر پارچە نانمۇ تېپىپ يېيەلمەي، بىر نەچچە كۈن ئاچ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئىشلىمىسىمۇ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك تەييار بىر يەرلەرگە كەتسەك ياخشى بولاتتى - دە، قەيەردە شۇنداق ياخشى يەرلەر باردىكىن؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— كىم بىلىدۇ، يەر يۈزىدە ئۇنداق يەرلەر بارمۇ - يوقمۇ، لېكىن ئاسماندا بولسا كېرەك. چۈنكى ئاسماندا پەرىشتىلەر ۋە باشقا خاسىيەتلىك مەخلۇقلار ياشايدۇ دېيىشىدۇ، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئۇنداق بولسا، بىزمۇ شۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتەيلى، بۇ مېھنەتى كۆپ يەرلەردە خار بولۇپ نېمە قىلىمىز؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

# ۋاپاسىز باللار

ئۆتكەن زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ئۆتكەنىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈچ ئوغلى باركەن، مال - دۇنياسىمۇ خېلى كۆپ ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇ: «ئاۋادا ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام، باللىرىم مىراسنى بۆلۈشەلمەي جېدەل - غوۋغا چىقىرىپ يۈرمىسۇن، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا مىراسنى بۆلۈپ بېرىۋېتەي» دەپ، موماي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، مال - مۈلكىنى بۆلۈپ بېرىۋېتىپتۇ ھەم ئانىسىغا ئوبدان قاراشنى تاپىلاپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە ۋاق ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاينىڭ كېسىلى شىپالىق تېپىپ، يەنە بۇرۇنقى ھالىغا كېلىپ قاپتۇ، بىراق باللىرى ئۆزىگە تەگكەن مال - دۇنيا بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاتا - ئانىسىغا قارىماپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي تۇرمۇشتىن قىينىلىپ، كۆپ ھەسرەت چېكىپتۇ، پۇشايمان قىپتۇ، لېكىن ئورنىغا كەلمەپتۇ. بوۋاي بىر كۈنى مومايغا:

— باللار بىزگە قارىمىغاندىن كېيىن ئەمدى ئۆزىمىز بىر ئىلاج قىلايلى، — دەپتۇ - دە، بىر ئۆچكە مۈڭگۈزگە خەت يېزىپ، ئۇنى بىر كىچىك ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپتۇ.

بوۋاي ساندۇقنى نەگە بارسا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. موماي ئېرىنىڭ بۇ قىلىقىغا ئەجەبلىنىپ:

— بۇ قۇدۇق ساندۇقنى نىمىشقا كۆتۈرۈپ يۈرىسىلا؟ —

— ئاسمانغا يېتەي دېدۇقمۇ؟ قوللىرىم تېلىپ كەتتى-
غۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ھەئە، ئاز قالساق كېرەك، تۆشۈكى كۆرۈنۈپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاسان دەۋلەك ئۈستىدە بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ.

— ئاسماننىڭ تۆشۈكى قانچىلىك بارىكەن؟ بىز پاتىمىزمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ھاسان دەۋلەك ئۈستىدىكى تۆشۈك دەپ ئويلىغان نەرسىنىڭ يوغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

— مانا مۇنچىلىك بارىكەن، — دەپ قوشنىنىڭ پۇتىنى قويۇۋەتكەنىكەن، ھەر ئىككىلىسى يەرگە پولاڭلاپ چۈشۈپ، مىجىقلىرى چىقىپ ئۆلۈپتۇ.

ئاخىرىدا سودىگەرچىلىك بىلەن كۈندىن - كۈنگە تېخىمۇ بېيىپ كېتىۋاتقان كەنجى ئوغلى ھەممىسىدىن كۆپ سوۋغا - سالام ئېلىپ كەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دادا، ئانا، ئەھۋالىڭلار قانداق؟ ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۆپتىن بېرى ھالىڭلاردىن خەۋەر ئالالمىدىم، سودىگەرچىلىكنىڭ ئېتى قۇرۇسۇن، بۇنى سىزدەك ئەقلى كامىل ئادەم قىلمىسا، بىزگە بەك قىيىن ئىكەن، — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ بوۋاي، — سەنمۇ ياخشى ئوقەت قىلىۋاتىسەن ئوغلۇم، خۇدا بەركىتىنى بەرسۇن. ھال - سوراپ كەلگىنىڭگە رەھمەت، بۇندىن كېيىنمۇ كېلىپ - كېتىپ تۇرغىن.

شۇندىن تارتىپ ئۈچ ئوغۇل دادىسىنىڭ ساندۇقىدىكى دۇنياغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى بوۋاينىڭ قېشىدىن كەتمەيدىغان بوپتۇ. ئۇنى ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن بېقىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە ۋاق ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈچ ئوغۇل بوۋاي بىلەن مومايىنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تەڭلا كەپتۇ، بوۋاي - مومايىنى تالىشىپ مۇشتلىشىپ قېلىشقا تاسلا قاپتۇ، بوۋاي:

— بالىلىرىم، بۇنچىلىك مېھرىبانلىقىڭلار ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ رەھمەت. مەن ئاۋۋال كەنجى ئوغلۇمنىڭكىگە باراي، ئاندىن ئىككىڭلارنىڭكىگە بارسام قانداق؟ — دەپتۇ.

چوڭ ئوغۇللىرى نائىلاج رازى بولۇشۇپتۇ.

بوۋاي كەنجى ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. بىر نەچچە كۈن ناھايىتى ياخشى مېھمان بوپتۇ. بىر كۈنى تاماق يەۋېتىپ، كەنجى ئوغلى دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا ساندۇقتا نېمە بار؟

دەپ سوراپتۇ.

— ھەي، خوتۇن، — دەپتۇ بوۋاي، — بالىلىرىمىز بىزنى مۇشۇ كۈنگە قويدى، ئەمدى بىزمۇ تىرىكچىلىكنىڭ ئامالىنى قىلمايمىزمۇ؟ بۇ ساندۇق سەن بىلەن مېنى ئۆلگۈچە باقىدۇ. بۇندىن كېيىن تالاغا چىقسام، قولۇمغا بەر، ئۆيگە كىرسەم، قولۇمدىن ئال.

مومايمۇ تېگى - تەكتىنى چۈشەنمەي «ماقۇل» دەپتۇ.

بوۋاي ھەر كۈنى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ شەھەرنى ئايلىنىدىكەن. كىشىلەر بوۋايدىن:

— نېمىشقا بۇ ساندۇقنى كۆتۈرۈپلا يۈرۈلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ساندۇقتا ھەم ئۇ دۇنيالىق، ھەم بۇ دۇنيالىق راھىتىم بار، شۇڭا دائىم كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ خەۋەر بوۋاينىڭ بالىلىرىغا يېتىپتۇ. ئۇلار ساندۇقتىكى بايلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىر - بىرىدىن يوشۇرۇپ دادىسىغا سوۋغا تەييارلاپتۇ. ئاۋۋال چوڭ ئوغلى نۇرغۇن پۇل، كىيىم، ئاشلىق ئېلىپ يوقلاپ كەپتۇ ۋە دادىسىغا:

— ۋاي دادا، ئەھۋالىڭىز قانداق؟ ئىشىمنىڭ تولىلىقىدىن ئۆز ۋاقتىدا يوقلىيالمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ، بۇندىن كېيىن ھەرگىز سىزنى خار قىلمايمەن، تاپقىنىمنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ، — دەپتۇ.

— خۇداغا شۈكرى، يامان ئەمەس تۇردۇم، ئوغلۇم. يوقلاپ كەلگىنىڭگە رەھمەت، بۇندىن كېيىنمۇ كېلىپ - كېتىپ تۇرغىن، — دەپتۇ بوۋاي.

چوڭ ئوغلى كېتىپتۇ، ئەتىسى ئوتتۇرانچى ئوغلى ھال سوراپ كەپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭغىمۇ يۇقىرىقى جاۋابنى بېرىپ-

بېرىپتۇ:

قازى ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ئۆچكە مۆڭگۈزىنى ئاپتۇ. مەراسخورلار مۆڭگۈزنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. قازاخېنىم:

— نوختاڭلار، دۇنيا مۆڭگۈزنىڭ ئىچىدە ئوخشايدۇ، دەپ ئىچىگە قارىسا ھېچنېمە كۆرۈنمەپتۇ، ئۇياق - بۇياق ئايلاندۇرۇپ سىنچىلاپ قارىسا مۆڭگۈزگە: «كىمكى مال - مۈلكىنى ۋاپاسىز بالىلىرىغا بۆلۈپ بەرسە ئۆزى خارلىقتا قالىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ئوغۇل دادىسىغا قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئانىسىنى ناھايىتى ئوبدان باققانىكەن.

— بالام، مەن ئۆلگەندە سېنى تېنەتمەيدىغان دۇنيا بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئوغلى ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، دادىسىنى تېخىمۇ ياخشى بېقىپتۇ. كەنجى ئوغلىنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ ناھايىتى ياخشى كۈتۈپ، ساندۇقتا نېمە بارلىقىنى سوراپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ كەنجى ئوغلىغا بەرگەن جاۋابنى بېرىپتۇ. نۆۋەت چوڭ ئوغلىغا كەپتۇ. چوڭ ئوغلىمۇ ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ياخشى بېقىپتۇ. ئۇمۇ ساندۇقتا نېمە بارلىقىنى بىلەلمەي ئىچى ئىت - ئىت بولۇپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى بوۋايدىن سوراپتۇ:

— دادا، ساندۇقتا نېمە بار؟

بوۋاي:

— ئوغلۇم، نېمە بولاتتى، سېنى باقىدىغان دۇنيا بار، سىلەر قېرىغاندا مەندەك كۈنگە قالمىسۇن دەپ غېمىڭلارنى يەپ، بۇنى يىغىپ قويدۇم. مەن ئۆلگەندە سىلەرگە قالىدۇ. شۇ چاغدا بۇ ساندۇقنى ياخشى ساقلاڭلار. بالىنىڭ چوڭى سەن، بۇنى قولاقتا مەھكەم تۇت، — دەپ نەسىھەت قىلىپ، ئۆيىگە كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئاغرىپ قاپتۇ. بۇ قېتىم ساقىيىشقا كۆزى يەتمەي ئۈچ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرتىپ:

— بالىلىرىم، مەن ئەمدى بۇ كېسەلدىن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن. ئاناڭلارغا ياخشى قاراڭلار. مېنىڭ ساندۇقۇمدىكى دۇنيانى ئۇرۇش - تالاش قىلماي ئۈچىڭلار تەڭ بۆلۈۋېلىڭلار، — دەپ نەسىھەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل ناھايىتى كۆپ پۇل خەجلەپ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپتۇ. قىرقى نەزىرىدىن كېيىن ئۈچ ئوغۇل ساندۇقتىكى «دۇنيانى» بۆلۈش ئۈچۈن قازاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا

بىر ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن تۈلكە ئاۋۋال بۆرىگە، كېيىن بۆدۈنىگە تازا سەپسېلىپ قارىۋېلىپ، ئاستا ئېگىشىپ سالام بېرىپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ:

— ئۈچىمىز ئۈچ ياقتىن كەلدۇق، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاران تېپىشتۇق. دوست بولايلى، دوست بولغاندىمۇ، تازا چىڭ دوستلاردىن بولايلى، تاپقان - تەرگىنىمىز تەڭ بولسۇن، ئۆمرىمىز بىللە ئۆتسۇن.

بۆدۈنە بىلەن بۆرى ئاۋۋال بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ، كېيىن ئىككىسى تەڭ ئېگىلىپ تۈلكىگە تەزىم قىلىشىپتۇ - دە، تۈلكىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. بۇ ئۈچى شۇ كۈندىن باشلاپ دوست بولۇپ، ئۇزۇن زامانغىچە بىر كونا خاماندا كۈن ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئۈچى يىراق بىر جايغا سەپەرگە جابدۇنۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار قويۇق چاتقاللىق جاڭگاللارنى، ئېگىز - ئېگىز تاغ - ئېدىرلارنى ۋە ئويمان چوڭقۇر سايلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ. سەپەرنىڭ دەسلىپىدە غەملىنىۋالغان ئوزۇقلىرىدىن كەڭتاشا يەپ - ئىچىپ مېڭىشىپتۇ، يول يۈرۈشىمۇ كۆڭۈللۈك بوپتۇ. ئەمما، يولى بەك ئۇزىراپ، ئوزۇقلىرى تۈگەشكە باشلاپتۇ، ئاخىرىدا يېگۈدەك بىرەر نەرسىمۇ قالماپتۇ ھەم يولدىنمۇ تېپىلماپتۇ. بۆرى قورساق ئاچلىقىغا چىداشلىق بېرەلمەپتۇ، بۆدۈنە بىلەن تۈلكە بۆرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، لىپىلداپ كېتىۋېرىپتۇ. بۆرى غەيرىتىگە ئېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن خېلى يەرلەرگىچە مېڭىپ بېقىپتۇ. ئاخىر بولالماي يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىۋاپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۈلكە ئارقىسىغا قارىسا، بۆرى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا پالازدەك سوزۇلۇپ ياتقۇدەك. يېقىن كېلىپ قارىسا بۆرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، يەتتە يىل كېزىك تارتقاندەك سارغىيىپ كەتكەن. بۆرى:

# بۆرى، تۇلكە ھەم بۆدۇنە

بۇرۇن زاماندا، كونا خاماندا،
ئۇچى تۇيۇقسىز كۆرۇشكەنىكەن.
كىشى بارمىغان چۇللۇك ياۋاندا،
سەپەر قىلىشىپ يۇرۇشكەنىكەن.
جاڭگاللىقلارنى تۇلكە ئارىلاپتۇ،
ھېچقايسىسى بۇنى تۇيمىغانىكەن.
ئاچكۆز بۆرىدىن جانلار زارلاپتۇ،
ئۇچرىغانىنىلا قويمىغانىكەن.
تۇلكە مۇغەمبەر، بۆرىسى ئاچكۆز،
بۆدۇنە ساددا، ئۇقمىغانىكەن.
ئۇچى سەپەردە، پەسلى دەل كەچ كۈز،
ئەمما بۆدۇنە قورقمىغانىكەن.

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، كەنجى بىدە ئورۇمى ۋاقتىدا، بىر بۆدۇنە بىر كونا خامانىنىڭ قىرغىقىدىكى چىملىقتا ئۆز جورىلىرىنى ئىزدەپ «ۋىت - ۋالاق، ۋىت - ۋالاق» دەپ سايراپ تۇرغاندا، بىر تۇلكە قۇيرۇقىنى يۇقىرىغا كۆتۇرۇپ بۆدۇنىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۆدۇنە بىلەن تۇلكە بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشقانىنىڭ ئارىلىقىدىلا. بىر بۆرى بىر چامداپ، ئىككى ئالىيىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. بۆدۇنە، بۆرى، تۇلكە ئۇچى ئۇشتۇمتۇتلا ئۇچرىشىپ قالغانلىقتىن، لام - جىم دېيىشمەي، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ.

بۆدۈنىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىۋېرىپتۇ. قاچا بولسا ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. خوتۇن شۇ قوغلىغىنىچە ئېرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلەي دەپ قاپتۇ.

قوش ھەيدەۋاتقان ئېرى خوتۇنىغا قارىسا پۇلاڭلاپ چىقىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، يېقىنراق كەلگەندە بايقىسا، بىر بۆدۈنە خوتۇنىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇچۇپ، بىر قونۇپ يورغىلاپ كېتىۋاتقۇدەك. دېھقان ھەيدەۋاتقان قوشىنى توختىتىپتۇ، ئاڭغىچە بۆدۈنىمۇ ئۇچۇپ كېلىپ قوشقا قېتىقلىق ئۆينىڭ مۈڭگۈزىگە قونۇۋاپتۇ. ئەتىدىن-كەچكىچە قوشقا قېتىلغان ئۆي ھېرىپ كەتكەنلىكتىن مۈڭگۈزىنى سىلكىپمۇ قويماپتۇ.

— توختا خوتۇن، توختا! — دەپ دېھقان ئالدىراشلىق بىلەن قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىپ ئاتقانىكەن، بار كۈچ بىلەن ئېتىلغان كالتەك بىچارە ئۆينىڭ بىر مۈڭگۈزىنى تاق تۈۋىدىن قومۇرۇپ چۈشۈپتۇ. بۆدۈنىگە كالتەك تېگەمدۇ، ئۇ ئاللىقاچان پەيدەك ئۇچۇپ كۆزدىن يىتۈپتۇ.

ئۆينىڭ مۈڭگۈزى كالتەك بىلەن تەڭلا يەرگە چۈشكەندە، دېھقاننىڭ خوتۇنى قاچىنى ئەسلەپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەينىگە يېنىپ يۈگۈرۈپتۇ. بېرىپ قاچىنى قولىغا ئاپتۇ-دە، «ئۆينىڭ مۈڭگۈزى يامان بولدى. ئەمدى قوش توختاپ قالسا، بار بالانى تەرگەن سەن خوتۇن، دەپ ھېلىقى كىشى مېنى ئۆلگۈچە دۇمبالاپ يۈرمىسە بولاتتىغۇ» دەپ قايغۇ ئىچىدە ئېرى تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئېرىنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ رەڭگى-روھى قار-يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرغۇدەك. خوتۇن ئېرىنىڭ بۇ پەيلىدىن قورقۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا بىر دەسسەپ، ئىككى چامداپ كەپتۇ. ئەندىشىدە خىيالى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن خوتۇن نېمە قىلارىنى بىلمەستىن ئورنىدىلا تۇرۇپ قاپتۇ. ئېرى

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، يەيدىغانغا بىر نەر-
سە تېپىلمىسا يول يۈرەلمەيمەن، — دەپتۇ.

تۈلكە بۆرىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، قۇيرۇقىنى كۆ-
تۈرۈپ، بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا مېڭىپتۇ. ئاندىن سوزۇلۇپ
ياتقان يولغا كۆز سالىپتۇ. بايقىغۇدەك بولسا، بىر خوتۇن
ئېتىزدا كۈزگى ئېگىز ئاغدۇرۇۋاتقان ئېرىگە قاچىدا تاماق
ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەك. تۈلكە دەررۇ بۆرىگە قاراپ:

— دوستۇم، غەم قىلما. قورسىقىڭنى هازىر تويغۇزى-
مىز، — دەپتۇ ۋە بۆدۈنىنى يېنىغا تارتىپ، — بۇرادىر بۆ-
دۈنە، ئاۋۇ كېتىۋاتقان خوتۇننى كۆردۈڭمۇ؟ سەن ئاشۇ
خوتۇن كېتىپ بارغان تەرەپكە قاراپ ئۇچسەن، ئۇنىڭ
يېنىغا بارغاندا، ئالدىغا چۈشسەن، ئۇ سېنى تۇتۇۋالىمەن
دەپ قاچىنى قويۇپ قوغلايدۇ. سەن بولساڭ بىر قونۇپ، بىر
ئۇچۇۋېرىسەن. قاچىدىكى تاماق بولسا بىزگە قالىدۇ، —
دەپتۇ.

بۆدۈنە تۈلكىنىڭ مەسلىھەتىگە «ماقۇل» بولۇپ، ھېلى-
قى خوتۇن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. بۆدۈنىنىڭ ئارقىسىدىنلا
تۈلكە بىلەن بۆرى ھېلىقى خوتۇن كېلىۋاتقان يولنىڭ چې-
تىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىگە يېتىپ بېرىپ ماراپ يېتىشىپتۇ.
بۆدۈنە ئۇچقان بويىچە خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشۈپ،
بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ چۈرۈلداپ يورغىلاپ مېڭىپتۇ. تەش-
نەك كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان خوتۇن:

— ئەجەب چىرايلىق جانىۋار-دە، سەن. چۈرۈلداش-
لىرىڭ خويمۇ يېقىملىق. سېنى تۇتۇپ بالامغا بېقىپ بې-
رەي، — دەپ قاچىنى يەرگە قويۇپ، بۆدۈنىنى قوغلاپتۇ.
بۆدۈنە بولسا، ھېلىقى خوتۇننىڭ ئالدىدا بىر ئۇچۇپ، بىر
يورغىلاپ كېتىۋېرىپتۇ. ئۇ خوتۇن خۇشال بولۇپ «ئەنە تۇ-
تۇۋالىدىغان بولدۇم، مانا تۇتۇۋالىدىغان بولدۇم» دەپ

بۆدۆنە مەسلىھەت قىلغان جايغا كېلىپ، تۆلكە بىـ
لەن بۆرىدىن ئېشىپ قالغان بىر مانتىنى كىچىك تۆمشۇقى
بىلەن چوقۇلاپ ئۇششاق توغرالغان كاۋا بىلەن تۆگۈرلىشىپ
قالغان چىگىرتەكلەرنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن
بۇ ئۈچى يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن
بۆرە تۆلكە بىلەن بۆدۆنىنى توختىتىۋېلىپ:

— ئاغىنىلەر، قورسىقىم ئاچقاندەك قىلىۋاتىدۇ. قورساق-
نىڭ ئاچقانلىقىنى ئىلگىرىدەك ئېيتىپ قويمىسام، كېيىن
چىداپ تۇرالمايدىكەنمەن، — دەپتۇ. تۆلكە بۆدۆنىگە قاراپ-
تۇ - دە، ئۇنىڭدىن كېيىن بۆرىگە:

— راست دەيسەن، دوستۇم، قورسىقىڭنىڭ ئېچىۋات-
قانلىقىنى ئالدىنراق ئېيتقىنىڭ ياخشى بولدى، ئالدىنراق
مەسلىھەتلىشىۋالايلى، — دەپ بۆدۆنىنى يولنىڭ بىر چېـ
تىگە تارتىپ:

— دوستۇم بۆدۆنە، بۇ بۆرە بىزگە بىر بالا بولدى،
بۇنىڭدا قورساق جېدىلىدىن باشقا ھېچگەپ يوق. ئولتۇرسا -
قوپسا يەيمەنلا دەيدۇ، — دەپتۇ تۆلكە.

بۆدۆنە تۆلكىگە يېقىنراق كېلىپ:

— دوستۇم، بۆرىنىڭ پەيلى شۇنداقلا بولسا، بىر
كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىزنىمۇ يەپ قويىدىغانغا ئوخشاي-
دۇ، — دەپتۇ.

— ياق، ئالدىرىما، بۇنى جايلايمىز، — دەپتۇ تۆلكە.

— قانداق جايلايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ بۆدۆنە.

— ھازىر ئالدىمىزغا قاراپ ماڭىمىز، بىر دۆڭدىن
ئۆتۈپ توختايمىز، ئۇيەردە ناھايىتى چوڭ بىر باغ بار.
سەن شۇ باغنىڭ ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىسەن، ئارقاڭدىنلا
بۆرى بىلەن ئىككىمىز سۈڭگۈچتىن كىرىپ بارىمىز، سەن
باغدىكى باراڭغا قونۇپ تۇرۇپ ئۈزۈمنى چوقۇلاپ يەرگە

خاپىلىق بىلەن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھوي ھاڭۋاقتى، بولساڭچۇ، قورساق ئېچىپ ئۆلەي دېدىغۇ كىشى، — دەپ خوتۇننى بىر مۇنچە جونۇپتۇ. خوتۇن قاچىنىڭ ئاغزىدىكى ئورالغان لۆڭگىنى يېشىپ قارىسا، تەشتەكنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ تېزەك تۇرغۇدەك. بۇ ئالامەتنى كۆرگەن خوتۇن «ۋاي ئۆلدىمەي» دەپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ-دە، بېشىدىن بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ، تۇرغان جايىدا تاشتەك قېتىپ قاپتۇ.

بىچارە خوتۇن تەشتەكنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىچىگە قارىمىغانىكەن. ئۇ بۆدۈننى تۇتىمەن دەپ، قوغلاپ ماڭغاندا، ئېرىقنىڭ قىرىدا ماراپ ياتقان تۈلكە بىلەن بۆرە مانتىنى تويغىچە يەپ، ئېشىپ قالغانلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، قاچىنىڭ ئىچىگە ئاغزى بىلەن تەڭ ئات تېزىكىنى تولدۇرۇپ، ئۈستىنى ئاۋۋالقىدەك لۆڭگە بىلەن ئوراپ قويۇشقانىكەن.

خوتۇن ھوشىنى يىغىپ ئەتراپىغا قارىسا، ئالدىدا تۇرغان ئېرى يوقتەك. ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ئېرى ئۆينى يېتىلەپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. خوتۇن نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپتۇ-ئويلاپتۇ، ئۇنىڭ چىگىش ئويى بىر تەرەپكە يېشىلىپ چىقماپتۇ، ئۇ ئۆرە تۇرۇپ «ئۇھ» دەپتۇ، «ئاھ» دەپتۇ. ئاخىرىدا «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دەپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ.

ئەر-خوتۇن ئىككىسى خاپىلىق بىلەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشنى تەگىشىپ بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاجرىشىپ كەتتىمۇ ياكى «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات» دەپ يەنە ئاۋۋالقىدەك ئوي تۇتۇشۇۋەردىمۇ، ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن كىشى بولماپتۇدەك.

— دوستۇم، بۇ نېمەڭ؟

— يادىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟ بايا ساڭا ئېيتمىدىممۇ، قورسىقىم تويۇپ، ئۈزۈم بۇرنۇمدىن چىقتى، — دەپتۇ.

بۆرە گەپ - سۆز قىلماستىنلا يەردىكى ئۈزۈملەرنى ئوچۇملاپ ئاغزىغا سېلىشقا باشلاپتۇ، لېكىن قانچە يېسىمۇ بۇرنىدىن چىقماپتۇ. تۈلكە بولسا:

— بۇرنۇڭدىن چىقمىغىنىغا قارىغاندا، قورسىقىڭ تويماپتۇ، يەنە يېگىن، — دەپ زورلاۋېرىپتۇ. بۆرى بولسا يەۋېرىپتۇ. ئاخىرىدا بۆرىنىڭ قورسىقى تويۇپ كەتكەنلىكتىن، ئورنىدىن تۇرالماي قالغۇدەك ھالغا چۈشۈپتۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا تۈلكە بۆدۈنىگە ئىشارەت قىلىپ قويۇپتۇ. بۆدۈنە قونۇپ تۇرغان ئورنىدا ئۆزىنى جۆندۈۋېلىپ:

— ۋاي ئىگىسى، باغقا ئوغرى كىردى، ۋاي ئىگىسى ئۈزۈمنى بۆرى يەپ كەتتى، — دەپ باغنى چاك كەلتۈرگۈدەك بەش - ئالتە قېتىم ۋارقىراپتۇ - دە، ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆزىنى راسلاپ تۇرغان تۈلكىمۇ قۇيرۇقىنى دىك تۇتۇپتۇ - دە، سۆگۈچتىن چىقىپ قېچىپتۇ. بۆرە بولسا كۆك بىدە يەپ قارنى كۆپكەن كالىدەك پۇشۇلداپ ئورنىدىن ئاران تۇرۇپتۇ ۋە قورسىقىنى سۆرەپ سۆگۈچكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بىراق، سۆگۈچكە كەپلىشىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى «ماھ - ماھ» دەپ تايغانلىرىنى ۋارقىرىغانىكەن، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بۆرە ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ سۆگۈچنىڭ ئىچىدە بىردەم دۈم بولۇپ يېتىپتۇ، بىردەم ئوڭدا بولۇپ يېتىپتۇ، سۆگۈچتىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ئاخىر سۆگۈچنىڭ يان - يېنىنى بار كۈچى بىلەن تاتىلاپتۇ - دە، سۆگۈچنى بىر ئاز كېڭەيتكەن بوپتۇ ۋە سۆگۈچتىن چىقىپ قېچىپتۇ.

چوشۇرۇپ بېرىسەن، بىر تويى يەيمىز، يېگەندىمۇ ئاغزى-بۇرنىمىزدىن چىققۇچە يەيمىز، ئاندىن مەن ساڭا شەرەت قىلىمەن، سەن شۇ چاغدا «ۋاي ئىگەمسى، باغقا ئوغرى كىردى» دەپ راسا ۋارقىرايسەندە، قاچىسەن، ئەنە شۇ چاغدا ئۇ تەييارتاپتىن قۇتۇلىمىز، — دەپتۇ تۈلكە.

بۆدۆنە «ماقۇل» دەپتۇ. ئاندىن بۇ ئۈچى يولغا چىقىپ، خېلى يوللارنى بېسىپ ھېلىقى باغقا يېتىپ كەپتۇ. باغنىڭ ئەتراپى ئېگىز سېپىلدەك تاملار بىلەن قورشالغانىكەن بۆدۆنە ئۇچقان پېتىچە باغقا كىرىپ كېتىپتۇ. تۈلكە بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا، مېڭىپ بېقىپ، بىر سۆڭگۈچنى تېپىپ بۆرىنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، باغقا كىرگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنلۈك تاماقنى بىرلا يەۋالىمىز. مۇنداق قىلمىغاندا يولدا تاماق تېپىلمايدۇ. بۇ باغدىكى ئۈزۈم ناھايىتى شېرىن، قانچە كۆپ يېسەك، شۇنچە سىڭىۋېرىدۇ. بۇرنىمىزدىن ئۈزۈم چىققۇچە يېيىش كېرەك، بولمىسا قورساق تويغان ھېسابلانمايدۇ، — دەپ جېكىپتۇ. بۆرى:

— بولدى، يەيدىغانلا نېمە بولسا، مەن تەييار، — دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ. تۈلكە بىلەن بۆرە سۆڭگۈچتىن قىسىلىشىپ باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراشسا، باراڭدىكى ئۈزۈملەر راسا پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەنىكەن. بۆدۆنە ئۈزۈمنى چوقۇپ يەرگە چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ، مۆلدۈردەك يەرگە چۈشۈۋاتقان ئۈزۈملەرنى بولسا، بۆرى بىلەن تۈلكە نەرقىنى سورىماي يەۋېرىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تۈلكە بۆرىگە كۆرسەتمەي ئىككى تال ئۈزۈمنى بۇرنىنىڭ ئىككى تال تۆشۈكىگە تىقىۋاپتۇ. بۆرى بىر ئارىلىقتا تۈلكىگە قارىسا، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدە ئۈزۈم تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن بۆرە تۈلكىدىن سوراپتۇ:

بوۋاي بىر كۈلۈپ قويۇپ:

— ھەي ئۇكام، سىلەرگە ئوخشاش ھال ـ ئوقىتى بار كىشىلەر يەرنى جىق تۇتمىسا، بىز كەمبەغەللەر جىق يەرنى نېمە قىلىمىز! — دەپتۇ.

— باغنىڭ ئىگىسى بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ «ئايىنىپ قالغان بوۋايغۇ نېمە، كاللا دېسە پاقالچاق دەپ يۈرمەمدۇ» دەپ، ئۆپتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىدىن بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى خېلى ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن بوۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىۋېتىپتۇ. بۆرى تاغاردىن چىقىۋېلىپ، رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا بوۋاينىڭ قوشقا قېتىقلىق ئۆيلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئۆتۈپ:

— بوۋاي، قورسىقىم ئاچتى. ئۆيلىرىڭدىن بىرنى يېمىسەم بولمىدى. قايسىنى يېسەم بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

بوۋاي بۆرىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ:

— ئۆيۈمدىن بىرنى يېسەڭ دېھقانچىلىقىمنى قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ. بۆرى:

— دېھقانچىلىقىڭ بىلەن نېمە كارىم، قورسىقىم تويسا بولدى، — دەپتۇ. بوۋاي قەھر ـ غەزىپى بىلەن كەتمەننى قولىغا ئېلىپ:

— ئۆيىنى يەيدىغان ھەددىڭ ئەمەس! — دەپ بۆرىنىڭ ئالدىنى توساپتۇ.

تازا مۇشۇ جاڭجالنىڭ ئۈستىگە بۆدۈنە بىلەن تۈلكە كېلىپ قاپتۇ. تۈلكە:

— ھوي دوستۇم، بارمۇ سەن؟ ئەھۋالىڭ قانداق؟ قانداق قۇتۇلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۆرى بۈگۈن ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۈلكە:

— دوستۇم، بۇ سۆزۈڭگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. تاغارنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ پاتىسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە باغنىڭ ئىگىسى

باغنىڭ ئىگىسى ئۇزۇن بىر كۆسەينى ئاپتۇ - دە، جەدە بايتىلىنى ياۋداق مىنىپ، ئىككى تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ، بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بۆرى ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئويمان - چوڭقۇرلۇقلاردا پۇتلىشىپ يىقىلىپ قېچىۋېرىپتۇ. قانداق قىلىپ جان ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن بۆرە گاڭگىراپ ئەتراپىغا كۆز سالسا، بىر بوۋاي قوش ھەيدەۋاتقۇدەك. بۆرە بوۋاينىڭ قارىسىنى ئاپتۇ - دە، بوۋاي تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ، ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ! — دەپ يۈگۈرۈپتۇ. بوۋاي ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا زارلاپ كېلىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپ، ھەيدەۋاتقان قوشنى توختىتىپ، تاغارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى بۆرىگە قارىتىپ ئېچىپ تۇرۇپتۇ. بۆرى ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپ جايلىشىپتۇ. بوۋاي بولسا تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، ئۇنى سۆرەپ بىر دالدىغا ئەكىلىپ تاشلاپ قويۇپتۇ. بوۋاي قوشنىڭ يېنىغا كېلىشىگە باغنىڭ ئىگىسى بوۋاينىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ:

— يېنىڭىزدىن بىر بۆرى ئۆتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي پاك ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ:

— ئوكام، بۈگۈن سەل كېچىكىپرەك كېلىۋىدىم، يامان ئەمەس بىر يېرىم پۈت ئورۇق چېچىپ بولدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

باغنىڭ ئىگىسى بوۋاينىڭ قۇلىقى ئېغىرراق بولسا كېرەك دەپ ئىتنى بىر - بىرىگە دېۋىتىپ، بوۋايغا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ:

— بوۋاي، مەن قانچىلىك ئورۇق چاچقانلىقىڭىزنى سورىمىدىم، يېنىڭىزدىن بىر بۆرى قېچىپ ئۆتتىمۇ دەۋاتىمەن؟! — دەپتۇ ئۈنلۈك ۋارقىراپ.

ەپ بۇرى بىردەم مەممەدائىملىق بىلەن ۋارقىراپ بېقىپتۇ. لېكىن
ئاغاردىن چىقىشىنىڭ ھېچبىر ئىلاجىسىنى تاپالماپتۇ. بۆدۆنە
بىلەن تۈلكە ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشۈپتۇ-
دە، بوۋايغا قاراپ:
— بوۋاي، بۆرىنىڭ ئەدىپىنى كېلىشتۈرۈپ بېرەرسەن، —
دەپ بۇ جايدىن كېتىشىپتۇ. بوۋاي بۆرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن
غەزىپى ئۆرلەپ ئۇنى كەتمەن بىلەن سالغىلى تۇرۇپتىكەن،
ئاي - ھاي، بۆرى دۇنياغا كەلگىنىگە مىڭبىر پۇشايمان
يەپتۇ. بوۋاي ھېرىپ - چارچاپ تاغارغا قارىسا، بۆرىنىڭ
پۇت - قوللىرى كۆكۈم تالقان بولۇپ، تېنى بىر تۇلۇمغا
ئوخشىشىپ قاپتۇدەك، بوۋاي ئۇنىڭ تېرىسىنى پەچاق تەككۈزمەس-
تىن سويۇپ ساتقانىكەن، پۇلىغا بىر ئات كەپتۇدەك. شۇنىڭ
بىلەن بوۋاي يىراق - يېقىنغا پىيادە يول ماڭماس بولغا-
نىكەن.
بۆدۆنە بىلەن تۈلكە ئاچكۆز بۆرىدىن قۇتۇلغاندىن
كېيىن، خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە بىللە ياشاپ، بىللە ئوينى-
ناپ، بىللە كۈلۈپ يۈرۈشۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى تۈلكە
بۆدۆنىگە:
— دوستۇم، ئىككىمىز تولىمۇ چىرايلىق ئۆتتۇق. ھەم-
مىلا جايدا ئويۇن - كۈلكە بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق. كۈلمۈ-
رىپ زېرىكتىم. ئەمدى مېنى بىر قورقىتىپ باقمامسەن،
قورقۇش دېگەن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، —
دەپتۇ. بۆدۆنە:
— بولىدۇ دوستۇم، مۇشۇ كەمگىچە سېنىڭ سۆزۈڭنى
يەردە قويمىدىم. ھېلى بولسىمۇ بۇ سۆزۈڭنى بەجا كەلتۈرەي.
بىراق، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى خاپىلىق بىلەن ئاياغلىشارمى-
كىن دەيمىنا، — دەپتۇ.
بۇ چاغدا تۈلكە:

ئىككى تايغان بىلەن كەينىڭدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلى-
ۋاتسا، سېنىڭ قەيەرگە مۆكۈۋالغىنىڭنى كۆرمەي قالامدۇ؟ —
دەپتۇ بۆرى:

— مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمەمسىلەر؟ قانداق قىلىپ قۇتۇلغىنىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بوۋاي ئەنە قاراپ تۇرىدىغۇ، سوراپ كۆرمەمسىلەر، — دەپتۇ. تۈلكە بىلەن بۆدۈنە يەنە:

— ياق - ياق، بۇ گەپلىرىڭگە زادى ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، شۇ ئامالىڭنى بىزگە يېڭىباشتىن كۆرسىتىپ باققىنا، — دەپتۇ.

— بۆرى ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ - دە، يىراق يەردىن يۈگۈرۈپ كېلىپ تاغارغا كىرىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. بۆرى سەل يىراققا كەتكەندىن كېيىن تۈلكە بوۋايغا قاراپ:

— بوۋاي، بۆرىنىڭ ساڭا قىلغان بىۋاپالىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق. ئەمدى پەيتى كەلدى. ئەپلەپ تۇرۇپ بۆرىنىڭ جاجىسىنى بېرىشنىڭ چارىسىنى قىلمامسەن، — دەپتۇ. ئاڭغىچە بۆرى يۈگۈرۈپ كەپتۇ - دە:

— ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ ... تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بوۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى يوغان كېرىپ بۆرىگە قارىتىپ تۇرۇپتۇ. بۆرى كېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. بوۋاي «ھىم» دەپ چىشىنى - چىشىغا پېسىپتۇ - دە، ئارغامچىنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋۋالقى قېتىمىدا تاغارنىڭ ئاغزىنى ئىككى قات قىلىپ باغلىغان بولسا، بۇ نۆۋەت تۆت قات بوغۇپتۇ.

— خوش، قولىغا چۈشتۈڭمۇ؟ ئۆينى يەيدىغان ھەددىڭ ئەمەس، دېمەيمىدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

— تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىۋەت، چاپسان بول، —

ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، تۆلكىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

تۆلكە ھېچ بولالماي بۆك جاڭگاللىق بىلەن ئورالغان يانباغىرىغا بۇرۇلۇپتۇ. قارىسا بىر ياردا تۆشۈك تۇرغۇدەك. تۆلكە شۇ تۆشۈككە بار كۈچى بىلەن ئېتىلىپتۇ. تايغانلارمۇ تۆلكىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي تۆشۈككە كىرىپتۇ. بىراق تايغانلار قاراڭغۇ تۆشۈكنىڭ نېرىسىغا بارغاندا، سىغماي قايتىپ چىقىشىپتۇ. تايغانلار شۇ ئۆپچۆرىدە خېلى تۇرۇپ كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ. بىر مەزگىللەردىن كېيىن تۆلكە تۆشۈكتىن قايتىپ چىقىپتۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيدىكەن. تۆلكىنى كۆرگەن بۆدۈنە:

— دوستۇم تۆلكە، قورقۇش دېگەن قانداق بولىدىكەن؟ — دەپ كۈلۈپ سوراپتۇ. تۆلكە بۆدۈنىگە يېقىن كەپتۇ-دە، ئۇنى كاپلا قىلىپ چىشلىۋاپتۇ ۋە ئاچچىق بىلەن:

—قورقات دېسە، شۇنچىۋالامۇ قورقىتامسەن-ھە؟! يۈرىكىم ئورنىدىن قوزغىلىپ، جان تۇمشۇققا كېلىپ قالدى. سېنى بىر چاينايكى، ئۈستىخىنىڭنى ئاسمانغا پۈرقۈي! — دەپتۇ غەزەپلىنىپ.

تۆلكىنىڭ ئاغزىغا تۇيۇقسىز چۈشۈپ قالغان بىچارە بۆدۈنە بىر تۇغرام تېنى بىلەن نېمە ئامال قىلالىسۇن. كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ:

— بوپتۇ دوستۇم، مەن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن، كەڭچىلىك قىلساڭ. ئاتا-ئانا، قەۋمى-قېرىنداشلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تۆلكە «بوپتۇ» دەپ بۆدۈنىنى بوشراق چىشلەپ تۇرۇپتۇ. بۆدۈنە «ۋىتۋالداق، ۋىتۋالداق، ۋىتۋالداق» دەپ ئۈچ قېتىم سايراپتۇ.

— بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۆلكە بۆدۈنىدىن.

— ياق دوستۇم، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك تۇغۇلماس. ئۇياقلاردىن خاتىرجەم بول، — دەپتۇ.

بۆدۆنە تۈلكىنى جاڭگاللىقتا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، جاڭگاللىقنىڭ ئەتراپىغا كۆز سالسا، بىر ئوۋچى قۇشىنى قولىغا قوندۇرۇپ، ئىككى تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق كېلىۋاتقۇدەك. بۆدۆنە كۆرۈپ تۈلكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ، ئۇنى ئارقىسىغا سېلىپ جاڭگاللىقتىن چىقىپ، لويلا كوكتاتلىق جايلار بىلەن ئەۋچىنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل ئېلىپ مېڭىپتۇ. كوكتاتلىقلار تۈگەپ، داق يەرگە چىققان ۋاقتىدا ئوۋچى تۈلكىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ تايغانلىرىنى قىچقىرىپ، قۇشىنىڭ بۆكىنى بېشىدىن ئېلىپ تۈلكىگە قارىتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئاسماندىن قۇش، يەردىن تايغانلار تۈلكىگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوۋچى ئېتىنى بولۇشىغا چېپىپ، قىقاس بىلەن مېڭىپتۇ. بۆدۆنە ئۆزىنى ئالدىغا ئاپتۇ. تۈلكە ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ جاڭگاللىققا قاراپ قېچىپتۇ. مىڭ مۇشەققەتتە جاڭگاللىققا ئۇلىشۇپتۇ، لېكىن تۈلكە جاڭگاللىققا كىرىپمۇ جان ساقلىغۇدەك جاي تاپالماي گاڭگىراپ قاپتۇ. دەل، دەرىخى شالاڭراق يەرگە بېرىپ تۇراي دېسە، ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن قۇش ئۇنى كۆرۈۋالىدۇ. قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر يەردە ياتاي دېسە، ئىككى تايغان ئۈستىدىن چۈشۈپ باسىدۇ. تۈلكە نەگە بارسا، تايغانلار ئىز بېسىپ ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋېرىپتۇ. ئۇ جاڭگالمۇ جاڭگال قېچىپ يۈرۈپ ھېچبىر دەرمانى قالماپتۇ، بەدىنىنى چىغانلار سىجاپ ھېچبىر ھالىنى قويماپتۇ، تەنلىرىدىن قان چىقىشقا باشلاپتۇ. تۈلكە شۇنداق قورقۇپتىكەن، ئۇنىڭغا جېنى ھازىرلا چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ، بۆدۆنە بولسا ئېگىز دۆۋىلەنگەن بېدىنىڭ

# مومای بىلەن بۆرى

بۇرۇن بىر مومای بولغانىكەن. ئۇ يېزىنىڭ چەت بىر يېرىدىكى ئېرىدىن قالغان كۆزلەكتە يالغۇز ياشايدىكەن.

مومايىنىڭ بارى - يوقى بىرلا قوزىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا توخۇ، ئىت چاغلىق نەرسىسىمۇ يوق ئىكەن. شۇ قوزىسى بىلەن مەلىكە بولۇپ، ئۇزۇن كۈنلەرنى قىسقارتىپ، كۆڭۈلسىز چاغلىرىنى خۇش قىلىپ يۈرىدىكەن. مومای قوزىسىنى تاغنىڭ ئاياغ بېسىلمىغان جايلىرىدىكى ئەڭ مەيىن ئوتلاردىن، ئەڭ سۈزۈك ۋە سالقىن بولاق سۇلىرىدىن ئەكىلىپ باقىدىكەن، ئەتە - ئاخشىمى ئۆزى بىلەن بىللە ئەگەشتۇرۇپ يۈرىدىكەن. مومای تاغقا ئوت ئەكىلىشكە ماڭغاندا «ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالغىن، مەن كەلمەي تۇرۇپ تالا - تۈزگە چىقمىغىن، ئىشىكنى مېنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە ئېچىپ بەرمىگىن» دەپ قوزىسىنى ئۆينىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ كېتىدىكەن.

مومای تاغنىڭ ئاياغ بېسىلمىغان جايلىرىدىكى ياپ- يېشىل ۋە ئەڭ يۇمشاق ئوتلارنىڭ ئۇچ - ئۇچلىرىدىن تېرىۋېلىپ قاپقا سالىدىكەن، سالقىن ۋە ئەڭ سۈزۈك بولاق سۈيىدىن بىر كومزەككە ئالىدىكەن، كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن چاغلاردا قايتىپ كېلىدىكەن - دە:

«تۇر - تۇر قوزام، تۇر تۇر،  
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.  
تۇر - تۇر قوزام، تۇر - تۇر،  
سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم»

بۆدۆنە جىم تۇرۇپتۇ، تۈلكە يەنە تېرىكىپ:

— بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۆدۆنە ئۈن چىقماي، تۇرۇۋاپتۇ. تۈلكە ئاچچىقى بىلەن:

— ھوي بولدۇڭمۇ؟ — دەپ قەھر بىلەن سوراپتىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ يوغان ئېچىلغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بۆدۆنە پەررىدە قىلىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىراق بۆدۆنىنىڭ قۇيرۇقىنى تۈلكە چىشلەپ ئۈزۈپ قاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۆدۆنىنىڭ قۇيرۇقى ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ چولاق بولۇپ قالغانىكەن.

« تۇر – تۇر قوزام، تۇر – تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تۇر – تۇر قوزام، تۇر – تۇر،
سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئەكەلدىم »

دېگەندە، قوزا ئىشىكنىڭ ئىلغىقىنى شاراققىدە ئېچىپ، مومايىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەركىلەپ ئويناقلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بۆرى كۆڭلىدە « ئەمدى تىلىڭنى بىلدىمۇ قولۇمغا چۈشكىنىڭ چۈشكەن » دەپ كېتىپتۇ.

بۆرى بىر جاڭگاللىقتا بىرىپ تاڭ ئېتىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ، مومايىنىڭ ھېلىقى شەرتلىك سۆزلىرىنى يادلاپتۇ. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقاردا موماي قاپ بىلەن كومزىكىنى كۆتۈرۈپ تاغقا كېتىپتۇ. بۆرى ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى بىردەم ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ ‑ دە، كېيىن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

تۇر – تۇر قوزام، تۇر – تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تۇر – تۇر قوزام، تۇر – تۇر،
سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئەكەلدىم.

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوزا ھەيران بولۇپ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەپتۇ. ئىشىكنى ئاچاي دېسە، بىرىنچىدىن مومايىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمىغۇدەك، ئىككىنچىدىن، مومايىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئەمەس، تېخى ئەتىگەن. ئاچماي دېسە بەلكى موماي يېقىن يەرگە بىرىپلا ئالدىراپ قايتىپ كەلدىمىكىن، ئىلدام مېڭىپ كەلگەنلىكتىن ھاسىراپ ئاۋازى ئۆزگىرىپ قالدىمىكىن، دەپ ئىككى خىيالدا قىلىپ تۇرغاندا، بۆرى يەنى ھېلىقى شەرتلىك سۆزلەرنى يەنە تەكرارلاپتۇ.

دەيدىكەن. قوزا موماينىڭ بۇ شەرتلىك چاقىرىقىنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن ئىشىكنى ئاچىدىكەن ۋە موماينىڭ ئېلىپ كەل-
گەن ئوتلىرىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىدىكەن. شۇندىن كېيىن
موماي ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ سەيلە قىلىدىكەن.

بۇ قوزىغا كۆپتىن بېرى بىر بۆرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى يېيىشنىڭ قەستىدە بولسىمۇ لېكىن يېيىشنىڭ ئېپىنى تاپالماي يۈرۈيدىكەن، چۈنكى ئۇ قوزا ئەتە-ئاخشىمى مومايدىن زادىلا ئايرىلمايدىكەن، كۈندۈزلىرى موماي تاغقا كەتكەن ۋاقىتلاردا بولسا، ئۆيدىن تاشقىرى چىقمايدىكەن.

موماي تاغقا كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆرى قوزىنىڭ ئۆيدىن چىقىشىنى پايلاپ بىر بۇك تىكەن تۈۋىدە ئۇزاق ماراپ يېتىپتۇ، لېكىن قوزى چىقماپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن موماي قايتىپ كەپتۇ، بۆرى بولسا، ئەلەمدىن قۇرۇق ئاغزىنى كۆشەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسىمۇ بۆرى موماي تاغقا كەتكەن ۋاقىتتا كېلىپ، يەنە ماراپ يېتىپتۇ، لېكىن بىر هازا كۈتۈپ يېتىپ، قوزى چىقمىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدا ئۆينىڭ پەنجىرىسىگە كەپتۇ-دە، ئالداپ كۆرۈپتۇ، قورقىتىپ كۆرۈپتۇ، چىقىرالماپتۇ، پەنجىر ۋە ئىشىكلەرنى ئۇرۇپ كۆرۈپتۇ، ئىچكىرىسىگە كىرەلمەپتۇ. قوزا بولسا، ئۈن چىقارماي جىمجىت تۇرۇۋاپتۇ. شۇ ئارىدا يەنە موماي كېلىپ قاپتۇ-دە، بۆرى تېخىمۇ ئەلەم بىلەن «خەپ، سېنى توختا!» دەپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۆرى موماينىڭ ئىشىكنى نېمە دەپ ئاچۇرۇشنى بىلىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئەتىسى موماينىڭ كېلىدىغان ۋاقتىدا ئۆيگە يېقىن بىر دالدا يەرگە مۆكۈۋېلىپ، قۇلاق سېلىپ تۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن موماي بىر قاپتا يۇمشاق ئوت، بىر كوزىكتە سۈزۈك سۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ:

# تۆت دوست

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاتا - بوۋام زامانىسىدا بېدىنى تويغىچە يەپ، قورسىقىنى كۆپتۈرۈۋالغان بىر ئېشەك ئەسكى تاملىقتىكى كۆلدە راسا ئېغىناپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتۇ - دە، ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىنلا «بۇ دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بارمىدۇ؟» دېگەن ئوي كەپتۇ. نېرى ئويلاپتۇ، بېرى ئويلاپتۇ، ئاخىر ھېچقانداق نېمىنىڭ ئېشەكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تاپالماپتۇ.

ئېشەك ئۆزىدىن ئۆزى رەنجىپ «توختا، مەن دۇنيادا بىر ياخشى ئىش قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئېتىمنى چىقىراي» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ياخشىلىق ئىزدەپ سەپەرگە چىقماقچى بوپتۇ. ئەنە شۇ ئوي بىلەن ئالمان - تالمان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ ۋە ئۈستىدىكى كۆللەرنى سىلكىۋېتىپ، بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرگە بارغاندا، بىر قوشقار يولۇقۇپ قاپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئېشەك ئاكا! سەپەر نەگە؟ — دەپ سوراپتۇ قوشقار. يولنى خېلى مېڭىپ زېرىككەن ئېشەك توختاپ تۇرمايلا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىنىم قوشقار، ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئۆزۈڭ مايسىلىرى چىرايلىق ئېتىز تەرەپتىن كېلىۋېتىپسەن، غېمىڭ يوق ئوخشايدۇ - ھە؟ — دەپتۇ.

— سىزدېچۇ؟ — دەپتۇ قوشقار.

— مەندىمۇ غەم يوق، لېكىن ئاتا - بوۋىمىز «تۇغۇلغانلار ئۆلىدۇ، يېگىنىمىز بولۇپ كېتىدۇ، ئەمما بىر ياخشىلىق

شۇنىڭدىن كېيىن قوزا تەۋەككۇل دەپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ-دە، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزى ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن بۆرى قوزىنى كۆرمەي قاپتۇ، بىراق كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئاچ بۆرىنى كۆرگەن بىچارە قوزا قورقىنىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۆرى قوزىنى بىر چىشلەپ بېسىپتۇ-دە، يەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن موماي كەلسە ئىشىك ئوچۇق تۇرغۇدەك، ئۆيگە كىرسە قوزىسىنىڭ پەقەت ئۇستىخانلىرىلا قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن موماي «ئاھ» دەپتۇ-دە، لېۋىنى چىشلەپتۇ، «سەن بۆرىگە بىر كۆرسەتمىسەم، توختا!» دېگەن ئويىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى موماي يېزىغا بېرىپ يەنە بىر قوزا سېتىپ كەپتۇ. ئۇنىمۇ خۇددى ئاۋۋالقى قوزىغا ئوخشاش بېقىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى موماي بوسۇغىنىڭ تۈۋىنى چوڭقۇر ئورا قىلىپ كولاپتۇ. تونۇرغا ناھايىتى كۆپ كۆكۈم يېقىپ، ئۇنىڭ قوقاسلىرىنى ھېلىقى كولىغان ئورىغا تۆكۈپتۇ-دە، ئۈستىنى بوش قىلىپ، بىلىندۈرمەي يېپىپ قويۇپتۇ. ئۆزى قاپ بىلەن كومزەكنى كۆتۈرۈپ تاغقا ماڭغان بولۇپ كېتىپتۇ-دە، ئاستاغىنا قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بۆرى مومايىنى كېتىپ قالدى دەپ ئويلاپ، بۇ قوزىنىمۇ يېمەكچى بولۇپ كەپتۇ ۋە: «تۇر-تۇر قوزام، تۇر-تۇر» دەپ ئىشىككە يېقىنلىشىشى بىلەنلا پالاققىدە قىلىپ ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىكى قوقاستا ئوتلىنىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە چىقىراپتۇ. شۇ چاغدا موماي چىقىپ: «ھە، قوزا يېگەندە مەززە قىلغان بولغىيتتىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ جازاسىنىمۇ تارتىپ كۆرگىن!» دەپ كۈلۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۆرى قوزىغا قەست قىلىمەن دەپ ئاخىر ئۆزى قوقاستا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ.

ئاچلىقتا بەكمۇ قىينالدىم. سىلەر ئۈچرىمىساڭلار، بۈگۈن ئۆلۈپ قالاتتىم، ھېلىمۇ ياخشى سىلەرنى «خۇدا» يەتكۈزدى، — دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ، — قېنى سىلەر تۆت ئىككەنسىلەر، ئاۋۋال بىرنى چىقىرىپ بەرگىن، بىر - بىردىن يەي.

ئىلاجىسىز قالغان ئېشەك بىر تەرەپتىن قورقسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن غەزەپلىنىپ:

— بوپتۇ، ئاۋۋال مېنى يەڭ، لېكىن تولا قورقۇتماستىن يەڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئارقا پۇتۇمنى كېرىپ بېرىمەن، شۇ تەرىپىمدىن كېلىپ قورسىقىمنى يېرىپ يەڭ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بۆرى، ئىشقىلىپ يېسەم بولىدىغۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— قېنى قانداق تۇرۇپ بېرىسەن؟ تۇرە چاپسان! — دەپتۇ.

ئېشەك ئۆز ژەددىسى بويىچە ئارقا ئىككى پۇتىنى كېرىپ بېرىپتۇ. بۆرى كېلىپ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن كىرىپ چىشلەي دېگەنىكەن، ئېشەك ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا بۆرىنىڭ بويىنىنى مەھكەم قىسىۋېلىپ «ھې، ھا ...، ھې ھا ...،» دەپ قاتتىق ھاڭراشقا باشلاپتۇ. قوشقار يۈگۈرۈپ كېلىپ بۆرىنىڭ بېقىنلىرىغا ئۈسكىلى تۇرۇپتۇ. ياغاچقا چىقىۋالغان خوراز «قى - قى - قىق تاياقنىڭ ئۇزۇنىنى كېسەيمۇ، قىسقىسىنىمۇ، يوغىنىنىمۇ ئىنچىكىسىنىمۇ؟» دەپ شاختىن - شاخقا سەكرەپ بېرىپتۇ، كىرپە بولسا، تۆشۈكتە تۇرۇپ ھېلى چىقىمەن، بىخ - بىخ، ھېلى چىقىمەن بىخ - بىخ، ھېلى چىقسام يامان قىلىمەن، تېرەڭنى تاسما قىلىمەن، گۆشۈڭنى ئاسما قىلىمەن، بۇنى قويۇپ بەرمە چىڭ تۇت» دەپ ۋارقىراپ بېرىپتۇ.

ئېشەكنىڭ قىسىشى، قوشقارنىڭ ئۈسۈشى، خوراز بىلەن كىرپىنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن ئەرۋاھى ئۇچقان بۆرى ئاران

ئۆلمەي مەڭگۈ قالىدۇ» دەپتىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈمدە بىر ياخشىلىق قالدۇراي دېگەن نىيەت بىلەن ياخشىلىق ئىزلەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

يالغۇز قېلىپ زېرىككەن قوشقارغا بۇ سۆز ناھايىتى يېقىپ كېتىپتۇ.

— سىزنىڭ بۇ سەپىرىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىكەن، مەنمۇ سىزگە ھەمراھ بولسام، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئېشەك.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى دوست يولغا چۈشۈپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا ئۇلارغا بىر خوراز قوشۇلۇپتۇ، يەنە بىر يەرگە بارغاندا بىر كىرپە قوشۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ دوستلار تۆت بولۇپ، بىر نەچچە كۈن ئۇزۇن - قىسقا يوللارنى، ئېگىز - پەس داۋانلارنى بېسىپ، ھارغىنىنى ئېلىپ، قالغاننى باشلاپ، يىقىلغاننى يۆلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئېيتىپ بىر چۆلدە كېتىپ بارسا، ئېچىقاپ كەتكەن بىر بۆرى قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قاپتۇ. بۆرىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ.

— سىلەر يوشۇرۇنۇڭلار، — دەپتۇ ئېشەك دوستلىرىغا ئىشارەت قىلىپ ئۆزى يول ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپتۇ. قوشقار بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا، خوراز بىر ياغاچنىڭ ئۈچىگە چىقىۋاپتۇ. كىرپە بولسا، بىر تۆشۈككە كىرىپ مۆكۈنۈپتۇ.

ھېلىقى ئاچكۆز بۆرى توپتوغرا ئېشەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ:

— نەگە ماڭدىڭلار، ئېشەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەپەرگە.

— بالدۇرراق چىقساڭلارچۇ بۇ سەپەرگە. سىلەرنىڭ كېچىكىشىڭلار مېنى بەك قىينىدى. يەتتە كۈندىن بېرى

# ھىيلە - مىكىر

بار ئىكەنۇ - يوق ئىكەن. بۇرۇنقى زاماندا كۆيقاپتا بىر توپ دىۋىلەر ياشايدىكەن، ئۇلار ھەر دائىم «ئادەمزاتنى قانداق قىلغاندا يەڭگىلى بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشىدىكەن، بىر كۈنى بىر قېرى دىۋە:

— ئادەمزاتنىڭ ھىيلە - مىكرىسى بار، ئەگەر بىز شۇنى بىلىۋالالايدىغان بولساق، چوقۇم ئۇلارنى يېڭەلەيتتۇق. بىراق ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىسىنى بىلمەك بەك تەس، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىر ياش دىۋە ئادەمزاتنىڭ ھىيلە - مىكرىسىنى بىلىپ كېلىشكە قەتئىي بەل باغلاپتۇ. ئۇ، باشقا دىۋىلەرگە قاراپ:

— مەن ئادەمزاتنىڭ ھىيلە - مىكرىسىنى بىلىپ كېلىپ، سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، ئاندىن بىز ئادەمزاتنى يېڭەيلى، — دەپتۇ.

ياش دىۋىنىڭ غەيرىتىگە بارلىق دىۋىلەر ئاپىرىن ئوقۇشۇپ، ئۇنى خۇشال - خۇرام يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ياش دىۋە كۆيقاپتىن چىقىپ كۆپ يول يۈرۈپتۇ. چۆللەرنى بېسىپ، سۇلاردىن ئۆتۈپ، بىر جاڭگالغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ، جاڭگال ئارىلاپ يۈرۈپ بىر ئوتۇنچىنى ئۇچرىتىپتۇ.

— ھەي ئوتۇنچى، ئادەمزاتنىڭ ھىيلە - مىكرىسى بار دەيدۇ. راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دىۋە.

— راست، — دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قاپتۇ دىۋىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتكەن ئوتۇنچى.

قۇتۇلۇپ، بىر پۇتىنى سۆرەپ، تىلىنى چىقىرىپ، شۆلگىيىنى ئېقىتىپ ئارقىسىغا قارىماي قېچىپتۇ.

بۆرىدىن ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇ تۆت دوست «دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنىڭ ياخشىسى بىرلىك ئىكەن، ئەگەر بىز تۆتىمىز بىرىكىپ، بىرىمىز ئۇنىڭ بويىنىدىن قىسىۋالمىساق، بىرىمىز ئۇسمىسەك، ئىككىمىز ۋارقىرىشىپ بەرمىسەك، ئۇ ھەممىمىزنى يەپ قويۇشى چوقۇم ئىدى. بىز ئەمدى زادى ئايرىلماس دوستلاردىن بولايلى» دېيىشىپ باشقىدىن چىن دوست بولۇشۇپ دۇنيادىن ئۆتۈشكەنىكەن.

ياش دۆتەي چىناردىن ئاجرىتىپ، سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۇرۇپتۇ. ياش دۆتە بىر ئاز ئېسىنى يىغقاندىن كېيىن، كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— ھەقىقەتەن ئادەمزاتنىڭ ھىيلە-مىكرىسى يامانىكەن، — دەپ گېپىنى تۈگىتىپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان دۆتىلەر ئالدىراپ:

— زادى ھىيلە-مىكرىنىڭ ئۆزى قانداق بولىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ياش دۆتە دەرھاللا ھېلىقى ئوتتۇنچىنىڭ بېلىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇنى چاناشقا باشلىغان ئورغىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ-دە:

— ئادەمزاتنىڭ ھىيلە-مىكرىسىنىڭ سېپى بولىدىكەن، ئۆزى ئەگرى ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا ئادەمزاتنىڭ ھىيلە ـ مىكرىـ سىنى كۆرسىتىپ قويساڭ، — دەپتۇ دىۋە.
— ئاپلا! — دەپتۇ ئوتۇنچى، — ھىيلە ـ مىكىر ئۆيدە قاپتۇ، بولمىسا كۆرسىتىپ قوياتتىم، ھازىر بۇ يىغقان ئوتۇنـ لىرىمنى بازارغا ئاپىرىپ ساتمىسام بولمايدۇ.
— ئوتۇنۇڭغا مەن قاراپ تۇراي، سەن ئۆيۈڭگە بېرىپ، ھىيلە ـ مىكىرنى ئېلىپ كېلىپ ماڭا كۆرسىتىپ قويساڭ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ دىۋە.
— مېنى ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئوتۇنۇمنى ئېلىپ قېچىپ كەتسەڭ قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، سەنمۇ يولۇڭغا كېتىۋەر، مەنمۇ ئۆز ئىشىمنى قىلاي،— دەپتۇ ئوتۇنچى.
— ئىشەنمىسەڭ مېنى مۇشۇ يەرگە باغلاپ قوي، مەن ئوتۇنۇڭغا قاراپ تۇراي، دەپتۇ دىۋە.
ئوتۇنچى ماقۇل بولۇپ، دىۋىنى يوغان بىر چىنارغا كېلىشتۇرۇپ چىڭ باغلاپتۇ، ئاندىن دىۋىگە قاراپ:
— ھىيلە ـ مىكىرنى كۆرمەكچى بولساڭ، مانا ئەمدى كۆرسىتىپ قوياي، — دەپتۇ ـ دە، بېلىدىكى ئورغاقنى ئېلىپ دىۋىنى چاناشقا باشلاپتۇ. قورقۇپ كەتكەن دىۋە جاڭگالنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ، بارلىق كۈچى بىلەن چىنارنى قومۇرۇۋېلىپ قېچىپتۇ.
كۆيقاپتىكى دىۋىلەر ھېلىقى ياش دىۋىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ياش دىۋە قاچە ـ قاچە ئاخىر كۆيقاپقا يېقىنلىشىپتۇ. ياش دىۋىنىڭ كەينىدىن بىر نېمىنىڭ چاك ـ توزان كۆتۈرۈپ سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆيقاپتىكى دىۋىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ مۆكۈۋېلىپتۇ. ياش دىۋە كۆيقاپ ئاغـ زىغا كېلىپ، ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. كۆيقاپتىكى دىۋىلەر ياش دىۋىنىڭ كەينىدىكى باشقا نېمە ئەمەس، يوغان بىر تۈپ دەرەخ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاستا ئاستا يېقىنلىشىپ،

بېرىپتۇ. قارلىغاچ:

— تىلىڭنى چىقىرىپ باققىنا، قېنى مەنمۇ تېتىپ باقاي، — دەپتۇ. پاشا تىلىنى چىقىرىپتىكەن، قارلىغاچ پاشىنىڭ تىلىنى چىشلىۋاپتۇ. پاشا يىلاننىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، يىلان «نېمىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن؟» دەپ سورىسا پاشا غىڭشىپلا تۇرغۇدەك، قارلىغاچ تامدا تۇرۇپ:

— پاشا پاقىنىڭ، كۆمۈتنىڭ قېنى تاتلىقكەن دەيدۇ، — دەپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىلان شۇندىن بېرى پاقا بىلەن كۆمۈتنى يەيدىغان بوپتۇ.

# پاشا نېمە ئۈچۈن غەمكەشمىدۇ؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر يىلان بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى چۆپلۈكنىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتسا، بېشىدىن بىر پاشا ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ، يىلان پاشىنى توختىتىۋېلىپ سوراپتۇ:

— مەن ساڭا بىر ۋەزىپە تاپشۇرسام ئورۇندامسەن؟ — پاشا رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

يىلان:

— ئانداق بولسا نېمىنىڭ قېنى تاتلىق بولىدىغانلىقىنى ماڭا كېلىپ ئېيتىپ بەر! — دەپتۇ. پاشا ماقۇل بوپتۇ.

پاشا يىلاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھەممىنىڭ قېنىنى شوراپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنىڭ قېنىنى شوراپتىكەن، ناھايىتى تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بۇنى يىلانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىدا، يولدا قارلىغاچ ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ پاشىدىن:

— ھەي، پاشىۋاي، نەگە ئالدىراپ ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پاشا:

— يىلان، جاھاندا نېمىنىڭ قېنىنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ماڭا خەۋەر قىلغىن دېگەنىدى، شۇنى بىلىپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ. قارلىغاچ:

— نېمىنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

پاشا:

— ئادەمنىڭ قېنى تاتلىق ئىكەن، — دەپ جاۋاب

ئۇلارنى «پاق - پاق» قىلىپ ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ئەمەسمۇ.

پاشىلار ئۇچۇپ كېلىپ يېزىدىكى ئوتلاقلارغا ۋە قومۇش-لۇقلارغا جايلىشىپتۇ، ئۇلار كۈندۈزلىرى قومۇش ۋە شىۋاق-لارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئۇلارنىڭ سۈلىرىنى شورايدىكەن. شامال چىقىپ قالغان چاغلاردا شىۋاقلارغا، قومۇشلارغا مەھ-كەم يېپىشىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاران تۇرغىنىغا قارىماي: «ھى، قويۇۋېتەيمۇ؟ ئەگەر قويۇۋېتىدىغان بولسام، ھازىر يىل-تىز - پىلتىزىڭ بىلەن شامال يۇلۇپ كېتىدۇ» دەيدىكەن. شامال توختىغاندىن كېيىن: «ئەگەر بىز بولمىغىنىمىزدا بىرىڭنى قويماي شامال يۇلۇپ كېتەتتى - دە» دەپ ماختىنىشىدىكەن.

ئۇلار كۈن ئولتۇرارغا يېقىن: «ئەتىدىن - كەچكىچە كۆكتاتلارنىڭ ئاق سۈيىنى شوراپ زېرىكىپ كەتتۇق، ئەمدى «پاق - پاق شەھىرى» گە بېرىپ كىشىلەرنىڭ قىزىل سۈيە-دىنمۇ ئىچىپ كېلەيلى، دەپ پادىنى ئەگىشىپ يېزىلارغا كىرىدىكەن. بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ شاپىلاقلىرىنىڭ ئاستىدا قېلىپ بىر قىسمى قىرىلىپ كېتىدىكەن.

پاشىلار ھەر كۈنى شۇنداق قىرىلىپ، كۈزگىچە تەگدىن تولىسىدىن ئايرىلىپتۇ - دە، قايتىپتۇ. يولدا ئۇلارغا ھېلىقى ئىككى توشقان بالىسى يەنە ئۇچراپ قاپتۇ، ئەمدى بۇلار ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ قالغانىكەن، ئۇلار قايتىپ كېلىۋات-قان پاشىلارنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ:

— ھە، غىجەكۋايلار، ئۇياققا كېتىپ بارغىنىڭلاردا نا-ھايىتى ئۇرغۇن ئىدىڭلار، ھازىر ناھايىتى ئاز قايتىپ كېلى-ۋاتىسىلەرغۇ، قالغانلىرىڭلار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— «پاق - پاق شەھىرى» نى ئالغانىدۇق، يېرىمىمىز شۇ يەردە تەرتىپ ساقلاپ قالدى. بىز بولساق كۆپ جەڭ-لەردە يۈرۈپ ھاردۇق، ئەمدى دەم ئالغىلى ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىپ بارىمىز، — دەپ ماختىنىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

## ماختانچاق پاشىلار

باھار پەسلى ئۆتۈپ، ياز باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر دالىنىڭ ئۈستىدىن ناھايىتى نۇرغۇن پاشا ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ئۇلار شۇنچىلىك ۋەھىمە بىلەن غىڭشىپ ئۆتۈپتۇكى، ھەتتا چىغلىقتا سەكرەپ ئوينىشىپ يۈرگەن ئىككى توشقان بالىسىمۇ قورققىنىدىن بىر تۈپ چىغنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. توشقان بالىلىرى چىغ تۈۋىدە قۇلاقلىرىنى دىككايتىپ قاراپ تۇرسا، ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان پاشىلارنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمىگۈدەك. ئۇلار بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «ئەجەبا، بۇ غىجەكۋايلار بۇنچە ۋەھىمە بىلەن نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىپ بارىدىكىن؟ ياكى بىرەر ئاپەت باشلىنىپ قالدىمىكىن؟! ئۇنداق بولغان تەقدىردە ۋاقىتنى كېچىكتۈرمەي بىزگىمۇ قېچىشقا توغرا كېلەر» دەپ ئويلاپتۇ ۋە پاشىلارنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە ۋە نېمىشقا كېتىپ بارغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ:

— ھاي غىجەكۋايلار! مۇنچە ۋەھىمە بىلەن نەگە كېتىپ بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

سىلەردەك زورۇقۋايلارغا ئوخشاش ئۆمرىمىزنى چىغ تۈۋىدە ئۆتكۈزەتتۇقمۇ؟! بىز شەھەر ئالغىلى، «پاك - پاك شەھەرى»گە جەڭگە كېتىپ بارىمىز، — دەپ ماختىنىشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ پاشىلار. ئۇلار ئاھالە ياشايدىغان جايلارنى «پاك پاك شەھەرى» دەپ ئاتايدىكەن، چۈنكى پاشىلار كىشىلەرنىڭ قېنىنى شوراش ئۈچۈن يۈزلىرىگە، قۇلاقلىرىغا، قوللىرىغا ۋە باشقا ئوچۇق جايلىرىغا قونغان چاغدا، ئادەملەر

维吾尔民间故事选（2）（维吾尔文）
阿布里米提·萨德克 编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码：（830001）
新疆新华书店发行 哈密地区印刷厂排版
新疆五家渠印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 8印张
1982年1月第1版 1993年11月第4次印刷
印数：38,301—41,250

ISBN7-228-00841-3/I·294 定价：2.10元